# ئەركىنجان ئەمەت ۋە ئەسەرلىرى

**يازغۇچى ئەركىنجان ئەمەت 1965- يىلى 4- ئاينىڭ 12- كۈنى ئاتۇش تا تۇغۇلغان. 2003- يىلى 3- ئاينىڭ 27- كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.**

## Contents


ئەركىنجان ئەمەت ۋە ئەسەرلىرى ..... 1
ئەركىنجان ئەمەت تەرجىمىھالى ..... 3
شەخس تونۇشتۇرۇلۇشى ..... 3
ئەدەبىي ئىزدىنىشلىرى ..... 3
ئەدەبىي نەتىجىلىرى ..... 3
ئەركىنجان ئەمەت ھەققىدە ..... 4
ئاكام ئەركىنجان ئەمەتنى ئەسلەيمەن ..... 4
«شاھى مەردان» ..... 11
»سايىدىكى ئورۇندۇق» قا قىسقىچە ئىزاھ ..... 13
ئەركىنجان ئەمەت ئەسەرلىرى ..... 14
نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلاردا كەلگۈسىشۇناسلىق مەدەنىيتى بارلىققا كەلمىدى؟ ..... 14
ئەركىنجان ئەمەت ھېكايىلىرى ..... 21
شاھى مەردان ..... 21
پارقىراق قوڭغۇز ..... 24
بىنەپشە ساراي ..... 28
سايىدىكى ئورۇندۇق ..... 38
باقىنىڭ كۈنلىرى ..... 45
ئۆستەڭ بويىدىكى چەۋەنداز ..... 55
مازار چاشقىنى ..... 61
ئۇ خەلقلەر ..... 74
قاغدام ..... 84
يەڭگىلتەك ئادەم ..... 87
سەن يەنە كېلىسەن ..... 90
مىراس ..... 97
ھۇقۇش ..... 101

# ئەركىنجان ئەمەت تەرجىمىھالى




## شەخس تونۇشتۇرۇلۇشى

ئەركىنجان ئەمەت 1965- يىلى 4- ئاينىڭ 12- كۈنى ئاتۇش تا تۇغۇلغان. 1982- يىلى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيەلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ناھىيەلىك پاختا زاۋۇتى، ناھىيەلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن. 1985- يىلى ئاتۇش شەھەرلىك سودا- سانائەت بانكىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. 1998-يىلى خىزمەتتىن چېكىنىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. 2003- يىلى 3- ئاينىڭ 27- كۈنى قىرغىزىستان دىن قايتىش سەپىرىدە 21 يولۇچى قاتارىدا بۇلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

## ئەدەبىي ئىزدىنىشلىرى

ئەركىنجان ئەمەت ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خەنزۇ تىلىدىن ياكى ئەدەبىياتتىن مۇنتىزىم دەرس ئاڭلاپ باقمىغان. كىچىكىدىن كىتاپ ئوقۇشقا ئامراق بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى دىكى كىتاپلار ئېھتىياجىنى قامدىيالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىكىدىن خەنزۇ تىلىنى ئۆگەنگەن ۋە بۇ تىل ئارقىلىق دۇنياغا داڭلىق پەيلاسوپلاردىن ھېيدىگىر، شوپىنخوئېر، نىچشى، سارتىرى، كامۇس، يازغۇچى-شائىرلاردىن بودلېر، رىمبو، ھېمىڭۋاي، دوكتوروۋ، نابوكوف، خوكىس قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە لاتىن ئامىرىكىسى پارتلاش ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندە ئەسەرلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ ئەتراپلىق بىلىم ئاساسى ھازىرلىغان. بۇ پەيلاسوپلار ۋە يازغۇچىلارنىڭ تەسىرىدە ئۆزىگە ۋە ئەسەرلىرىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇشنى ئۆگەنگەن.

## ئەدەبىي نەتىجىلىرى

يازغۇچى «تارىم» ژورنىلىنىڭ 1989- يىللىق 7- ساندا ئېلان قىلغان تۇنجى ئەسىرى «غورا تەمى» («قايتا ئۇچراشقاندا» دىگەن نامدا ئېلان قىلىنغان)دە ئۆزىگە خاس يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنى نامايەن قىلغان، بۇ ئىزچىللىقنى ئاخىرغىچە

داۋاملاشتۇرغان ۋە ئىجادىيەت ئۆنۈمى جەھەتتە دادىل ئىزدەنگەن. تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىنمۇ ئۆگىنىش ۋە يېزىشنى توختۇتۇپ قويمىغان.

# ئەركىنجان ئەمەت ھەققىدە

## ئاكام ئەركىنجان ئەمەتنى ئەسلەيمەن

**ئەسئەت ئەمەت**

مېھىر ـ شەپقەتلىك، مۇلايىم ئاشۇ ئاكامنىڭ قىرغىزىستاندا يۈز بەرگەن «27 ـ مارت پاجىئەسى»گە ئۇچراپ بىزنى مەڭگۈ ئويغاتقىلى بولمايدىغان دەھشەتلىك چۈش ئىچىگە تاشلاپ كەتكىنىگە ئەسلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئاكام ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كەم ئۇچرايدىغان ئەستايىدىل يازغۇچى ئىدى. ئائىلىدە مەسئۇلىيەتچان ئوغۇل، ئاكا ۋە ئۇستاز ئىدى. مېنىڭ بولسا قېرىندىشىم، دوستۇم، ھېچكىم ئورنىنى باسالمايدىغان پىكىردىشىم ھەم ئۇستازىم ئىدى. ئىنسانىيەت دۇنياسىدا كەم ئۇچرايدىغان بۇ ۋەھشىيلىك ئاكامنىڭ تېخى 38 ياشقا كىرمىگەن ياش ھاياتىنى ئېلىپ كەتتى. ئەگەر ئاكام داۋاملىق ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنمىغان بولسا ئۆز پەرزەنتىنى (سەككىز ياشلىق ئوغلى بابۇرجاننى) خۇددى ئۆز ئۆكىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىگەندەك تەربىيىلىگەن، كېسەلچان ئانىسىغا كۆيۈمچان ئوغۇللۇق مېھىر ـ شەپقىتىنى داۋاملىق يەتكۈزگەن، كىچىكلا دادىدىن يېتىم قالغان ئۆكىلىرىغا دادىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ ئائىلە باشلىقلىق يۈكىنى داۋاملىق ئۈستىگە ئالغان، يەنە نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت بايلىقىنى بېيىتقان، تەرەققىپەرۋەر ياشلارنىڭ ۋە مېنىڭ پىكىر قىلىش ۋە يېزىش ئىستىلىمغا داۋاملىق تەسىر كۆرسەتكەن بولاتتى.

ئاكامنىڭ ۋاپاتى ئائىلىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئەستايىدىل زىيالىيغا ئىنتايىن موھتاج ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈچۈنمۇ زور يوقىتىش بولدى. ئاكام 1965 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تۇغۇلغان بولۇپ، ئۆيدە ئالتە بالىنىڭ چوڭى ئىدى. مەن ئاكامنى ئاكام سۈپىدا مېنى ئەركىلىتىپ بېشىمغا بېشىنى تەگكۈزۈپ ئويناۋاتقان ھالدا تۇنجى ھېس قىلغانىدىم. ئۇ چاغدا مەن ئىككى ياشلاردا بولسام كېرەك. بىزنىڭ يېشىمىز دەل بىر يېرىم ياش پەرقلىنەتتى. ئانام ئاكامنىڭ بالىلىق دەۋرىنى

ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاكاڭلار كىچىكىدىن مىجەزى تىنچ ئىدى. زادى خاپا قىلمايتتى، بۇنداق بالىدىن ئۇنى بولسىمۇ ئاتا ـ ئانىغا ھېچقانچە ئېغىرچىلىق چۈشمەيتتى. ھەر بىرىڭلار تۇغۇلغاندا ئاكاڭلار قاتتىق خۇش بولۇپ كېتەتتى. بىز خىزمەتكە چىقىپ كەتكەندە سىلەرنى مەسئۇلىيەتچان چوڭ ئادەملەردەك كۆڭۈل قويۇپ باقاتتى ھەم >ئانا ماڭا يەنە ئۇكا تۇغۇپ بەر< دەپ كىچىك تۇرۇپلا ئۇكىلىرىنىڭ ئاۋارىچىلىقىنى تارتىۋاتقىنىغا قارىماي يەنە بىر ئۇكىلىق بولۇشقا تەقەززا بولاتتى. مەن بەش باللىق بولغاندا ئەمدى يەنە باللىق بولۇشقا سالامەتلىكىم يار بەرمەيدۇ دەپ قاراپ، بولدى قىلاي دېگەندە ئاكاڭلار يەنە شۇ ئەستايىدىللىقى ۋە مۇلايىملىقى بىلەن >يەنە بىر ئۇكا تۇغۇپ بەر، بۇدۇ بىرنى تۇغۇپ بەرسەڭ سىنى ھەرگىز خاپا قىلمايمەن< دەپ يېلىنىپ ۋەدە بەرگەن. ئاكاڭلارنىڭ تەلىپىنى يەردە قويغۇم كەلمەي كىچىك ئۇكاڭلارنى تۇغقان». كىچىك ئۇكام تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنى بېقىش ئاكامدىن ئاشمايتتى. ئاكام بىزدەك ئويۇن ـ تاماشاغا بېرىلمەي كۈن بويى كىچىك ئۇكامنى بويىنىغا مىندۇرۇپ ھەر يەردە ئوينىتىپ يۈرەتتى. كىچىك ئۇكام ئازراق بىرنەرسە چۈشىنىدىغان بولغاندا ئاكام ئۇنىڭغا ئۆزى توقۇغان ياكى دادام ئېيتىپ بەرگەن لەتىپە، چۆچەكلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ سۆزلەپ بېرەتتى. دادام ئۆلۈپ كەتكەندە بۇ كىچىك ئۇكام تۆت ياشتا بولۇپ، ئاكام ئۇنى تاكى ئالىي مەكتەپكە يولغا سالغۇچە ئۆزى بىر قوللۇق تەربىيىلىگەنىدى. خۇددى دادام بىزگە قىلغاندەك ئۇكامنىڭ دەرستىن سىرت ئوقۇيدىغان كىتابىنى ئۆكسىتىپ قويمىغان ھەم ئۇكام تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىلا ئۇنى ئىنگلىز تىلى ئۆگەن دەپ ھەيدەكچىلىك قىلغان ھەم شارائىت يارىتىپ بەرگەنىدى. ئۇكامنىڭ ئوقۇشتىن ياراتقان نەتىجىسىنى (ئۇ ھازىر ماگىستىرلىق ئاسپىرانتى) ئاكامنىڭ تەربىيىسىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. ئاكامنىڭ شۇنچە كۆپ چۆچەك، لەتىپىلەرنى نەلەردە ئاڭلاپ ئەستە تۇتىۋالغىنىغا ئەقلىم ھەيران بولاتتى. تېخى بۇ چۆچەكلەر تەكرارلانمايتتى. تەكرارلانسىمۇ ئالدىنقى قېتىمغا تامامەن ئوخشىمايدىغان نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشاتتى ھەم ئۇ چۆچەكلەر شۇنداق قىزىقارلىق، ئەھمىيەتلىك ھەتتا زېھىن سىناش تۈسىنى ئالغان بولۇپ، بىز ياكى كىچىك ئۇكام ھېچقاچان زېرىكىپ قالمايتتۇق. ئۇنىڭدەك قىزىقارلىق تەپسىلاتلارنى توقۇيالمايتتىم. مەن چۆچەك ئېيتسام ئۇكىلىرىمنىڭ چىرايىدىن زېرىكىشنى، كۆڭلۈمنى ئاياپ ئاڭلاۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىشقىنىنى بايقاپ قالاتتىم ـ دە، چۆچىكىم تېخىمۇ قۇلاشماي قالاتتى. ئاكام ھېچقانچە كۈچىمەيلا بىمالال ئېيتىۋېرەتتى. ئاكامنىڭ بۇ خىل ھېكايە توقۇش ئىقتىدارى كېيىن يېزىقچىلىقىدا تېخىمۇ ئېنىق نامايان بولغانىدى.

دادام خىزمەت ئېھتىياجى سەۋەبىدىن دائىم ئالدىراش يۈرەتتى ياكى سىرتلارغا، يېزىلارغا كېتىپ قالاتتى. ئاكام بولسا ئۆيدە ئانامنىڭ گەپ ئاڭلايدىغان ياخشى بالىسى ئىدى. كىچىكلەر چوڭلارنى دورايدىغان ئادەت بويىچە ھەممىمىز ئاكىمىزدەك بولۇشقا تىرىشاتتۇق. ئانامنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «ئۇ شۇنداق ياخشى تەربىيە كۆرگەندەك ئەدەپلىك، ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزىنى قانداق تۇتۇشنى بىلىدىغان بالا ئىدى. بىز ئەزەلدىن ئۇنىڭغا بىر ئېغىز نەسىھەت قىلىپ باقمايتتۇق، ئۇ ھەر خىل مىجەزدىكى باللار بىلەن چىقىشىپ ئۆتەلەيتتى. ئۇرۇشۇپ قالمايتتى». ئاكامنىڭ بۇ خىل ئېغىر ـ بېسىق، ھەممىلا ئادەمگە ئورتاق قارايدىغان ئادىتى ئىجادىيىتىگە ئالاھىدە كۈچ قوشقانىدى.

دادام ئائىلە ئىقتىسادىمىزنىڭ ناچار بولۇشىغا قارىماي ئۇيغۇر تىلىدا چىققان ھەرقانداق كىتابنى ئېلىپ بېرەتتى. ئۇ كىتابلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ چىقىدىغان يەنىلا ئاكام ئىدى. ئاندىن ئۆزى ياخشى دەپ قارىغان ئەسەرلەرنى بىزگە ئوقۇپ بېرەتتى. كىتاب ئوقۇش ئائىلىمىزنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكنىڭ يېتىلىشىدە دادامدىن قالسىلا ئاكامنىڭ ھەسسىسى كۆپ ئىدى. ئانام بىزنىڭ «كىتاب خالتىسى» بولۇپ قېلىپ، جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىشىمىزنى خالىمايتتى. شۇڭا ئانام «ئويناپ كىرىڭلار» دەپ سىرتقا قوغلىسا بىز قىرائەتخانىغا بېرىۋالاتتۇق. قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى شۇ قىرائەتخانا شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ، كېچىلىرىمۇ داۋاملىق ئوچۇق بولاتتى. كىتابلىرى كۆپ، ئىچى ناھايىتى كەڭ، ئازادە ئىدى. ھەتتا ھازىرمۇ ئۇنداق ياخشى باشقۇرۇلغان، كىشىلەرگە ھەقىقىي نەپ بېرىدىغان قىرائەتخانا چوڭ شەھەرلەردىمۇ كەم ئۇچرايدۇ. قىرائەتخانا كىتابلىرىنى سىرتقا ئىجارىگىمۇ بېرەتتى. دادام ئالدىراشلىقىغا قارىماي بىز سېتىۋالالمىغان ياكى بۇرۇن چىققان كىتابلارنى داۋاملىق ئىجارىگە ئېلىپ بېرەتتى ۋە كېچىكتۈرمەي ئالماشتۇرۇپ بېرەتتى. ئاكام ئىككىمىزنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى شۇ قىرائەتخانىدا ئۆتكەنىدى. قىرائەتخانا تازىلىق ياكى يىغىن سەۋەبىدىن ئېچىلماي قالسا نەگە بېرىشىمىزنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالاتتۇق. مەن تاكى 1984 ـ يىلى ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتكىچە كېچە ـ كۈندۈز بىللە ئىدۇق. ئۆيدە ئاكا ـ ئۇكا، سىرتتا يېقىن دوست ئىدۇق. ھەۋەسلىرىمىزمۇ، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمىزمۇ ئوخشاش ئىدى. 1982 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادام ئالەمدىن ئۆتتى. ئانام 37 يېشىدا ئالتە بالا بىلەن تۇل قالدى. باللارنىڭ چوڭى ئاكام 17 ياشتا، كىچىك ئۇكام تۆت ياشتا ئىدى. ئاكام شۇ يىلى دادامنىڭ ئورنىغا خىزمەتكە چىقىپ ئۆينىڭ دەردىنى

ئانام بىلەن تارتىشقا كىرىشتى. ئاكامنىڭ ئالىي مەكتەپتە مۇنتىزىم تەربىيە كۆرۈش ئارزۇسى بولسىمۇ دادامنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئالىي مەكتەپكە قايتا ئىمتىھان بېرىش (تۇنجى يىلى ئۆتەلمىگەن، مەكتەپنىڭ نەتىجىسى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەن بولۇپ قالغان) ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىپ، خۇددى چوڭلاردەك ئائىلىنى قامداش ھەلەكچىلىكىگە چۈشۈپ كەتتى. ئاكام تاكى پاجىئەگە ئۇچرىغۇچە بىرەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ مۇنتىزىم بىلىم ئاساسى ھازىرلاش نىيىتىدىن ۋاز كەچمىگەنىدى. 2000 ـ يىلى شىئەندىكى بىر ئالىي مەكتەپتە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ئالاقىلىشىپ ئۆيدىكىلەر بىلەن پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمەي بارالمىغانىدى. مەن تەسەللى بېرىپ «ئالىي مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغانلارمۇ جىق ئۆگەنسە سەنچىلىك ئۆگىنىدۇ» دېسەم، ئاكام «خوتۇن ـ بالىنىڭ، دوست ـ بۇرادەر ۋە زۆرۈرىيەتسىز باردى ـ كەلدى مۇئامىلىلەرنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىماي ئۈچ ـ تۆت يىل ۋاقىتنى ئۆگىنىشكە قارىتىۋالسام سەۋىيەممۇ ئۆسۈپ قالاتتى، كاللاممۇ ئارام تېپىپ قالاتتى» دېگەنىدى. ئاكام ناھىيىلىك پاختا زاۋۇتىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان بولۇپ، ئورنى ناھىيە سىرتىدا ئىدى. ئاكام خىزمىتى قانچە جاپالىق، ئالدىراش بولسىمۇ كىتابنى قولدىن چۈشۈرمەيتتى. كېيىن دادام خىزمەت قىلغان ئەمگەك ـ كادىرلار ئىدارىسىغا قاراشلىق ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىگە يۆتكەپ قويۇلدى. ئاكام شۇ چاغلاردا ئۆزلۈكىدىن خەنزۇچە ئۆگىنىپ، خەنزۇچە كىتاب ئوقۇشقا كىرىشكەن ھەم خەنزۇ مەتبۇئاتلىرىدا تونۇشتۇرۇلۇشقا باشلىغان غەرب پەلسەپىسىگە قىزىقىپ قالغانىدى. ئاكام ماڭا فرانسىيە پەيلاسوپى كامۇس (ئۇيغۇرچىغا كىماس دەپ تەرجىمە قىلىنغان)نىڭ «شىشفىس ئەپسانىسى» دېگەن ئەسىرىدىن ھېس قىلغانلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن ۋە ئۇيغۇر تىلىدا توختىماي نەشر قىلىنىپ تۇرىدىغان، ۋاقتى ئۆتكەن پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدا يېزىلغان، ئادەمنىڭ تەپەككۇرىغا ھېچقانداق يېڭىلىق ئېلىپ كەلمەيدىغان كىتابلار دۆۋىسى ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىمغا زور ياردەم بەرگەنىدى. ئاكام يەنە سارتىر، شوپىنخائۇئېر، نىتزى قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيىلىرىنى تونۇشتۇرغان ماقالىلەرنى ئوقۇپ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشكەن. ئۇ چاغلاردا خەنزۇچە مەتبۇئاتلاردىمۇ ئۇلارنىڭ مەخسۇس ئەسىرىنى تېپىش تەس بولۇپ، قەشقەردىن تېپىش تېخىمۇ مۇشكۇل ئىدى (بۇنداق كىتابلارنى ھازىر ناھىيىلەردىمۇ تولۇق تاپقىلى بولىدۇ. ئۆگىنىش ئىرادىسى بولسىلا شارائىت ھازىر بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشى). مەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەندىن كېيىن بىر تەتىلدە ئاكامغا شوپىنخائۇئېرنىڭ «مۇھەببەت ۋە ھاياتنىڭ دەرد ـ ئەلىمى» دېگەن ئەسىرىنى، نىتزىنىڭ بىر پارچە شېئىرلار توپلىمىنى ئالغاچ بارغان. ئاكام مەن خۇددى گۆھەر ئالغاچ بارغاندەك ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ كىتابلارنى ئوقۇپ تەسىراتلارنى سۆزلەپ بېرەتتى، مۇھىم دەپ قارىغان يەرلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى (مەن گەرچە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولسامۇ خەنزۇچە سەۋىيەم ئاكامدىن كۆپ تۆۋەن ئىدى). مەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلاردىلا يازغۇچى بولۇش كويىدا تىمىسقىلاپ يېزىش مەشقى قىلاتتىم، يازغانلىرىمنى ئاكامغا كۆرسەتسەم، ئاكام «ھېكايىگە ئوخشاپتۇ» دەپ قوياتتى. ھازىر ئويلىسام خىلمۇ خىل ۋەقەلەرنى قوغلىشىپ يازغان، پىكىر ياكى يېزىش ئۇسۇلىدا ھېچقانداق ئۆزگىچىلىك يوق، ئىجادىيەت دېگىلى بولمايدىغان (ئىجادىيەت دېگەن سۆز يېڭى بولۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى) ئۇ ئەسەرلەر تولىمۇ كۈلكىلىك ئىدى. ھەتتا 1984 ـ يىلى يازغان، 1989 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا كۈتمىگەندە ئېلان قىلىنىپ كەتكەن (بۇنداق دېيىشىم، ئۇ ئەسەرنى 1985 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىكى بىر تونۇشىمىز بىرەر ژۇرنالدا ئېلان قىلدۇرۇپ بەرمەكچى بولۇپ ئېلىپ قېلىپ تۆت يىلدىن كېيىن، مەن ئۇنتۇپ قالغاندا تۇيۇقسىز ئېلان قىلىنىپ كەتكەن) «قەلەندەرنىڭ سەدىقىسى» ناملىق ھېكايەمنى ئاكامنىڭ ياراتمىغىنى ئۈچۈن نەچچە يىل ئىچىمدە نارازى بولۇپ يۈرگەنىدىم. ئاكامغا ئۇ ھېكايىنى ئوقۇپ بەرسەم، ئاكام «ۋەقە يازاي دېسەڭ ۋەقە دېگەن كوچىدا جىق، يولنىڭ ئاسىنىنى تېپىۋالدىڭمۇ نېمە؟» دەپ تەنە قىلغانىدى. ئاكامنىڭ بىر ئىشلارغا ئىزاھات بەرمەيدىغان ئادىتى كۆپ ھاللاردا ئارىمىزدا ئۇقۇشماسلىق كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. ئەمما كۆپ ھالدا ئۇنىڭ دېگىنى توغرا چىقاتتى. ھېچقانچە ئۆگەنمەيلا ۋەقە توقۇش، پېرسوناژ تەسۋىرلەشنىلا بىلىۋېلىپ ھېكايە، پوۋېست يېزىپ كەتكەن ھەم يازغان شۇ نەرسىلىرىمنى ھاياجان بىلەن باشقىلارغا ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالقىش ياڭرىتىشىنى تەمە قىلىپ ئۆتكۈزگەن شۇ يىللاردا ھېچقاچان ھېكايىلىرىمغا ئاكامدىن ياخشى باھاغا ئېرىشىپ باقمىغانىدىم. شۇڭىمۇ ئاكامغا كەمدىن ـ كەم ئەسەر ئوقۇپ بېرەتتىم. كۆپرەك ئاكامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتىم. ئىچىمدە ئاكام پەلسەپەگە قىزىقىدۇ، ئەدەبىياتتىن خەۋىرى يوق دەپ ئويلايتتىم، ئەمەلىيەتتە پەلسەپەنىڭ تۇرمۇشنى، جەمئىيەتنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى، تۇرمۇشنى، جەمئىيەتنى چۈشەنمەي ھەقىقىي يازغۇچى بولماق دېيىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى يەنىلا ئاكامدىن ئۆگەنگەنىدىم. ئاكامنىڭ بىلىمى كۆزقارىشىمغا، ئىجادىيىتىمگە كۆپ تەسىر كۆرسەتكەن، ئەسەرلىرىمگە بۇرۇنقىدىن قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئاز يازىدىغان، كۆپرەك ئۆگىنىدىغان بولغانىدىم. ئاكامنى ياش زىيالىيلار ئارىسىدا غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئەڭ بالدۇر ئۇچراشقانلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولاتتى. ئاكام مەدەنىيەتنى ئالغا كەتكەنلەرنىڭ بىلىمىنى ئۆگىنىش ئارقىلىقلا بېكىنمە، تار ھالەتتىكى يەرلىك مەدەنىيەتنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇن ھېس قىلغانىدى. ئەمما ئاكام بىر ئۆمۈر

خۇددى ھېچنەرسە بىلمەيدىغان ئوقۇغۇچىدەكلا كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەندى. بىلىمدانلىق قىلىدىغان سورۇنلاردىن ئۆزىنى تارتىپ كەلدى.

1984 - يىلى ۋە 1985 - يىلى چوڭ سىڭلىم ئىككىمىز ئىلگىرى - كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئۆتتۇق. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى تېخىمۇ ئاشتى. ئانامنىڭ دېيىشىچە، تا بىز ئوقۇش پۈتتۈرگەن 1989 - يىلىغىچە ئاكام مائاشىنى ئانامغا تولۇق تاپشۇرۇپ، بىر پۇڭنىمۇ ئىسراپ قىلماي، ئۆزى يوقسۇز ياشاپ كەلگەنىكەن. ئەمما بىر قېتىممۇ مىننەت قىلىپ باقمىغان. مىننەت قىلماسلىق ئاكامنىڭ ئەڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ تاكى توي قىلىپ ئۆي ئايرىغىچە ئاكامنىڭ مائاشى ھېچقاچان ئاكامنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي مۈلكى بولۇپ باققان ئەمەس ئىدى.

بىز ئالىي مەكتەپكە كەتكەن يىلى ئائىلىمىز قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىن ئاتۇشقا كۆچۈپ كەلگەنىدۇق. ئاكام شۇ يىلى قەشقەرلىك بىر قىز بىلەن مۇھەببەتلەشكەن، ئۇلار بىر - بىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈشكەنىدى. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇلارنىڭ سۆرۈشۈپ يۈرۈشىنى ياقتۇرماي «توي قىلمىسا قىزىمىزنى ئاۋارە قىلمىسۇن» دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ چاغ ئائىلىمىز ئاتۇشقا يۆتكىلىپ، ئانام يۆتكەلگەن سىفەن مەكتەپنىڭ ئۆيى بولمىغاچقا، ئانام شەخسىي ئۆي سېلىشقا كىرىشكەن، ئانام بىلەن ئاكامنىڭ مائاشى ئۆي سېلىش ۋە سىڭلىم ئىككىمىزنى ئوقۇتۇش ۋە باشقا بەش جان بار ئائىلىنى قامداشقا يەتمەي نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلغان بولغاچقا، ئانام توي قىلىپ بېرىشكە چارىسىز قالغان، ئاكامۇ ئانامنى خىجىل قىلمىغان، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەنىدى. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى شۇ يىلى قىزنى باشقا ئائىلىگە ياتلىق قىلماقچى بولغان، قىز ئاتا - ئانىسىغا ھەرقانچە قارشىلىق كۆرسىتىپمۇ ئاتا - ئانىسىنى قايىل قىلالمىغان. ئانام كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بۇ تۈنجى زەربىسىدىن ئاكامنى ساقلاپ قېلىشقا بارلىق تىرىشچانلىقنى كۆرسەتكەن، ھەرقانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىش نىيىتىگە كېلىپ ئەلچى بولۇپ بېرىپ نۇرغۇن ۋەدە بەرگەن، ئەمما قىزنى ئاتا - ئانىسى «قىزىمىزنى ئاتۇشقا ياتلىق قىلمايمىز، جاپا تارتىپ قالىدۇ، قىزىمىز كىچىك بولغاچ بىلەلمەيۋاتىدۇ، ئەگەر ئەركىنجاننى قەشقەرگە يۆتكەپ قويساڭلار، بۇ تويغا قوشۇلاتتۇق» دېگەن شەرتنى قويغان، ئاكام ئانامنىڭ ۋە ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە روھىي يۈلەنچۈكى (چوڭ سىڭلىم ئىككىمىز ئالىي مەكتەپتە يەنە تۆت يىل ئوقۇيتتۇق) بولۇپ، ئانامغا ھەمراھ بولمىسا بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئانام دادامنىڭ خىزمەتداشلىرى ئارقىلىق يول ماڭغان، ئەمما ئاكام ئائىلە ئەھۋالىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇ ئىشنى خىيالدا يوقتەكلا بولدى قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ ئائىلىسى قىزنى ئۆزلىرى خالىغان ئائىلىگە ياتلىق قىلىۋەتكەن. قىز شۇ چاغدا ئۆلۈۋالىمەن دەپ ماشىنىنىڭ ئالدىغىمۇ ئۆزىنى تاشلىغانىكەن.

ئانام «ئاكاڭ بىلەن مىجەزى شۇنچە چىقىشىدىغان، ئاكاڭنىڭ بىر ئىشلارغا ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان ئارتۇقچىلىقىنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ئاجىزلىقىدىن پايدىلانمايدىغان ئۇنداق قىزدىن يەنە بىرنى كۆرمىدىم» دېگەنىدى. ئانام ئۇ قىزنى ئاكامغا ئېلىپ بېرەلمىگىنى، دەسلەپ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى توي قىلىۋېتىش تەلىپىنى قويغاندا ئىقتىساد سەۋەبىدىن دەرھال ماقۇل دېيەلمىگىنى، بولۇپمۇ ئاكامنىڭ تاللىشىغا قاراپ ئولتۇرماي ئاكامنى قەشقەرگە يۆتكەپلا تويىنى قىلىۋەتمىگىنى ئۈچۈن ئۆزىنى كۆپ ئەيىبلىگەنىدى. ئاكام ئۇ ئىشنى ئانامنى خىجىل قىلماسلىق ئۈچۈن ئوڭايلا بولدى قىلغانىكەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ يىلتىزى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى بىز كېيىنكى بىلگەنىدۇق. ئۇ قىز توي قىلىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇزۇن يىللارغىچە ئاكام ئۇ قىزنى يوقلاپ تۇراتتى. ئاكامنىڭ ئۇ قىزنى يوقلىشىدا باشقىچە نىيەت يوق بولۇپ قىزنىڭ بەختسىزلىكىگە تەسەللىي بېرىشنى مەقسەت قىلغانىدى. شۇ ئىشتىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر تەتىلدە ئاكام بىلەن قەشقەرگە كىرگەنىدۇق (ئاكام قەشقەرگە ئاساسەن كىتابخانىغا يېڭى كىتاب چىققان - چىقمىغىنىنى بىلىش ئۈچۈن كىرەتتى). ئاكام ئۇ قىزنى يوقلاپ ئۆتمەكچى بولدى. مەن سىرتتا ناھايىتى ئۇزۇن ساقلىدىم، ئاكام چىققاندىن كېيىن يولدا كېتىۋېتىپ ئاكامنىڭ ئۆزىنى ھەرقانچە بېسىۋېلىشقا تىرىشىپمۇ كۆز يېشىنى تۇتۇۋالالمىغىنىنى كۆرۈپ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالغانىدىم. ئاكام ئۇ قىزنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇيالمىغان بولسىمۇ، ھېچقاچان ئانامغا «مەن ھەرقايسىڭ ئۈچۈن بەختىمنى قۇربان قىلغان» دەپ مىننەت قىلىپ باقمىغان. ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكى ئاكام 17 ياش چاغدىلا زىممىسىگە چۈشكەچكە تۇرمۇش غېمى ئاكامنى ھەممىمىزدىن ئېغىر - بېسىق، جىمغۇر قىلىۋەتكەنىدى. ئاكام كۆپ ئادەم بىلەن ئارىلاشماي بارلىق ۋاقتىنى كىتاب ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە قاراتقانىدى. مەن تەتىلدە ئالغاچ كەلگەن ياكى ئۆزى ئىزدەپ تاپقان كىتابلار ئارقىلىق دۇنيانىڭ ئەڭ يېڭى ئەقىل - پاراستى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتى بىلەن داۋاملىق ئۇچرىشىپ تۇرغان. ياخشى كىتابلارنى ئوقۇيالىغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلغانىدى. ئاكام فرانسىيە سىمۋولىزمچى شائىرلىرىدىن

بودلىر، رىمبو (ئۇلار دۇنيا ئەدەبىياتىغا دەۋر بۆلگۈچ تەسىر كۆرسەتكەن شائىرلار بولۇپ، ئاكام شېئىر يازمىسىمۇ ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيتتى) قاتارلىقلارنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى يادلىۋالغان، دۇنيا پروزىچىلىقىدىكى روبى - گىرىللى، ناباكوف، بورخىس، جون خوكس قاتارلىق ئەدەبىيات ئۇستازلىرىنىڭ رومانلىرى ۋە نەزەرىيە ئەسەرلىرىنى قايتا - قايتا ئوقۇغان، نۇسخا ئېلىش ئاپپاراتى يوق شۇ يىللاردا ئارىيەت ئالغان كىتابلاردىن نەچچە يۈز بەتلەپ ماتېرىياللارنى قولى بىلەن كۆچۈرۈپ خاتىرە قالدۇرغانىدى. ئاكام چارچاپ كەتكەن ياكى قولى ھېچ ئىشقا بارمىغان چاغلاردا دۇنيا كلاسسىك مۇزىكىلىرىنى ئاڭلايتتى. ئاكام 1983 - يىللاردىلا دادامدىن قالغان پاتىفون تەخسىلىرىنى پاتىفون تېپىپ كېلىپ ئاڭلاپ مۇزات، بىتخوۋېننىڭ ۋە مەن ئاڭلاپ باقمىغان مۇزىكانتلارنىڭ مۇزىكىلىرىغا ئىشتىياق باغلاپ قالغان. مۇزىكىدىن ھۇزۇرلىنىش ئاكامنىڭ ئەڭ راھەتلىك تۇرمۇشى ئىدى.

ئاكام تۇنجى ھېكايىسىنى 1987 - يىلى ماڭا كۆرۈپ باق دەپ ئەۋەتىپ بەرگەن. ھېكايىنىڭ ماۋزۇسى «غورا تەمى» («تارىم» ژۇرنىلىدا «قايتا ئۇچراشقاندا» دېگەن نامدا ئېلان قىلىنغان) ئىدى. شۇ چاغقىچە ئاكام ماڭا بىرەر پارچە ئەسەر كۆرسىتىپ باقمىغان ھەم بىلىشىمچە تېخى ئەسەر يېزىشىمۇ مۇشۇ ئىدى. مەن يېزىشقا دەۋەت قىلسام «قامالاشمىغان بىرەر نەرسە يېزىپ سېلىپ نومۇسقا قالماي دەيمەن» دېگەنىدى. ئاكامنىڭ  بۇ خىل ئېھتىياتچانلىقى ئاكامنىڭ ئاز يېزىپ كۆپ ئۆگىنىش، ھەرقانداق ئەھۋالدا بىلمىدانلىق قىلماسلىقنى بەلگىلىگەن. يازغانلىرىنىمۇ كۆپ پىششىقلايتتىكى، ئېلان قىلىشقا ھەرگىز ئالدىراپ كەتمەيتتى. كىملەرنىڭدۇ بىلىم سەۋىيىسى يېتىشمىسىمۇ جەمئىيەتتىكى ئەستايىدىللىق ۋە مەلۇم سەۋىيە تەلەپ قىلىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە يەڭگىللىك بىلەن  تەھلىل يۈرگۈزۈپ كەتكەن ماقالىلەرنى كۆرسە «ئۇ ھەجەپ قاپ يۈرەككەن، نومۇسقا قېلىشتىن قورقمامدىغاندۇ» دەپ ھەيران قالاتتى. ئاكام ھەممە ئىشتا نومۇسنى مۇھىم ئورۇنغا قوياتتى. ئاكامنىڭ تۇنجى ھېكايىسىدىلا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى  بايانلىرى پۇختا، ئېنىق بولغان، ئوشۇق تەپسىلات، ئارتۇق سۆز - جۈملە ياكى يەڭگىلتەكلىكتىن ساقلانغان سەنئەتكارغا خاس ئىجادىيەت ئىستىلىنى نامايان قىلغان بولۇپ، بۇ بارلىق ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ داۋاملاشتى ھەم ئەسەرلىرى ۋاقتىسېرى يۇقىرى سىغىمچانلىقتا، جەمئىيەت ۋە سەنئەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە كۈچلۈك ئەستايىدىللىقتا قاراپ تەرەققىي قىلدى.

ئاكام 1991 - يىلى يازدا ماڭا «مازار چاشقىنى» ناملىق ھېكايىسىنى كۆرۈپ باق دەپ بەرگەنىدى. ئاكام ھېكايىنى بىر يىل بۇرۇن يازغان بولسىمۇ قانداق يېزىلغىنىغا ھۆكۈم قىلالماي ئىككىلىنىپ يۈرۈپ ئاخىر ماڭا كۆرسىتىش نىيىتىگە كەلگەنىكەن. مەن ئوقۇشقا ئۈلگۈرمەيلا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى، شائىر ئارسلاننىڭ ئاتۇشقا تۇغقان يوقلاشقا كېلىپ قايتىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ ئەسەرنى كۆرۈپ بېقىشقا بەرگەن. ئاكام مېنىڭ كۆرۈپ باقمايلا بېرىۋەتكىنىمدىن ئاغرىنغانىدى. ئاكامنىڭ داۋلىسى «ئەسەر ياخشى چىقمىغان بولسا تاسادىپىي ئېلان قىلىنىپ كەتسە خەق يا مېنى ئەيىبلەيدۇ ياكى مەسخىرە قىلىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. مەن ئاكامنىڭ كۆپ كىتاب كۆرگەن ھەم ئۆزىنىڭ ئەستايىدىل ئىكەنلىكى ئۈچۈنلا ئەسەرنى ئىككىلەنمەيلا بېرىۋەتكەنلىكىمنى چۈشەندۈرسەم، ئاكام مېنىڭ ھەرىكىتىمنى يەنىلا ئانچە خالاپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئېپادىلىگەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئاكامدا ئەسەرنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا كۆپ ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەنىدىم. ئاكامنىڭ جاھاندا ياشاپ جاھاننىڭ ھېچ خوۋلىقىنى كۆرمىگەن، ئاجىز، يارامسىز قاڭقى مەمەتنىڭ مومىسىنىڭ ھوشۇقىنى  قولتۇقىغا تىڭشۇپ راۋاج تاپقانلىقى ۋە مومىسىنىڭ ھېچقانچە كۈچ كەتمەيدىغان  ئۈمىدىنى ئۈنتۈپ قېلىپ مومىسىنىڭ ئەرۋاھى تەرىپىدىن يەنە تاشلىۋېتىلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن بۇ سىرلىق ھېكايىسى خۇددى قاڭقى مەمەت قولتۇقىغا تىڭشۇۋالغان، پاش بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ يوشۇرۇپ يۈرگەن ئاشۇ قورقۇنچلۇق ھوشۇقتەك ئاكامنى دەككە - دۈككىگە سېلىپ قويغاندەك، بۇ ھېكايە ئېلان قىلىنىپ كەتسە قاڭقى مەمەتنىڭ ئەپتى - بەشىرىسى ئېچىلىپ قېلىپ نەس باسقان قاڭقى مەمەتكە ئۇۋال قىلىپ قويىدىغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغاندەك ئىدى. ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مەن ئەسەرنى قايتا - قايتا ئوقۇپ ئاكامنىڭ غەيرەت - شجائىتى، پىكىر قىلىشتىكى دادىللىقىدىن كۆپ ئىپتىخارلانغانىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئاكام يىلدا بىرقانچە ياكى نەچچە يىلدا بىرەر دېگۈدەك ئەسەر ئېلان قىلغان بولۇپ، ئاكامنىڭ ئاز يېزىشىدىن كۆپ ئىچىم پۇشقانىدى. ئاكام ئائىلە شارائىتىنىڭ كىتاب ئوقۇش ۋە يېزىشقا ماس كەلمەي قالغانلىقىدىن كۆپ ئەپسۇسلانغان، ئاندىن بانكىنىڭ مۇنتىزىم ئىش تۈزۈمى قوشۇلۇپ كىتاب كۆرۈش ۋە يېزىقچىلىققا پۇرسەت ئاز چىقاتتى.

ئەقىل - پاراسەت ۋە ئىلغار مەدەنىيەت ئاساسى ئاجىز ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى ئىقتىسادىي ئىسلاھات يولغا قويۇلغان شارائىتتا دەل يۇقىرىقى ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن، پۇلنىڭ رولىنى زىيادە كۆپتۈرۈۋەتتى. پۇلنىڭ قىزىقتۇرۇشى ھەممىنى بېسىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ھەممىلا ئادەم قولىدىن نېمىلا كەلسۇن شۇنى نەق ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇش نىيىتىگە چۈشكەن، قولىدىن

كېلىدىغان ئىشى نەق پۇلغا يارىمسا يارامسىز سانىلىدىغان، «زىيالىي دېگەننى ئىككى تەڭگىگە سېتىۋالغىلى بولىدۇ» دېگەن سۆز ھېچكىمنى ئەجەبلەندۈرمەيدىغان بولدى. باشقا مىللەتلەردە ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ بۇنداق كەمسىتىلىشى مۇشۇ زاماندا ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان ھادىسە بولسا، ئۇيغۇرلاردا ئەسلىدىن شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك كەيپىيات شەكىللەندى. زىيالىيلارنىڭ ئۆز ئىززەت – ھۆرمىتىنى ساقلاپ، خەلقنىڭ روھىي بايلىقى ۋە ئەقلىگە تەسىر كۆرسىتىشنى نىيەت قىلىپ ياششى كۆلكىلىك سانىلىدىغان بولغاچقا، بۇ خىل نىيەتتە ياشايدىغانلار بارغانچە ئازايدى ھەم ئىقتىسادنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى نۇرغۇن سالاپەتلىك زىيالىيلارنىڭ ئەپتى – بەشىرىسىنى ئاشكارىلىۋەتتى. ھەممىلا ئادەم پۇلغا بېرىلگەن مۇشۇنداق بىر جەمئىيەتتە نەق ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يوق (يەنە تېخى ئاكام ھاياتىدا يېزىقچىلىق قىلىپ قەلەم ھەققى ئېلىپ باقمىغان دېيىشمۇ بولاتتى. ئاكام قەلەم ھەققىلىرىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئۇكامغا ياكى داۋالىنىش خىراجىتى قىلىشمىغا بۇيرۇپ بەرگەن، ئەڭ قىيىن ئەھۋاللىرىدىمۇ بۇنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەندى). سەنئەتكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئادەمدىن كۆپ غەيرەت، شجائەت ھەم مەنىستىمەسلىك ۋە تاپا – تەنە قىلىشلارغا ئالاھىدە بەرداشلىق ئىقتىدارى تەلەپ قىلاتتى، ئاكامدەك كۆڭۈل ئاغرىتمايدىغان، جېدەل خالىمايدىغان ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ روھىي ئېھتىياجى ئۈچۈن ياششى ۋە بۇنىڭغا كۆپلەپ ئىقتىساد، ۋاقىت ئاجرىتىشى تېخىمۇ كۆپ سىناققا دۇچ كەلگەندى.

1998 – يىلى ئاكام ئۆزى بىر ئۆمۈر شۇغۇللىنىشنى نىيەت قىلغان يېزىقچىلىقىغا پۇرسەت يارىتىشتىن ئىبارەت دەۋرىمىز ئۈچۈن «ئىنتايىن ساددا بىر ئىستەك» بىلەن خىزمەت ئىستاژىنى سېتىپ خىزمەتتىن چېكىنىپ چىققان. ئاندىن تۇنجى قەدەمدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ بىرىدە ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگەچ قولىقى تىنچ ھالدا ئۈچ – تۆت يىل كىتاب كۆرۈپ، يېزىقچىلىقنى قىلماقچى بولغان، ئاكام ماڭا «چەت ئەلدە يازغۇچىلار يىلىغا يۈزدىن ئارتۇق كىتاب ئوقۇيدىكەن. مەن بولسام يىلىغا بىرنەچچىمۇ كىتاب ئوقۇيالمايۋاتىمەن. ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان يېزىقچىلىقىمنى تاشلىۋېتەي دېسەم، مۇشۇ ئىشنى قىلساملا ئۆزۈمنى ياشاۋاتقاندەك سېزىمەن، يېشىممۇ بىر يەرگە بېرىپتۇ (شۇ چاغدا 33 ياشتا ئىدى)، كەسكىنرەك بىر چارە قىلمىسام بولمىدى» دېگەندى. ئەمما ئاز ئۆتمەي ئاكام قىزىقىشىغا، مىجەزىگە پۈتۈنلەي ماس كەلمەيدىغان تىجارەت يولىغا كىرىپ قالدى. ئاكام بىر قېتىم ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئاتۇشقا نەچچە كۈن مال سالغان، چارچاپ ھالى قالمىغان، «بۇرۇن ئۆزۈم خالىمىغان ئىشنى بىرەر سائەت قىلىشقىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم، ھازىر قارىسام ئادەم دېگەن كۆپ چىداملىق بولىدىكەن» دېگەندى. ئاكام تىجارەتنى «يارامسىز» ئوبرازىنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم يېزىقچىلىقىقا شارائىت يارىتىشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ خىياللار ئىچىدە داۋاملاشتۇرغاندى. مەن ئاكامنىڭ تىجارەتنى دەپ ئۆتكۈزۈۋېتىپ بارغان قىممەتلىك ۋاقىتلىرى ئۈچۈن كۆپ ئازابلانغاندىم. ئاكامنىڭ بىر ئەستايىدىل، ھەقىقىي سەنئەت ئىستىلىغا ئىگە بىر سەنئەتكارنىڭ ۋاقتى مېنىڭ نەزىرىمدە ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ ھەم ئاكامىمۇ مۇشۇ خىل ۋاقىت ئىچىدىلا ھايات ئىدى. ئاكام ھەرقانچە كۆپ پۇل تاپسىمۇ بۇ پۇلنىڭ خۇشاللىقى ھەرگىزمۇ ياخشى بىر پارچە كىتاب ئوقۇغاندىن، ياخشى بىر پارچە ئەسەر يازغاندىن كەلگەن خۇشاللىقنى بېسىپ كېتەلمەيتتى. كۆڭۈلچەك ئاكام تولىمۇ كۈچەپ، بەرداشلىق بېرىپ بەش يىل تىجارەت قىلدى ھەم دەل مۇشۇ يولدا ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئۆز ۋاقتىدا چوڭ ئۇكام قىرغىزىستاندىن قايتقان بىر تىجارەتچىدىن ئاكامنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا ئۇ مۇنداق دېگەنىكەن: «ئاكاڭدەك بوش، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئادەمنى مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، ئاكاڭمۇ ئۆز خىيالىدا بۇ دۇنيادا ياشاۋېتىپتۇ». بۇ سۆزنى قىلغۇچى يېشى ئوتتۇزدىن ئاشقان، تېخىچە يېزىق ساۋاتى چىقمىغان، كۆپ پۇل تاپقان بىرى بولۇپ، ئاكام نەچچە يىلنى مۇشۇنداق پىكىر قىلىدىغان، ئىنسان قىممىتىگە بولغان تونۇشى پۈتۈنلەي ئاستىن – ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن كىشىلەر ئارىسىدا ئۆتكۈزگەندى (لېكىن قولىدىن كىتاب ۋە قەلەم – قەغەز چۈشمىگەن، گەرچە بۇنىڭغا ئىنتايىن ئاز پۇرسەت چىقسىمۇ). « مەن بۇ يولغا كىرىپ جەمئىيەتكە بولغان چۈشەنچەم تېخىمۇ ئاشتى» دەپ ئىسراپ بولۇپ كەتكەن ۋاقىتلىرى ئۈچۈن ئۆزىگە ئاشۇنداق تەسەللىي بەرگەندى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئاكامنىڭ «مازار چاشقىنى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىنى 1997 – يىللىق نەشر پىلانىغا كىرگۈزگەن بولسىمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن يەتتە يىلغىچە نەشردىن چىقالمىغان، ئاكام ھاياتلىقىدا بۇ كىتابىنى كۆرۈشكە شۇقەدەر تەقەززا بولغاندى. كىتابنى ئالىقىنىغا ئېلىۋېلىپ ئاكا – ئۇكا ئىككىمىزگە ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن دوستلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى بۇ «كوزىر»نى ئالدىراپ قولدىن چىقىرىۋېتىشكە قىيماي كەلگەندى. ئاكام دۇنيادىكى ئەستايىدىل يازغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلىشقا تىرىشقان ئاپتورلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۆزى قەيەردە، قانداق خەلقنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان بولسۇن ئۆزىنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشىنى يوشۇرمايدىغان ھەم كېلىپ چىقىشىدىن تانمايدىغان، ئاتا – بوۋىلىرىنىڭ يۇرتىغا ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان پەزىلىتى بويىچە كىتابىنىڭ

تەرجىمھالىغا «دادىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەنجانلىق ئىدى» دېگەن پاكىتنى يازغانلىقى سەۋەبتىن بەزى دوستلىرىمىزنى بىئارام قىلىپ قويدى. ئاكام دۇنيادىكى بارلىق ئەستايىدىل يازغۇچىلارنىڭ ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن زېمىننىڭ، ئۆزىنى پەرۋىش قىلغان خەلقىنىڭ ئالدىدىكى ۋىجدانىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىغان پەزىلىتى بويىچە ياشاپ كەلگەن، خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغان ھېچ ئىش قىلمىغان، ئەكسىچە مۇشۇ يۇرتنىڭ ئەڭ ۋاپادار ئوغۇللىرىدىن قېلىشمىغۇدەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇپ كەلگەندى.

ئاكام ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ تەنتەك، نادان، مەۋقەسىز، رەھىمسىز ۋە بىلەرمەنلىكىدىن قاتتىق بىزار بولغان. ساۋاتى بار، بىر ئىشنى يۈزەكى بولسىمۇ چۈشىنەلەيدىغان، بىر ئىشلارغا نورمال ئىنكاس قايتۇرالمىسىمۇ ئىشنى جىددىيلەشتۇرۇۋەتمەيدىغان ئادەملەرنى مىللەتنىڭ كەم ئۇچرايدىغان بايلىقى ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلگەندى. ھەتتا «بىز مەدەنىيەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپتۇق، دادام بىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ تەربىيىلىگەچكە بىز جامائەتتىن كۆپ چەتنەپ كېتىپتۇق، دادام بىزنى بۇنداق تەربىيىلىمىگەن بولسا بىزگە جامائەت ئارىسىدا كۈن ئېلىش بۇنچە مۇشكۈل توختىمىغان، بىر ئىشلارنىڭ ھەق ـ ناھەقنى، ئالدى ـ كەينىنى، ئىنسانچىلىقنى ماس كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقنى، ئەقىلگە ماس كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقنى كۆپ ئويلاپ ئولتۇرماي ئۆز ئىشىمىزنى پۈختىلاپ بەھۇزۇر ياشاۋەرگەن بولاتتۇق» دەپ ئاغرىنغان چاغلىرىمۇ كۆپ بولغاندى. لېكىن ئاكام يەنە ئۇلارنى نورمال تەربىيىلىنىش مۇھىتىغا ئېرىشەلمىگەچكە شۇنداق دەپ ئۇلارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاۋارىچىلىقى ۋە روھىي بېسىمىنى قورسىقىدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشاتتى ھەم شۇنداق قىلالىغاندى. شۇڭىمۇ يېزىقچىلىقىدا ئۇلارغا چەكسىز ھېسداشلىق ئەكس ئەتكەندى. ئوغرى، قىمارۋاز ۋە يولدىن چىققان ئاياللارمۇ ئاكامنىڭ قەلىمى ئاستىدا رېئاللىقنىڭ قۇربانلىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ شۇنداق بولۇپ قېلىشى ناچار تۇرمۇش ياكى تەربىيىسىز قېلىشتىن دەپ قاراپ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغاندى. بىر قېتىم مەن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا قوشنا ياتاقتا بىر جىنايەتچى داۋالىنىۋاتاتتى. ئۇ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز كارىۋاتقا باغلاپ قويۇلاتتى، ساقچىلار نازارەت قىلاتتى. سالامەتلىك ئەھۋالىمۇ ناچار ئىدى. ئاكام مېنىڭ يېنىمغا كەلگەندە ئۇنىمۇ قوغۇن ـ تاۋۇز بىلەن يوقلاپ قوياتتى ھەم سۆھبەتلىشەتتى. لېكىن ئۇنىڭغا پەندى ـ نەسىھەت قىلمايتتى. «ئۇنىڭ جىنايىتىنى قانۇن سۈرۈشتۈرىدۇ، لېكىن ئۇمۇ ئادەم سۈپىتىدە قانۇن سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ قانۇن ئىجرا قىلغۇچى بولۇۋېلىشىغا ئەمەس، بەلكى رەھىم ـ شەپقەت قىلىشىغا موھتاج. ھەرقانداق بىر زىيانداش ئادەمنىڭ ئاقىلغىلى بولىدىغان بىر ئارقا كۆرۈنۈشى بولىدۇ» دېگەندى ئاكام. ئۇ مەسىلىلەرگە شۇنداق سوغۇققان مۇئامىلە قىلاتتى. ھەرگىزمۇ تەنتەكلىك بىلەن ۋەزىيەتنى جىددىيلەشتۇرۇۋەتمەيتتى. ئاكامنىڭ كېيىن يازغان «دۈم يېتىپ سۇ ئىچىش» ناملىق ھېكايىسىدە بىر جىنايەتچىنىڭ ھاياتىغا كۆچلۈك ھېسداشلىق ئەكس ئەتكەن. ئۇ جىنايەتچى جەمئىيەتكە نۇرغۇن زىيان سالغان، ئۆزىمۇ ئىنتايىن مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە روھىي دۇنياسىنى ئاكام ئىنچىكە سۈرەتلەپ جىنايەتچىنى ئەيىبلەش ئاساسىمىزنى تەۋرىتىپ قويغاندى. ئەمما ئۇلار قىلمىشى ئۈچۈن قانۇننىڭ تېگىشلىك جازاسىغا ئۇچرايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ئېھتىياجى، ئاكام ھەم بۇنىمۇ ئىنكار قىلمىغان. ئاكامنىڭ بۇ ھېكايىسى ئاپتور بىلەن پېرسوناژنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەرگەن بولۇپ، ئاكامنىڭ ئەسەردىكى سوغۇققان، ئەستايىدىل پوزىتسىيىسى مېنىڭ يېزىقچىلىقىمغا خېلى كۆپ ساۋاق بەرگەندى. ئەسەردە جىنايەتچى ئاخىر خوتۇنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۇ كۆپ يىل ئايالى بىلەن جەم بولۇش ئۈمىدى بىلەن تۈرمە ئازابىنى يېڭىدۇ، ئاخىر بۇ كۆپۈككە ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرى دىلىمىزنى ئېزىدۇ، جەمئىيەتتىكى قەلبىنى زۇلمەت قاپلىغان كىشىلەرنىڭمۇ نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلىرى، مېھىر ـ مۇھەببىتى، ئىنسانىي ئىستەكلىرى، ئىززەت ـ ھۆرمەت تۇيغۇسى بولىدىغانلىقنى ئېسىمىزگە سالىدۇ.

ئاكام ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئېلان قىلغان يېزىش ماھارىتى، مەزمۇن سىغىمچانلىقى ۋە چىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن «قۇيۇن دۆڭ» ناملىق ئەسىرىدە خەلقنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئاكامنىڭ يۈرىكىدىن قان تامغان دېيىشىمۇ بولاتتى. ئاكام بۇ ئەسىرىدە خەلقنىڭ جاراھەت قاپلىغان باغرىنى، ئۆزىنىڭ خەلق ئۈچۈن ئېزىلگەن يۈرىكىنى خۇددى قاسساپنىڭ تېرە ئۈستىگە تىزىپ قويغىنىدەكلا ئېنىق كۆرسەتكەندى.

ئاكامنىڭ ئۆمرىدە يازغان ئەسەرلىرىنى خۇلاسىلىغاندا ئاكام 30 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، بىر پوۋېست، بىر ئوپېرا يازغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر ئاكامنىڭ ھەقىقىي سەنئەتكارغا خاس ئىستىلىنى ئەڭ ياخشى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. ئاكامنىڭ ئەسەرلىرىدە دۇنيا ئەدەبىياتىدا رېئاللىقنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈستىدە ئىزدىنىش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن ئاق ئېقىنى، سېھرىي رېئالىزم، بىمەنىچىلىك، قارا يۇمۇر، ھالقىما رېئالىزم قاتارلىق يېزىقچىلىق ئۇسلۇبلىرى جانلىق قوللىنىلغان

بولۇپ، بۇ ھال ئاكامنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزگىچە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىققا ۋە يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە قىلغان. بۇ ئەسەرلەر ۋاقتى ئۆتكەن پىكىر قىلىش ۋە يېزىش ئۇسلۇبىغا ئادەتلىنىپ قالغان كىشىلەرگە يوچۇن تۇيۇلسىمۇ، ھەقىقىي ئەھمىيىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي رېئاللىقى ئەك ئىتتى تاپقان. ئاكامنىڭ «مازار چاشقىنى»، «مېنىڭ قۇياشىم»، «باقىنىڭ كۆنلىرى»، «ئۇ خەلقلەر»، «قاغدام»، «يەڭگىلتەك ئادەم»، «قۇيۇن دۆك» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئاكام شۇ قەدەر سۆيگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت خەزىنىسىگە ئالاھىدە ھۆسن قوشقۇسى.

ئاكام ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان ۋەھشىيلىكنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. بۇ ۋەقە تۇپەيلىدىن ئۇيغۇرلار ئۆز رېئاللىقىنىڭ ئېغىر ـ بېسىق، ئەستايىدىل كۆزەتچىسى، ئەكس ئەتتۈرگۈچىسى ۋە تەسىر كۆرسەتكۈچىسى، ئەك مۇۋاپىق ئۇسۇلدا دەرد ـ ئەھۋالغا يەتكۈچىسى، تىلى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىردەكلىكى جەھەتتە ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان يازغۇچىسىدىن ئايرىلىپ قالدى.

ئاكا، سەن بۇ دۇنيادا ھەقىقىي بىر ئىنسانلىق سۈپىتىڭ بىلەن ياشىدىڭ، ئۆزۈڭ تۇتقان قەلەمگە، ئۆزۈڭ شۇغۇللانغان سەنئەتكە، سېنى پەرۋىش قىلغان خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغان ھېچ ئىش قىلمىدىڭ ھەم بارلىق يۈرەك قېنىڭنى سەرپ قىلدىڭ، ئائىلىدە چوڭ ئوغۇل بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ئانىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۇكىلىرىڭنى پەرۋىش قىلىپ تەربىيىلەش، ئۆز پەرزەنتىڭگە ئاتىلىق مېھرىڭنى يەتكۈزۈش ھەم تەربىيىلەش ئىشىغا ھېسابسىز زېھنىڭنى سەرپ قىلدىڭ. مۇلايىم، سىلىق ـ سىپايە، مەدەنىيەتلىك، تەقۋادار، نەزىرى ئۈستۈن ياشاپ، دۇنيادىكى ئەك ئىپلاس، ئەك ۋەھشىي قاتىللار سادىر قىلغان دۇنيادا ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان پاجىئەگە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتتۈڭ. بىز سەن يوق بۇ دۇنياغا قانداق يۈزلىنىشكە، سەن ئۇچرىغان ئاشۇ دەھشەتلىك پاجىئەنى قانداق ئۇنتۇشقا پۈتۈنلەي چارىسىز قالغان مۇشۇ پەيتتە سېنىڭ پاك، سەممىي ئۆتكەن ھاياتىڭ بىزگە زور تەسەللى بېرىدۇ ۋە بىزنى سېنىڭدەك پاك، سەممىي ياشاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

# «شاھى مەردان»

»شاھى مەردان» بۇ يازغۇچىنىڭ رېئاللىقىمىزدىكى تەقدىر ئەزەلدىن ئوك كۆزدە قاراپ باقمىغان بىئېتىبار كىشىلەر ھەققىدىكى ھېكايىلىرىنىڭ ئەك ئېچىشلىق بىرى. ئەسەردە بىر ئايال بىر ۋوگزال مەيدانىغا «خۇدايىم بىرەر» دەپ بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىراپ كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ خۇدانىڭ بىرىشىنى تىلەپ شۇنداق دەمدۇ ياكى كۆڭگەن ئادەتتىن شۇنداق دەمدۇ بۇنى بىلمەيمىز. ئۇ ئۆزىدىن ئېگىز، يالقاۋ، تۇرقىدىن تۇغما ئەقلى ئاجىزلىق چىقىپ تۇرىدىغان بىر بالىنى يېتىلىۋالغان. ئۆزىمۇ مەتۇ قېتىش. ئۇلار ئانا ـ بالا. تەقدىر ئۇلارغا ئەقەللى تىرىكچىلىك غېمىگە دال بولغىدەك سېزىم، ئىقتىدار ياكى تەلەي بەرمىگەن. ئۇلار شۇ دەرىجىدە خار ـ بىئېتىبار بولۇپ، مۇھتاجلىق ئۇلارنى كوچىغا چىقىرىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار كوچىدا يەنە باشقا تەقدىرداشلىرىدىنمۇ خار، كىشىگە كۆرۈنگۈسىز بەت ـ بەشىرە. بالىنىڭ دادىسىنىڭ بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بولغان بولسا بالدۇرلا تاشلاپ كەتكەن. بولمىغان بولسا ئۇ يەنىلا بىر مەلئۇن. ئەقلى ئەك گال جانلىقلاردىمۇ يۈرەك پارىسى بولغان بالىسىغا تۇغما مېھرى ـ مۇھەببەت سېزىمى بولىدۇ. بۇ ئايالمۇ شۇنداق. ئۇ بالىسى قانچە كېرەكسىز، تۇغما كەم ئەقىل، قانچە ئېغىر يۈك بولسىمۇ بېقىشتىن باش تارتماي كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ، يېتىلەپ يۈرۈپ چوڭ قىلىدۇ. بىز بۇنى ئۇنىڭ ئالى ئەخلاقى دىسەكمۇ دىمىسەكمۇ ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك. تىرىكچىلىك غېمى ئۇلارنى شۇ قەدەر ناشەرەپ، ناباپ، يىرگىنچلىك ھالدا كىشىلەر ئالدىغا ئېلىپ چىقىدۇ. بالا ئۆزىنىڭ قىلىقسىز، خۇددى چۈشتەك ئادەم ئىشەنگۈسىز ئىش ـ ھەرىكىتىنى پەرق ـ پاسات قىلىش تۇيغۇسىغا ئىگە ئەمەس. ئانا بولسا بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى يېتىلەپ يۈرمەي ئامالى يوق. بىز مەسىلىلەرنى كۆزەتكەندە دائىم ئېسىمىزدىن چىقارمايدىغان، ئالغان تەربىيەمىزدىن كەلگەن ئەخلاقى ئۆلچەملەر كوچىدىكى لالما ئىتتىن بەتتەر خارلىق، مۇھتاجلىق ۋە ئادەم ئىشەنگۈسىز تەلەيسىزلىكلەر ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن تۇغما ئەقلى ئاجىز ئادەملەر ئۈچۈن ھېچنىمىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئىنسانلار ئەقلى ئىقتىدارى نورمال ئەھۋالدىمۇ كۆرگەن تەربىيىسى ۋە خۇي ـ پەيلى سەۋەپتىن قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدە ئادەم ئىشەنگۈسىز پەرقلەر بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن بىز بۇلارغا قانچىلىك تەلەپ قويالايمىز. ئۇ بىرىمۇ سۇرە بىلمەيدۇ. بىزنىڭ جەمىيىتىمىزدە ھەر بىر ئۇيغۇر پۇخراسى ئەك تەربىيەسىز قالغان تەقدىردىمۇ بەزى ئەقەللى دىنىي ساۋاتلاردىن مەھرۇم قالمايدۇ. ھەم بۇنىڭ يامان ئىشلاردىن توسۇش رولىمۇ بەزىدە خېلى ئۈبىكتىپ. (دىندا قىزىپ كىتىش باشقا گەپ). ئەمما بۇ ئايال بۇ جەھەتتىكى ئەقەللى تەسىرگىمۇ يولۇقمىغان. ئۇنداقتا ئۇ

نەدە قالغان بىر بەندە؟. ئەمما مىنىڭ بۇ سوئالىمغۇ ئارتۇقچە. چۈنكى بۇنداق دەۋەتلەر ئۇنىڭ ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغان بەختسىزلىكى ئالدىدا ھېچنىمگە دال بولالماسلىقى شەكسىز. دىمەك بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھازىرقى دۇنياغا تۆرىلىپ قالغان، ئەمما ھازىرقى دۇنيانىڭ ئەقەللى ئىلتىپاتىغا، ئەقەللى تەربىيەسىگە ئېرىشىپ باقمىغان، روھى ئانىدىن تۇغما يالىڭاچ، ھېچقانداق ئالدىن تەييارلىقى، ئىممونىتى يوق ھالدا بۇ دۇنيانىڭ ئىنتايىن ئوبىكتىپ مەسىلىلىرىگە ـ ئىسسىق، سوغۇقىغا، كۆنسېرى كۆپىيىدىغان، ئاخىرى ئۈزۈلمەيدىغان دىشۋارچىلىق، مۇھتاجلىق، خورلۇق ـ ئاھانەت، قەدىرسىزلىكىگە بىراقلا دۈچ كەلگەن بىر ئايال تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىكى پەرزەنتىگە بولغان تۇغما مېھرىبانلىق، بالىسىغا بارلىقىنى قۇربان قىلىش ئىستىكى، ھالىغا يېتىش، ئۆزىنىڭ بېسىلىپ قالغان تۇغما ھەۋىسى ۋە ئۇنى تىزگىنلەشكە كەمتۈك يارىلىپ قالغان يۈگىنى قاتارلىقلار ئۇنى بىزنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىمىز بىكىتكەن قېلىپتىن چىقىرىۋېتىدۇ. بۇ قېلىپ ئۇنىڭ ئۇچۇن يا بەربىر، ياكى ئۇ پىشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن، مەڭگۈ قۇتۇلالمايدىغان شارائىتى سەۋەپتىن بۇنى بىلىشكە قادىر ئەمەس ۋە ياكى ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى تەسەۋۋۇرىچە ئوغلىغا ئۆزىدىن باشقا ئايال زاتى مەڭگۈ نىسىپ بولمايدۇ. ئوغلى بولسا بۇ جەھەتتە ناھايىتى نورمال، ھەتتا چەكتىنمۇ سەل ئېشىپ كەتكەن. شۇڭا ئانا باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تولىمۇ بىمەنە ئۇسۇلدا بۇنى تىزگىنلەشكىمۇ تىرىشىپ باققان. ئۇ ئوغلىنىڭ تۇنجى جىنسىي ئىنتىلىشىدىكى سەگەكلىكنى ئەقلىنىڭ ئويغىنىشىنىڭ ئالامىتى دەپ قاراپ بۇ ئىلگىرلەشنى يېرىم يولدا توسۇپ قويغۇسى كەلمىگەن. ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئىنسانىيلىقىقا خىلاپلىقىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ بۇنى شۇ قەدەر تەلەيسىز پەرزەنتىنىڭ ئەقلىنى تېپىشىغا تۆلەشكە ئەرزىيدىغان بەدەل دەپ قارىغان بولىسچۇ. چۈنكى ئۇ بىر مېھرىبان ئانا. ئۇ تۇغما مەسئۇلىيەت ھېسسىياتى بىلەن بالىسىنىڭ باشقا بىجىرىم، نورمال يىگىتلەردەك سالاھىيەت ۋە سالاپەت بىلەن ئۆيلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما بالىسىنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭغا ئايان. ئۇ بۇنى مۆلچەرلىيەلمىگۈدەك خامۇش ئەمەس. ئۇ ئۇنىڭ مەلۇم بىر خىسلەت بىلەن ئوڭشىلىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن. ئۇلار ئۇچۇن ئۆزلىرىنىڭ بەختسىزلىكىدىن باشقا ھېچنىمە مەۋجۇت ئەمەس شۇ ئۇزۇن كېچىلەرنىڭ بىرىدە بالىسىنىڭ تۇغما ئىقتىدارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قىلغان ئىشنى ئەقلى ھەركەت، شۇملۇقنىڭ ئەمەس، ئۈمىتنىڭ بىشارىتى دەپ قارايدۇ. تەقدىر ئۇلارغا ئەقلى ئىقتىدارنى كەم بەرگەن بىلەن فىزىلوگىيەلىك ئىقتىدارنى ئايىمىغان. جانلىقلارنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى قىيامىغا يەتكەندە ئەقىللىق ئادەملەرمۇ تەستە تاقابىل تۇرىدىغان ۋەسۋەسىگە ئەقلى يېتىشسىز ئادەمنىڭ تەڭ كەلمىكى ئوڭاي ئەمەس. بىرىنچى قەدەمدە كەم قالغان نەرسە كېينكى نۇرغۇن كەملىكلەرنىڭ، چەتنەشلەرنىڭ نىگىزى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ لاياقىتىدە يارىلالمىغان ئىككى ناباپ ئىنسان ھەم ئانا ـ بالا، ھەم ئەر ـ خوتۇندىن ئىبارەت ئىككى سالاھىيەت ئىچىدە بىر ـ بىرىگە تايىنىپ تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇ ئىش بىلەن جانغا ئەسقاتمايدىغان، يۈك بولۇپ كەلگەن بۇ بالىنىڭ تۇيۇقسىز جاپاكەش ئانىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قورساقتىن باشقا بارلىق غېمىنى بىراقلا ھەل قىلىۋەتكەن بىر خاسىيەت ئىگىسىگە، مەڭگۈ يۆلىنىشكە ئەرزىيدىغان يۆلەنچۈككە ئايلانغانلىقىدا گەپ يوق. بۇندىن كېينكى ئاخىرى ئۈزۈلمەيدىغان مۇھتاجلىق ئەمدى ئۇلارغا ئۇنچە ئېغىر تۇيۇلماس. ئەگەر ئىنسانلار جۈپتى بىلەن يارىتىلمىغان بولسا ئۇلار ناھايىتى تىزلا بىر توپ ساراڭغا ئايلىنىپ كىتەرمىدى؟! بۇ بىر جۈپ ھەمراغا بىزنىڭ ھەممە ئۆلچەملىرىمىز مەنىسىز ۋە بىھۇدە. ئۇلار سەدىقە بەرسە ئېلىپ، بەرمىسە داتلىماي، خۇددى ئادەم سىياقىدا يارىتىلغان ئەۋرەز چۈشىنىدەك ئادەملەر ئىچىدىكى ھەرخىل ئىددىيە، ئەخلاقىي چەكلىمىلەرنىڭ باش قېتىمچىلىقلىرىدىن خالى ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇلارغا ئەڭ چىرايلىق گەپتىن بىر موچەن پۇل ئەۋزەل. ئايالنىڭ ئادەملەردىن كۆتەلەيدىغىنى، تىلەيدىغىنى پەقەتلا شۇ ئەرزىمەس جېنىنى داۋام ئەتتۈرىدىغان ئازراق پۇل، ئانىدىن شاھى مەردانى بىرەرسىنىڭ ئېلىپ قاچماسلىقى. ئۇلار قانچە ناباپ تېپىشقان بولسىمۇ بۇمۇ ئۇلارنىڭ شارائىتىدىكى بىر كۆڭۈللۈك، نەچچە غەم بىراقلا ھەل بولغان جەم بولۇش بولۇشى چوقۇم. بۇ بىتەلەي ئىككى ئىنساننىڭ ئۆزى بىلمەيدىغان بىر دۇنياغا شۇنچە پاناسىز، شور پىشانە يارىلىپ قېلىشى ئۇلارنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ دۇنياغا قايتۇرغان جاۋابىمۇ ئۆزىگە يارىشا بولغان. بالىنىڭ ئىسمى شاھى مەردان. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ بۇ ئىسمنى نەدىن تېپىۋالغىنىنى بىر خۇدا بىلىدۇ. ئەمما بالىنى ھەقىقى ئەزىمەت دەپ قارىغانلىقى مۇشۇ ئىسمىدىن ئايان. ئۇ ھەقىقى ئەزىمەتتەك بۇ دۇنيانىڭ ھەممە نىمىسى نەزىرىدە يوق ھالدا ئەۋرەتنى ئىشتاننىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك غېمى ئۇچۇن پاراكەندە يۈرگەن ئانىسىغا ئەگىشىپ ۋوگزالنى كېزىپ يۈرىدۇ. ئۇنى كىم نەگە باشلىسا شۇ ياققا ماڭىدۇ. كىچىك بالىلار نىمە دىسە شۇنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ شۇ ئەزاسى باشتا كىچىك بالىلارنىڭ ئۇنى دائىم ئەخمەق ئىتتىشىگە سەۋەپ بولغان بولسا، ئاخىرىدا يەنە بىر ئايالنىڭ ئۇنى ئېلىپ قېچىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. بالا دىگەن ئانىنىڭ يۈرەك پارىسى، ئەلۋەتتە. ئەمما ئۇنىڭ بالىسى بۇنىڭدىنمۇ زىيادە، ئۇنىڭ پۈتكۈل بارلىقى. بالىسنى يوقۇتۇپ قويۇش ئۇنىڭ ئۇچۇن قايسى دەرىجىدە دەھشەتلىك بولغانلىقىنى دىمىسەممۇ ئەسەرنى ئوقۇغۇچىلارغا ئايان. تەقدىر ئۇ ئانىدىن شۇ دەلدۈش بالىدىن باشقا ھەممىنى ئايىغان بولسىمۇ ئاخىر يەنە شۇ دەلدۈش بالىنىمۇ

تارتىۋالدۇ. ئانا شۇ چاققىچە ھەممە كۆرگۈلۈكنى كۆتۈرۈپ كەلگەن. ئەمما ئاخىرقى بۇ زەربە ئۇنىڭ ئىسسىق- سوغۇق ۋە بوران- چاپقۇندىن پانالىنىش ئۈچۈن ئاران قۇرۇپ چىققان، كۆرگەن كىشىنى ئەنسىزلىككە سالىسمۇ ئۆزلىرىنىڭ جېنىغا ئارام بەرگەن غېرىپ كۇلبىسىنى بىراقلا يىمىرىپ تاشلايدۇ. بالىنى ئېلىپ قاچقان كىم؟ نىمە ئۈچۈن بۇ ئىش يۈز بىرىدۇ؟. ئادەملەرنىڭ مەنپەئەت سېزىمى زىيادە ئېشىپ كەتكەن، مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە شەخسىيەتچىلىك خۇددى شۇ دەلدۇش بالىنىڭ ئەۋرىتىدەك ھەممە يەردە ئۆزىنى نامايىش قىلىپ تۇرغان شارائىتىمىزدا بۇ ئىشنىڭ يۈز بىرىشىنى قانچىلىك تاسادىپىلىق دىيەلەيمىز. ئايال بالىسىنى ئىزدەپ، قەيەردىن كىلىپ قەيەرگە ماڭغىنىنى بىلگىنى بولمايدىغان بىر پويىزغا- ئۆمۈچۈك توردەك گىرەلىشىپ كەتكەن، باش- ئاخىرىنى بىلگىنى بولمايدىغان، قورقۇنچلىق چۈشتەك ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئۈزۈلمەيدىغان يەنە بىر يېڭى سەپەرگە ئاياق باسىدۇ. ‹بالام پويىزدا كەتكەن، شۇڭا ئۇنى پويىزدا ئىزدەپ تېپىۋالالايمەن›. بۇ ئۇ ئايالنىڭ مىڭىسى يېتىدىغان ئەڭ يۇقىرى قىياس ۋە ئۈمىد. بىز ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىدىن يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپلىككە تولغان دۇنياغا قايىسى دەرىجىدە ساددا، چارىسىز ۋە ئاجىز ھالدا يۈزلەنگىنىنى كۆرىمىز. ئادەملەرنىڭ بەختى ۋە بەختسىزلىكى دۇنيادىكى بارلىق شەيئىگە ئوخشاش شۇ قەدەر تاسادىپىيلىق ئۈستىگە قۇرۇلغانكى ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقاندا باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكىنى خۇددى يۈيغىنى بولمايدىغان بىر نەسلىكىنىڭ بەلگىسىدەك، ئۆزىمىزنىڭ خاتىرجەملىكىنى بولسا ئەسلىدىن شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك ھىس قىلىپ بۇنداق كىشىلەر ھەققىدە بىمالال يەكۈنلەرنى چىقىرالايمىز. مۇتلەق كۆپ كىشىلەر ئۆلاردەك بەختسىز يارالمىغىنى ئۈچۈن ئەلۋەتتە كۆپ تەلەيلىك. تەلىيىنىڭ تەلەيسىزلىككە ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىمۇ ئۇلارنىڭ تەلىيى. بۇ تەلەيىنىڭ ئىزچىللىقىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، مۇتلەق كۆپ ئادەم، ھەتتا ھېچكىممۇ بۇلاردەك كۈنگە قالماسلىقى مۇمكىن. بۇ ئانا- بالا ئىنسانلار تەيسىزلىكىنىڭ مەي باغلاپ پىشقان مىۋىسىدەك ئۆز شېخىدا مەڭگۈ ساڭگىلاپ تۇرغىنى تۇرغان. بۇ مىۋە يىللاپ ئادەتتىن ھالقىغان ياخشى ئادەمنى ئۈچراتقىنى بولمايدىغان، ھەممە ئادەم ئەل نەرقى شارائىتىمىزدا تېخىمۇ قىيامىغا يەتكىنى يەتكەن.

بۇ ئەسەر كىشىلەر ئەزەلدىن نەزىرىنى سېلىپ قويمايدىغان تەلەيسىز كىشىلەرنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر قېزىش، ئىنسانىنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ چېكى ھەققىدىكى بىر دادىل ئىزدىنىش بولۇپ ھىساپلىنىدۇ .

ئەسەر بىزگە يېڭى بىر دۇنيانى- بىز كۆرمىگەن، كۆرۈشكە ئادەتلەنمىگەن ياكى كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئۆزگىچە بىر مەنزىرىنى ناھايىتى يارقىن يورۇتۇپ بەرگەن. ئەسەرنىڭ تىلى ۋە تەپسىلاتلىرى شۇنچە تىجەشلىك، دەل جايىدا بولۇپ، ناھايىتى ئاددى، ئۇششاق تەپسىلاتلارمۇ زور مەنالارنى ئۆزىگە يۈكلىگەن .

# »سايىدىكى ئورۇندۇق« قا قىسقىچە ئىزاھ

يازغۇچىنىڭ ئەسەرگە ئارىلاشماسلىقى، شەيئىلەرنى پوزىتسىيە بىلدۈرمەي، سوغۇق قان تەسۋىرلەپ بېرىشى، بارلىق نىيەت، ئىدىيلىرىنى تاللىغان تېمىسىغا يۈكلىشى ھەققىدىكى تەشەببۇسلار ئەدەبىيات- سەنئەتتى تەرەققىي قىلغان ئەللەردە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، ھەم بۇ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى.

»سايىدىكى ئورۇندۇق« ناملىق بۇ ھېكايە دەل يۇقىرىقىدەك تەشەببۇسنىڭ بىر ئىپادىسى. ئەسەر پۈتۈنلەي دىئالوگ بىلەن يېزىلغان بولۇپ، مۇشەققەتلىك تۇرمۇش مۇساپىسىدىكى ئىككى ساتىراچ يەكشەنبە بازارنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى بىر رىدىنىڭ سايىسىنى تالىشىپ قالىدۇ. بۇ ئورۇن ئۇلارنىڭ مۇھىم جاھاندارچىلىق مەنبەسى. ئۇلارنىڭ جاھاندارچىلىق ئۈچۈن تارتمىغان جەبىر- جاپالىرى قالمىغان. قەلەندەرچىلىك، مەدداھلىق، ئوغرىلىق قاتارلىق كۆن ئالغىلى بولىدىغانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان. ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىدىن بۇ خىل ئەسىرلەردە دائىم ئۇچرايدىغان دەرد ئېيتىش، قان- ياشلىق ئاھۇ زار، خورلۇق ئاھانەتلەر ئۇچرىمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ تارتقان جەبرى- جاپالىرى شۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئايلانغان ئاددىي، باي ئېغىز تىلىدا يۇمۇرلۇق ھەتتا ئۇلارنىڭ بىمەنە، ئەخمىقانە، يالغان- ياۋىداق سۆزلىرى ئارقىلىق ناھايىتى چىن يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ گەپلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەقىلگە سىغمايدىغان مەدداھنىڭ قىسسىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئوقۇغان كىشى ھەتتا ئۇلارنىڭ نېرۋىسىدا مەسىلە بارمۇ نىمە دەپمۇ ئويلاپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ يالغان گەپلىرى، پولىرى

ئارىسىدىن ئۇلارنىڭ دەرد- ھەسرەتلىرىنى، ھەقىقىي كەچۈرمىشلىرىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس. ئۇلار خۇددى شامال ئۇچۇرۇپ يۈرگەن غازاڭدەك باشپاناھسىز، ماكانسىز ياشىغان. تۇرمۇشنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئازگاللىرىدا نادامەت چەككەن. ئۇلار سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق بىلىپ- بىلمەي بىر- بىرىگە ئېچەكىشىپ قالىدۇ. گەرچە بىر ھەپتىدە ئاران بىر كۈنلا ساتىراچلىق قىلغىلى بولىدىغان بۇ ئورۇن ئۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم- ئۇلار ھەممىلا نەسسىنى يوقاتقان، بۇندىن كېيىنكى تۇرمۇشى مۇشۇ ئورۇنغا باغلىق بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلار ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئېسىل بىر خىسلىتىنى، يەنى بىر- بىرىنىڭ ھالىغا يېتىش پەزىلىتىنى يوقاتمىغان. ئۇلار ھەر ئىككىسى بۇ ئورۇندىن قارشى تەرەپنى مەھرۇم قىلىشنى خالىمايدۇ. ھەم ئۆزلىرىنىڭمۇ مەھرۇم قېلىشنى خالىمايدۇ. سۆز- ھەرىكەتلىرىدىن بۇ خىل كىشىلەرنىڭ بىپەرۋالىقى، سەمىمىيلىكى، مەسئۇلىيەتسىزلىكى، ئاغزى بىزەپلىكى دېگەندەك ھەممە ئالاھىدىلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار بۇ ئورۇنغا ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلىسىمۇ ئاخىرى ناھايىتى ئەخمىقانە ئۇسۇلدا ھەل قىلىشقا پۈتۈشۈپ خوشلىشىدۇ. بۇ ئەسەردە ئاپتور بارلىق مەسئۇلىيەتنى پېرسوناژ تىلىغا يۈكلىگەن. ئەسەردىكى پىششىق تىل، تولۇق خاراكتېر، رېئاللىقنى ھەقىقىي، چىن ئىپادىلەش، يۇقىرى سىغىمچانلىق، كۆپ قاتلاملىق بولۇش ئۇنۇملىرىگە يەتكەن. ئەسەردە ھەر قانداق قىيىن ئەھۋالدىمۇ كىشىلەرنىڭ بىر- بىرىگە سەمىمىي بولۇشى، بىر- بىرىنىڭ ھالىغا يېتىشى تەشەببۇس قىلىنغان .

# ئەركىنجان ئەمەت ئەسەرلىرى

## نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلاردا كەلگۈسشۇناسلىق مەدەنىيتى بارلىققا كەلمىدى؟

**(ئوبزور)**

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھازىر ئەدەبىيات تارىخىدا ئاز كۆرۈلىدىغان ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىپ مىسلى كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش مەنزىرىسى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ئەدەبىيات گۈلزارىدا ئىلمى فانتازىيىدىن ئىبارەت، بۇ كېيىن كىرگۈزۈپ قويۇلغان نازۇك نوتا تېخى ئۆزلىشىپ مېۋە بېرىشتىن يىراق تۇرماقتا. تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى ئىلمىي فانتازىيە ئەدەبىياتى قىزغىنلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ئاۋام خەلق ئارىسىدا ئومۇملىشىپ، شۇ ئەللەردىكى بىر خىل ئۆزگىچە فانتازىيە مەدەنىيتى ھادىسىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىگە روشەن سېلىشتۇرما ھالەتتە تۇرۇۋاتقىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلاھات ئېچىۋېتىش دەۋرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىمۇ ئىلمىي فانتازىيە ئەدەبىياتى ئوقۇرمەنلەر قاتلىمى شەكىللەنمىدى. بۇ خىل ھادىسە قانداقتۇر يېڭى كىرگەن ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ ۋاقتىلىق تېخى جامائەتنىڭ شەكىللىنىپ ئېڭىغا سىڭىپ كىرەلمىگەنلىكىدىن بولماي، بەلكى بۇنداق ھالەتنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىدا مۇھىمى ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئىدىئولوگىيە تەرەققىيات سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى توسالغۇلار ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىكى مىللىي ئۆزلۈك روھىنى تېپىۋېلىش تىرىشچانلىقىنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قالغانلىقىمۇ سەۋەب بولغانىدى. بۇ ئىجتىمائىي ئامىللار ئاساسەن تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا گەۋدىلىك ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

.1ئۇيغۇر خەلقى سانائەتلىشىشتىن ئىبارەت مىللەتنى زامانىۋىلىشىشقا يېتەكلەيدىغان تارىخىي جەريانىنىڭ تېخى ئورۇندالمىغانلىقىدىن سانائەت مەدەنىيىتى قىممەت قاراشلىرىنىڭ ھۆل تېشى بولغان ئىندىۋىدال خاسلىق ئازادلىقى خەلقىمىز قىممەت ئۆلچەملىرىنىڭ تەركىبىگە ئايلىنالماي، ئىنساندىكى ئىندىۋىدال خاسلىقنىڭ ئەنئەنىۋى ئاسارەت ئىسكەنجىسىدە بوغۇلۇشى فانتازىيە ئەدەبىياتى 19 ـ ئەسىردە ئەينى دەۋردىكى ئەنئەنىۋى خىيالىي ھېكايىلەردىن، ئىنسانىيەت يۈزلەنگەن ئومۇمىي مەسىلىلەر ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى رېئاللىقنى، تەبىئىي پەن تەپەككۇرى بىلەن سۇغۇرۇلغان تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ئىپادىلەش بىلەن ئايرىلىپ چىققان مۇستەقىل بىر ئەدەبىي ژانىر ھېسابلىنىدۇ.

فانتازىيە ئەدەبىياتى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق سانائەت تەرەققىياتى بىرقەدەر يۇقىرى غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە بارلىققا كېلىپ راۋاجلانغان بولسا 20 ـ ئەسىردە پەن ـ تېخنىكا، ئۇنىۋېرسال سانائەت كۈچى دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇدىغان ئامېرىكىدا ھەقىقىي گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرنى كۈتىۋالدى.

فانتازىيە ئەدەبىياتى، جەمئىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىياتى، سانائەتلىشىش دەرىجىسى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېچىۋېتىلىش دەرىجىسى بىلەن ماس قەدەمدىكى تەرەققىياتنى ساقلاپ كەلدى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى فانتازىيە ئەدەبىياتى ھەرگىزمۇ ھازىرقى زامان رىۋايىتى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش راۋاجلىنىشى جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئېھتىياجىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى.

ژىيۇل ۋېرىن 1863 ـ يىلى ئۆزىنىڭ «ئاجايىپ ساياھەتلەر» ناملىق رومانىنى نەشر قىلدۇرۇشتىن ئىلگىرىكى 100 يىل ۋاقىت ئىچىدە غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە سانائەت ئىنقىلابى ئاساسەن ئورۇنلانغان بولۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى، ئاقارتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ مەرىپەت، كىشىلىك خاسلىق ئازادلىقى، ئىنسان ئىدىيە ئازادلىق غايىلىرى، سانائەت تەرەققىياتىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ئېلىپ كەلگەن چوڭقۇر ئۆزگىرىشلىرى ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك رېئاللىشىپ، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى يېڭى بىر ئېتىقادقا ئايلاندى. سانائەت ئىنقىلابى ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسىدە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ 2000 ـ يىللىق ماتېرىيالىزملىق پەلسەپىسى ئىلىم ساھەسىدىن تۇنجى قېتىم شۇ ئەللەر خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىپ، ئىلىم ـ پەن روھى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش نىزاملىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى. ئىلىم ـ پەن ئېتىقادى ئىلىم ساھەسىدىكى بەس ـ مۇنازىرە ھالىتىدىن، سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ئېغىر پاراۋۇزىنىڭ غەربى ياۋروپا زېمىنىنى بېسىپ ئۆتىشى ئارقىسىدا ئوتتۇرا ئەسىر روھانىيلار پەلسەپىسىنىڭ سىرلىق چۈمپەردىسىنى تەلتۆكۈس بىتچىت قىلىپ تاشلايدىغان كۈچكە ئايلىنىپ، ئىنسانىيەتنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈپ، تەبىئەت ئۈستىدىن غالىپ قىلىدىغان يەنە بىر ئېتىقادقا ئايلاندى. ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر قىزىقارلىق ھادىسە، ئىلىم ـ پەن روھى 4 ـ ماي يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى دەۋرىدە دۆلىتىمىزگىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ شۇ دەۋردىكى بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئىلىم ـ پەن روھىدىن ئوزۇق ئالغان ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە ئىشتىراك قىلغۇچىلار ئوخشاش بولمىغان سىياسى مەزھەپلەرگە ئايرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان ئىلىم ـ پەن روھى ئۇلارنىڭ ئورتاق قىممەت قاراشلىرىنىڭ بىرقىسمى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان ئىدى.

سانائەت ئىنقىلابى ئېلىپ كەلگەن يەنە بىر ئاقىۋەت ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىكى مىسلىسىز ئۆزگىرىش بولدى. بىرىنچى قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسى بولغان دېھقانچىلىك ئىگىلىكى جەمئىيىتىدە، ئىشلەپچىقىرىش تۆت پەسلىنى دەۋر قىلغان ھالدا مۇقىم ماكان ـ زامان تەرتىپىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، بۇنداق جەمئىيەت ھامان بىكىنمىچىلىك، ئىنسانىيەتنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدىغان قۇللۇق، مۇستەبىتلىك، ئەركسىزلىك، خۇراپاتلىق قاتارلىقلارنىڭ بوشۇكىگە ئايلىنىپ قېلىشتىن خالىي بولالمايتتى. مەۋجۇت رېئاللىققا ئەنئەنە، ئۆتمۈش ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئىككىنچى قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى ۋۇجۇدقا چىقارغان سانائەت جەمئىيىتى بولسا ئىشلەپچىقىرىش رىقابىتى، مەھسۇلاتلارنى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ۋاقىت ئىستېرىلىكسىنى ئالدىغا سۈرۈش شەكلىدە مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم قوغلىشىپ ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىشنى سىجىل تەرەققىياتقا ئىگە قىلىدىغان ئاچقۇچ تېخنىكا يېڭىلاشتا

ئىدى. سانائەت كارخانىلىرى ئۈزلۈكسىز تېخنىكا يېڭىلىغاندىلا، توختىماي زور ئىقتىسادىي سىلىنمىنى پەن ـ تەتقىقاتىغا سالغاندا ئاندىن تېخنىكا كۈچى جەھەتتە دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭالايتتى. رىقابەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. بۇ خىل سانائەتلەشكەن جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش تۈرمۇش شەكلى كىشىلەرنى ئەركىن پىكىر قىلىشقا، جانلىقلىققا، ئىجادچانلىققا، كۆپ خىللىققا تۈرمۇشنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغان رامكىلارنى توختىماي بۇزۇپ تاشلاشقا، باراۋەرلىك، ئىنساندىكى ئىندىۋىدۇئال خاسلىقلارنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەيتتى.

تۈرمۇش تارىختىكى بىر خىل قىلىپقا چۈشۈپ دەۋرلىنىشتىن رېئاللىق كەلگۈسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى. ئىشلەپچىقىرىش، پەن ـ تەتقىقات پىلانلىرى شەپقەتسىزلىك بىلەن كىشىلەرنى كەلگۈسىنىڭ قىياپىتىنى ئىنىق، توغرا بىلىشكە قىستىسا، خەلقئارا سودا، ئىش تەقسىماتى رىقابىتى كىشىلەرنى تېخىمۇ ئەسەبىلىك بىلەن ۋاقىتقا بەيگىگە سالاتتى. فوتورىزىم ئەدەبىياتى، كەلگۈسشۇناسلىق دەل مۇشۇنداق جەمئىيەت تەقەززاسىدىن بارلىققا كەلگەن ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر.

ئەمما ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئابدۇقادىر داموللا، تەۋپىق ئەپەندى، نىمشېھىت ئارمىيە داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتكە يۈرۈش قىلىپ، ئەنئەنىۋى ئوتتۇرا ئەسىر جەمئىيىتىدىكى ھالەتتىن يېڭى مەدەنىيەتكە كۆچۈش چاقىرىقىنى قىلىپ تا ھازىرغىچە بىرەر ئەسىردەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، شانلىق يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى يارىتىپ دۇنياغا تاراتقان بۇ مىللەتنىڭ سانائەتلىشىش، ھازىرقى دۇنيا تەرەققىي قىلغان مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش غايىسى ھامان شىرىن چۈش پېتى قېلىۋەردى. گەرچە ھۆكۈمەت يېرىم ئەسىردەك ۋاقىت مابەينىدە مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان خىلمۇ ـ خىل ئىقتىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن بولسىمۇ، بۇ مىللىتىمىزنىڭ سانائەتلىشىش يولىدىكى قىممەتلىك تايانچ كۈچلىرى رايونىمىزنىڭ سانائەتلىشىش جەريانىغا قاتنىشالمىدى. بۇ دىيارىمىزدىكى كۆپ قىسىم ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى، بۇ خىل دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭمۇ پەن ـ تېخنىكا سىلىنمىسى تۆۋەن بولۇپ، ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى كاتېگورىيىسىدىن تەلتۆكۈس ھالقىپ كېتەلمىگەنلىكى شۇنداقلا ئاز ساندىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭمۇ كۆلىمى چەكلىك بولغانلىقىدىن ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن تۆكمە قىلىنىدىغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سانائەتلىششى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قىممەتلىك ئىقتىساس ئىگىلىرى بايلىقى، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالماي، ھۆكۈمەت مەمۇرلىرى ۋە باشقا مەمۇرى ساھەلەردە ئارقا سەپ مۇلازىمەت ساھەلىرىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالماي، بىسلىپ قېلىپ دۆلەتنىڭ زور مەبلەغ سېلىپ تەربىيىلىگەن سانائەت ئىقتىساس ئىگىلىرى سانائەتلىشىش جەريانىنىڭ سىرتىدا قىلىش تەقدىرىگە دۇچار بولىۋاتىدۇ.

رايونىمىزدا دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى ئوتتۇز يىلدا شىنجاڭ دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق سانائەت رايونى بازىسى قىلىنماي، چېگرا مۇداپىئە ئالدىنقى سەپ رايونى قىلىنغانلىقى، 80 ـ يىللاردا ئىچكى ئۆلكىلەردە كۆتۈرۈلگەن يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى قۇرۇش قىزغىنلىقى، دۆلىتىمىزنىڭ ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيىسىدە ئۈچىنچى باسقۇچتا ئېچىۋېتىلىش رايونى قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇيغۇر ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر يېزىلىرىدا مەملىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قاينام تاشقىنلىق سانائەتلىشىش مەنزىرىسىگە نىسبەتەن ھېچقانچە سانائەتلىشىش دولقۇنى پەيدا قىلالمىدى. كۆپ قىسىم ئۇيغۇر ئاھالىسى سانائەت ـ ئىشلەپچىقىرىش چەمبىرىكىنىڭ سىرتىدا قالدى. ساغلام بازار ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە شەكىللىنىدىغان، ئىلىم ـ پەن روھى، باراۋەرلىك قارىشى، دېموكراتىك ئاڭ، تەۋەككۈلچىلىك روھى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى قاتارلىقلار بۇ رايوندىكى كەڭ ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ ئېتىقادىنىڭ بىرقىسمىغا ئايلىنالمىدى، شۇڭلاشقا بىزدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ بىردىنبىر غايىسى تۆمۈر تاۋاقتا ئىگە بولۇپ، قاينام تاشقىنلىقى بولمىغان كېلەڭسىز مەمۇرى ئورگانلارغا ئورۇنلىشىش بولۇۋاتىدۇ ھەم شۇ جايلاردا زېھنى كۈچىنى خورىتىپ قويىۋاتىدۇ. خۇددى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نەچچە مىڭ يىللار جەريانىدا داۋاملىشىپ كەلگەن ئىلىم ـ ئىرپان پەقەت پىل چىشى سارىيى بولغان مەدرىسلەردىكى ئىلمي مۇھاكىمە، بەس ـ مۇنازىرە بىلەنلا چەكلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىكىدەك، سانائەتلىشىشتىن ئىبارەت ھازىرقى زامان قۇدرەتلىك دۆلەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى تۈپ نىگىزىدىن ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلەلەيدىغان

**پاراۋۇزنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، كەڭ ئۇيغۇر خەلقى ھازىرقى زامان قىممەت قاراشلىرىنى شەكىللەندۈرىدىغان كۈچتىن مەھرۇم ھالەتتە ياشاۋاتىدۇ.**

**شۇ سەۋەبلەردىن پۈتكۈل مىللەتنىڭ روھىتى ئوردا ئاغۋاتلىرىنىڭ قۇلچىلىق ئېڭىنىڭ چىرىتىشىگە ئۇچراپ، خۇراپاتلىق ساختا قائىدە ـ يوسۇنلار ئىسكەنجىسىگە باغلىنىپ، ئۆزىدە بىسلىپ ياتقان غايەت زور ئېنېرگىيىنىڭ پارتلاپ چىقىش ئىغىزىنى تاپالمايۋاتىدۇ. 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇش ھارپىسىدىمۇ رېئاللىق يەنىلا ئەنئەنە ۋە ئۆتمۈشنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرىۋاتىدۇ.**

**.2ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتىنى رېئاللىقتا، كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈشتىكى يەنە بىر توسالغۇ بىزنىڭ ئەنئەنىمىزگە، تارىخىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ئىدىلوگىيە بىر مەنبەچىلىكى، ئىدىلوگىيە مۇستەبىتلىكىدۇر.**

**ئاۋام خەلقنىڭ جامائەت پىكرىدە يەنىلا ھۆكۈمران ئورنىدا تۇرىۋاتقان روھانىيلار پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ ئەقىل ئىدراك تېخى چۈشەندۈرۈشكە قادىر بولالمىغان، رېئاللىقنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، شەيئى ھادىسىلەرنى رەت قىلىش، تەقىپ ئاستىغا ئېلىش پوزۇتسىيىسى، فانتازىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر ئىزىدا توختاپ قېلىشىنى بەلگىلىگەن ئىدى. ناتونۇش دۇنياغا سەپەرۋەر قىلىش تەسەۋۋۇرلىرى، تاشقى پىلانىتتىن ھاياتلىق ئىزدەش، ھاياتلىقنى سۈنئىي ئۇسۇلدا تۇرلەپ چىقىش قاتارلىق 20 ـ ئەسىرنىڭ، رىۋايەتلەردىكىدەك ئىلىم ـ پەن مۆۋاپىيەقىيەتلىرىنى بىزنىڭ بەزى ئىلىم ـ پەن روھىنى قوبۇل قىلالمىغان كىشىلىرىمىز ھېسسىيات جەھەتتىن قوبۇل قىلىشنى خالىمايتتى. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە جامائەت ئىتراپ قىلغان ئىلىم ـ پەن روھى شەكىللەنمىگەنلىكىنىڭ بىۋاستە ئاقىۋىتى ئىدى. بۇ بىر خىل تاسادىپى ئىجتىمائىي ھادىسە بولماستىن، بەلكى ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنە ئاساسىدا راۋاجلانغان مۇقەررەرلىكتۇر.**

**ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزى ياراتقان شانلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەت دۇردانىلىرى بىلەن شەرق مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر پەقەت تارىخ، پەلسەپە، دىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردىلا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ قالماستىن بەلكى يەنە تەبىئىي پەن ساھەسىدىمۇ مەدىبەئەچىلىك، قەغەز ياساش تېخنىكىسى، راك كىسىلىنى داۋالاش تېخنىكىسى قاتارلىق ئىنسانىيەت تارىخ تەرەققىياتىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ئالەمشۇمۇل تەبىئىي پەن كەشپىياتلىرىنى ياراتقان ئىدى. بىراق ئۇزاق ئەسىرلىك ئۇيغۇر تارىخىغا نىسبەتەن بۇلار بىر كۆتۈرلۈپ بىر يوقۇلۇپ تۇرىدىغان ساددا ماتېرىيالىزملىق پەلسەپىنىڭ غەلىبىسى بولۇپ، پەقەت مەلۇم دەۋردىكى مەلىكىلىك ئۈستىكار، تىۋىپ ياكى ئالىمنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنىڭ جەۋھىرىدىنلا ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى خالاس. ھەرگىزمۇ بىر مىللەتنىڭ مىللىي روھىنىڭ بىرقىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ئىلىم ـ پەن روھىنىڭ ئاساسىدىكى ماتېرىيالىزملىق پەلسەپىنىڭ نەزەرىيىۋى يىتەكچىلىكىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى ئەمەس ئىدى. بۇمۇ قەدىمىي دۇنيانىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەن ئالەمشۇمۇل تەبىئىي پەن كەسپىياتلىرىنىڭ مىڭ يىللار جەريانىدا ئۆزگەرمەي بىر ئىزدا توختاپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئىدى. باشقا شەرق مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت، پەلسەپە ئەنئەنىسىمۇ ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئورتاقلىقتا ئىگە ب ولۇپ، ياۋروپانىڭ 2000 ـ يىللىق ماتىرىيالىزملىق پەلسەپە تارىخى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ئىدى.**

**ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يۇقۇرى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىپادىلەپ گىگانت شاھانە ئەسەر (قۇتاتقۇبىلىگ) دىكى «بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم» شوئارى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىلىم. ھازىرقى زامان تەجرىبە ئىلمى ئاساسىدىكى «بىلىم كۈچ» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان فرانسىس بىكوندىن بەش ئەسىر بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ بىراق (قۇتاتقۇبىلىگ) مۇئەللىپىنىڭ گۈزەل ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە قارخانىلار دەۋرىدىن كېيىنلا يىللار مابەينىدە ھۆكۈمران سىنىپ (قۇتاتقۇبىلىكنى) دۆلەت باشقۇرۇش قامۇسى قىلىپ، ئادىل قۇدرەتلىك دۆلەت تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىپ، ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىغا يول ئېچىپ، بىلىمنى دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئاساسى قىلىشقا قادىر بولالمىدى.**

ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىنى كەڭ راۋاجلاندۇرۇپ ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، ئىلىم ـ پەننى راۋاجلاندۇرۇشنى دۆلەت سىياستى قىلىپ بەلگىلەپ، پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى بىلەن ئۆتكۈزگەن ھۆكۈمران ئۇلۇغ بەگنىڭ روھانىيەتچى كۈچلەر سۇيقەستىدە پاجىئەلىك ھالدا قەتلى قىلىدىغانلىقى(ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى. 245 ـ بەت.)

ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسى ئاتمۇسفىراسىدا روھانىي كۈچلەرنىڭ ئۈزۈن تارىخ مابەينىدە ھامان ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ (قۇتاتقۇبىلىگ) غايىسىنىڭ ساددا ماتېرىيالىستىك دۇنيا قاراشتىن شەكىللەنگەن ئىلىم ـ پەن روھىنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچراپ، ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىنىڭ ھەقىقىي زىلزىلىسىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىنىڭ بولماسلىقىنى بەلگىلىگەن ئىدى. ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىسلام مەدەنىيىتى تىكلىنىپ، يېقىنقى دەۋرلەرگىچە بولغان مىڭ يىللار مابەينىدە جەمئىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىدىلوگىيە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئەخلاق جەھەتتە ئۆز ـ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش دەرىجىسىنى، ئاساسلىقى دىنىي بىلىم ئىگىلەش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى ئۇلارنىڭ قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلاتتى. تېخنىكىلىق بىلىم، تېببىي دورىگەرلىك ساھەسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەزەلدىن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ باقمىغان ئىدى. شۇڭا تېخنىكىلىق بىلىم جۇغلانمىسى بىر ئىزىدا توختاپ قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەك شەكلىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان كۈچكە ئايلىنالمىدى. جەمئىيەتتە ھۆكۈمران ئىدىلوگىيىنىڭ ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى تەرىپىدىن ئاللىقاچان بەلگىلىنىپ بولغان قىسمەت ئۇيغۇرلاردا ئىلىم ـ پەن روھىيىتىنىڭ شەكىللەنمەسلىكىنى، ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىغا بولغان قىزغىنلىقىنىڭ، ئىجادچانلىق روھىنىڭ، مىللەتنىڭ ئىچكى ئېنېرگىيىسىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاپ بوغۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى.

شۇنداقلا بىزدە ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىدىلوگىيە بىر مەنبەچىلىكى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقى، ئۇيغۇر تارىخى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئىسلامىيەتتىن كېيىن كۆپ خىل قىممەت قاراشلىرى ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، راۋاجلىنىشى ئەنئەنىۋى ئاتمۇسفىراسى بولمىغانلىقى ۋە ئاساسلىقى ئىسلامىيەتتە ئاخىرقى پەيغەمبەردىن كېيىن كەلگۈسىدىن بىشارەت بېرىش چەكلەنگەن رايون بولغانلىقى، شۇنداقلا يەنە مۇھىمى ئۇيغۇر جەمئىيىتى، قامائەت پىكرى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ئىلىم ـ پەن روھىي شەكىللەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە فوتورىزم ئەدەبىياتى، كەلگۈسىشۇناسلىققا بولغان قىزغىنلىقىنىڭ سۇس، تەسەددىبى پەيدا بولۇپ قالىدىغان، ئۆتكۈنچى ھېسسىيات بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن ئىدى.

فانتازىيە ئەدەبىياتىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىككە، ئىدىلوگىيە، پىكىر ئەركىنلىكى نىسبەتەن كەڭ قوللۇق پوزىتسىيە تۇتىدىغان، ھەر خىل يېڭى ئەدەبىي ئۇسلۇپلارنىڭ سىناق مەيدانى بولغان فرانسىيىنىڭ فانتازىيە ئەدەبىياتىنىڭ بۆشۈكى بولغان بولسا، تارىخى يۈكى تېخىمۇ يوق دېيەرلىك خەلقىگە كىچىكىدىن ئىجادچانلىققا، ئىندىۋىدال خاسلىقنى ئىپادىلەشكە ئىلھام بېرىدىغان ئامېرىكا ئەدەبىياتىنىڭ، فانتازىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى يارىتىپ، كەلگۈسشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەتقىقات مەركىزى بولۇپ قالغانلىقىمۇ مۇھىم بىر دەلىل بولالايدۇ.

.3فوتورىزىم ئەدەبىياتى ۋە كەلگۈسىشۇناسلىقنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا راۋاجلىنىپ ۋايىغا يېتەلمەسلىكىنىڭ يەنە بىر مۇھىم سەۋەبى، فانتازىيە ئەدەبىياتىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولغان، فانتازىيە ئەدەبىياتى ۋە كەلگۈسىشۇناسلىق ئىلمىنىڭ، ئىنسانلارنىڭ شەخسى تۇرمۇش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن مەلۇم قەۋم، مىللەت ۋە ئىنسانىيەت ئورتاق يۈزلەنگەن، ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە باغلانغان زور تېمىلارنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تېمىسى ۋە تەتقىقات مەركىزى قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. فانتازىيە ئەدەبىياتىنىڭ سېھرىي كۈچىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. چۈنكى فانتازىيە ئەدەبىياتى قاراڭغۇلۇق دۇنياسىغا ئېچىلغان بىر يورۇق روجەك. ئەدەبىيات تارىخىدىن قارىغاندا ئەدەبىيات تەرەققىي قىلىپ مۇشۇ دەۋرگىچە پەقەت فانتازىيە ئەدەبىياتىدىنلا تۇنجى قېتىم ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى، تەبىئىتىنى، كائىنات مەسىلىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تېمىسى قىلدى، تەبىئەتكە كۆڭۈل بۆلۈش روھىنى ئىپادىلىدى، باشقا ئەدەبىيات ژانىرىدىكى ماكان، زامان چەكلىمىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەش ۋاستىسىنى بېيىتىپ، يېڭى تەسەۋۋۇر بوشلۇقى بىلەن تەمىن ئەتتى.

فانتازىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇنى ئىجادىيەت جەريانىنىڭ مەركىزى قىلىپ، ئىلىم ــ پەننى، تەبىئەتنى، ئىنسانلار تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ۋە پارلاق كەلگۈسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغان يۈكسەك بىر پەللىگە قويۇپ تەسۋىرلىشى، فانتازىيە ئەدەبىياتىنىڭ غايىۋىلىك تەرىپىنى بەلگىلىگەن ئىدى. بىر مىللەت پەقەت دۇنياۋى روھى ئىرادىسىنى چوڭقۇر تونۇپ، رېئاللىقتا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ يېقىنلاشقاندىلا، رېئاللىقتىكى تراگېدىيىلىك ئامىللار ئاندىن شۇ مىللەت قەلبىدە مۇجەسسەملىنىپ، رېئاللىقتا، ھايات ــ ماماتلىق پاسىلىدا تۇرۇپ يۈزلىنىپ، مىللەتنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئىڭىدىكى ھاياتىي كۈچ ۋولقانلىرى شىددەتلىك پارتلاپ چىقىپ، رېئاللىقنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىشقا ئىنتىلىدىغان غايىۋى كۈچ ئاندىن بالقىپ چىقالايدۇ. بۇ خىل روھ قەدىمكى يۇنان سەنئىتىدە ئولىمپىك تېغىدىكى ئىلاھلار ئوبرازى ئارقىلىق مۇپەسسەل ئىپادىلىنىپ، ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ غايىۋىلىك تەركىبى قىسمىنى شەكىللەندۈرگەن بىر مەنبە بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتا ــ بوۋىلىرىمۇ قەدىمى يايلاق مەدەنىيىتى دەۋرىدە، مۇشۇ خىل چوڭقۇر ھايات ــ ماماتلىق ھاياتلىق ئېڭىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ئۇلار شىمالىي ئاسىيانىڭ يايلاقلىرىنىڭ شەپقەتسىز تەبىئىي مۇھىتىدا، پەقەت نورمال كىشىلىك ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ پاراغىتى ۋە خاتىرجەملىكىدىن كۆڭلى تەسكىن تاپالمايتتى. بۇ ئۇلار تۆلىگەن بەدەلگە توغرا كەلمەيتتى. شۇڭا ئۇلار ھايات ــ ماماتلىق قويندىكى جەڭگاھلاردىلا ھاياتلىقنىڭ قىممىتىنى تولۇق ھېس قىلالايتتى. ھاياتلىقنىڭ غايىۋى نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرقانداق جەۋرى ــ جاپاغا، قان تۆكۈشكە باش ئەگمەيتتى. ھوقۇق دائىرىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئۇيۇل تاشتەك كوللېكتىپ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ئات ئۈستىدە قۇدرەتلىك دۆلەتلەر قۇرۇپ پارلاق مەدەنىيەت يارىتىپ ئۆزلىرىنىڭ شەخس تۇرمۇش چەمبىرىكىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ، غايىۋى نىشانلىرى ئۈچۈن كۆرەشكەن ئاتا ــ بوۋىلىرىمىزنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى داغدۇغىلىق كۆرەشلىرىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىنى «ئوغۇزنامە» ئەپۇسىدىن كۆرۈۋالىمىز. بۇ ئەپۇس كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭدىكى بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ھاياتى كۈچىنىڭ شىددەتلىك يامراپ بىرىۋاتقان كۈچ ــ قۇدرىتىنى، ئۇلۇغۋار غايىۋى نىشانى ئۈچۈن قان كېچىپ كۆرەشكە ئاتلانغان سىماسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇيغۇرلار 840 ــ يىلى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىر قېتىملىق پارچىلىنىشنى باشتىن كەچۈردى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ زاۋاللىقا يۈز تۇتىۋاتقانلىقىنىڭ بىۋاستە ئاقىۋىتى ئىدى. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر بۆلىكى قۇرغان قاراخانىيلار خانلىقى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن گەرچە بۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى تەرتىپلىك، مەدەنىيەتلىك قىلىپقا چۈشكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئىگىلىگەن تېررىتورىيىنىڭ كەڭلىكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسى سەھنىسىدىكى ھاكىم مۇتلەقلىق ئورنىدىن قارىغاندا، ئۇلاردا ئىسلام يىپىنچىسى ئاستىدا، مىللەتنىڭ كۆرەشچانلىق، قەيسەرلىك روھىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقى، كوللېكتىۋىزىملىق روھىنىڭ ئىسلام بايرىقى ئاستىدا يەنە ئەسلىگە كېلىپ كۈچىيىپ بارغانلىقىنى، كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭدا، شەخسى تۇرمۇش، ھۇزۇر ــ ھالاۋەتلىرىدىن كۆپرەك، ئاشۇ دەۋر ئىجتىمائىي فورماتسىيىسى بوشلۇقىدا رېئاللىقنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىغان يۈكسەك غايە، تەسەۋۋۇر نۇرلىرىنىڭ پارلاپ تۇرغانلىقىنى، شۇ دەۋرنىڭ ئىدىلوگىيە ئەينىكى بولغان ئىنسكلوپىك ئەسەر «قۇتاتغۇبىلىگ»دىن ئېنىق كۆرىۋالالايمىز.

»قۇتاتغۇبىلىگ» شېئىرى شەكلىدە يېزىلغان ئىسلامىيەتنىڭ ئەخلاق ــ ئەككاملىرى زىر ــ زىۋەرلىرىگىچە چوڭقۇرلاپ تەشۋىق قىلىنغان رىيالىستىك ئەسەر. ئىسلامىيەتنىڭ تۈرۈكلەر رايونىغا ئۆزلەشكەندىن كېيىن، تۈرك تامغىسى بېسىلغان قۇرئان، شۇنداقلا ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ رېئال ئەھمىيىتىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن غايىۋى تەسەۋۋۇرلارغا باي ئېچىۋېتىلگەن كەڭ قورساق روھقا ئىگە، ئىسلام ئەخلاق ئۆلچەملىرى ئۈرنەك قىلىنغان ھەم تەشۋىق قىلىنغان گۈزەل غايىۋى مۇكەممەل دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن غايىۋى رومانتىزملىق ئەسەر. تۆت ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار سۇلالىسى ئاخىرى قارا قىتانلار تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىندى. ئارقىدىن يەنە موڭغۇللارنىڭ جاھاننى لەرزىگە سالغان دەھشەتلىك يۈرۈشلىرى ئاستىدا بىتچىت بولۇپ، نەچچە ئەسىرلىك موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى ھۆكۈم سۈردى. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە بولسا، موڭغۇللار يەنىلا مەدەنىيەتلىك مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيىلىنىپ يەرلىكلەشكەن، ئۇيغۇرلاشقان مۇسۇلمان ھاكىمىيەتكە ئايلانغان ئىدى.«ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» شەرىپىدىن ئۆمەر، 1 ــ قىسىم 1 ــ 2 ــ بەت.

بۇ دەۋردە چاغاتاي ئەدەبى تىلىدا ئۇلۇغ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كېلىپ ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرقايسى ساھەسىدە بۈيۈك ئوتتۇقلارنى ياراتقان ئېنسىكلوپېك گىگانت شەخسلەر بارلىققا كەلدى.

ئەلشىر ناۋائى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى دەۋر روھىنى زىمىسىگە يۈكلىگەن، شۇنداقلا مەلۇم جەھەتتىن دۇنياۋى روھنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ياندىشالىغان مۇتەپەككۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كەڭ كارتىنىسى، رىئالنى سىياسى كۆرەشلەر، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، خەلققە ئاسايىشلىق يارىتىش ئارزۇلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپلا قالماي، بۈيۈك ئەسەر «سەئىدى ئىسكەندەر»دە قەدىمى دۇنيادىكى بۈيۈك ئىستىلاچى، قوش مۈڭگۈزلۈك پاغىشانامىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا رىۋايەت شەكلىدە تارىلىپ يۈرگەن ئىسكەندەر رۇلپىقەرىيىن ئوبرازىنى مۇسۇلمانلاشتۇرۇپ گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ئېلىپ بارغان ھەربى يۈرۈشلىرى ئارقىلىق ئىسلام غايىسى بىلەن دۇنيانى بويسۇندۇرۇش ئىستىگىنى ئىپادىلەپ، دۇنياۋى روھنى، كوللېكتىۋىزملىق روھنى ئىجتىمائىيلىققا ياتىدىغان ئەخلاق قاراشلىرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 500 يىل مابەينىدە، قەدىمي يىپەك يولى دۇنيا سودا يولىنىڭ تۆت كوچا ئېغىزى بولۇشتەك ئورنىدىن، دېڭىز سودا يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تاشلىنىپ قالدى.

سەئىدىيەلەر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە بۇ زېمىندا ئىچكى نىزا يامراپ، بىر ـ بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان دىنى مەزھەپلەرنىڭ دەھشەتلىك قىرغىنىدا مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى، بىرلىكتە ئورتاق مەنپەئەت، ئورتاق مەقسەتلەر ئۈچۈن كۆرۈشۈش ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن دەۋر داۋاملاشقان نامراتلىق، قالاقلىق، ئەركسىزلىك، خۇراپاتلىقنىڭ ئېغىر زەنجىر ـ كىشەنلىرى بۇ جايدىكى ئىنسانلارنى رېئاللىقنىڭ جەۋرى ـ زۇلۇملىرى بىلەن چەمبەر چەس باغلاپ قويدى. كېيىنكى ئۇزاق تارىخى جەريانلاردا يەنە ئۇزۇلمەي ئەرك سۆيەر ئوغلانلارنىڭ باتۇرانە كۆرەشلىرى، قارشىلىقلىرى پەيدا بولۇپ تۇرسىمۇ، بىراق يەنىلا ئۇزۇنغا بارماي باستۇرۇلۇپ، رېئاللىقنىڭ ئىسكەنجىلىرىگە مەھكۇم بولدى. سىنىپى، مىللىي ئېزىلىش نەچچە ئەسىرلەپ چوڭقۇرلاپ بېرىشى بىلەن كەڭ ئاۋام خەلق ھاكىمىيەت باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ سىرتىدا قالدى. ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا قاتنىشالماسلىقنىڭ بىۋاستە ئاقىۋىتىدە كەڭ خەلقتە ئۇزۇن يىل مابەينىدە كوللېكتىۋىزملىق روھ يوقاپ كەتتى.

ئۇيغۇرلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جەنۇبى شىنجاڭ پەقەتلا جۇغراپىيىلىك نامىلا بولۇپ قېلىپ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۆزلۈكىدىن بەكرەك، مەۋھۇم مۇسۇلمان چۈشەنچىسىدە تونۇيدىغان، پەقەتلا ئۆزلىرىنىڭ قەشقەرلىك، ئاقسۇلۇق، خوتەنلىك قاتارلىق كوللېكتىپ پسخىكا جەھەتتىكى رايون پەرقى نۇقتىسىدىنلا چۈشىنىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. قۇدرەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيا پارچىلىنىپ شەھەر بەگلىكلىرىگە ئايلىنىپ قېلىپ، يۇرتۋازلىق، مەھەللىۋازلىق يامراپ، ئورتاق مىللىي ئۆزلۈك، مىللىي تەۋەلىك ئېڭى يوقاپ، بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، شەخسىيەتچى، قورقۇنچاق، شەپقەتسىز، ھىيلىگەر، بىر ـ بىرىگە ھەقىقىي مېھرى ـ مۇھەببەت بولمىغان، ساختا ئۆرپ ـ ئادەتلا باغلاپ تۇرغان، يەككە ـ يىگانە ئىنسانلار توپىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇيغۇر تارىخىنىمۇ ئەمەلىيەتتە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا يايلاق مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى كوللېكتىۋىزملىق روھ، قۇدرەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ پارچىلىنىپ بېرىش تارىخى دېيىشكە بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەلشىر ناۋايىدىن كېيىنكى بەش يۈز يىللىق ئەدەبىيات، كۈچلۈك ئىجتىمائىيلىق تۈسىنى ئالغان غايىۋىلىككە، كوللېكتىۋىزملىق روھقا ئىگە ئەدەبىيات ئەمەس بەلكىپەقەتلا شەخسى قەھرىمانلىق يۈكسەك پەللىگە يەتكۈزۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن.، شەخسىي تۇرمۇش ئائىلە ـ نىكاھ مۇھەببەت قىزغىنلىقى ئاساسى سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئەدەبىياتقا ئايلاندى. چۈنكى رېئال ھاياتتا ئىنساندىكى بۇ خىل ئەڭ ئەقەللىي مۇھەببەت ئەركىنلىكىمۇ تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان ئىدى. ئىلگىرىكى رېئاللىقتىكى ئېھتىياجدىن زور دەرىجىدە ھالقىغان غايىۋى روھ ئۈچۈن، كۆرەشكەن ئۇيۇشقاق قەۋم پارچىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ شەخسى تۇرمۇش چەمبىرىكىدىن ھاياتلىق قىممىتى ئىزدەيدىغان شەخسلەر توپىغا ئايلاندى.

»غېرىپ ـ سەنەم»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «رابىيە ـ سەيدىن»گە ئوخشاش داستانلار ۋە باشقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى چۆچەكلەر دەل مۇشۇ خىل كۈچلۈك تراگېدىيىلىك روھتىن ئىجتىمائىيلىقتىن، كوللېكتىۋىزملىق روھتىن ئەسەر بولمىغان،

شەخسى تۇرمۇشتىن قانائەت ھاسىل قىلىش پىسخىكىسىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى بولۇپ بۇ ئەسەرلەر چوڭقۇر ئىجتىمائىي روھقا ئىگە ئەمەس ئىدى. رېئاللىنى سىياسى كۆرەشلەردىن، چوڭقۇر زىددىيەت توقۇنۇشلاردىن، كوللېكتىپ ئاڭدىكى كىرزىسلاردىن چەتنەپ ئۆزىنى قاچۇرغان ئىدى. دەل مۇشۇنداق ئاساسلار ئۈستىدە راۋاجلانغان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى، كوللېكتىۋىزملىق روھىنى، ئۇلۇغۋار غايىۋى روھىنى، شەخسى تۇرمۇش چەمبىرىكىدىن ھالقىغان پۈتكۈل مىللەتكە، ئىنسانىيەتكە يۈزلەنگەن ئىزدىنىشلىرىنى تېپۇېلىشقا قادىر بولالمايۋاتىدۇ. شۇڭا فانتازىيە ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىردىن بىرى بولغان، شەخسى تۇرمۇش چەمبىرىكىدىن ھالقىغان زور تېمىلار، غايىۋى تەرەپلەر ھامان ئۇيغۇر كىتابخانلار ئارىسىدا قىزىقىش قوزغىيالمايۋاتىدۇ. فانتازىيە ئەدەبىياتى، فوتورىزم تەتقىقاتىنىڭ بىزدە ئىنتۇارغا ئېرىشەلمەسلىكىگە، بىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا، ئەدەبىياتىمىزدا مۇشۇنداق غايىۋى روھ ۋە كوللېكتىۋىزملىق روھنىڭ كەم بولغانلىقى سەۋەب بولۇپلا قالماي مۇھىمى بىزنىڭ يىراق تارىخى زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن «گىگانت ئادەملەر مەدەنىيتى»نىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىن تەدرىجى «ھاشارەتلەر مەدەنىيىتىگە» ئورۇن بېرىپ قويغانلىقى ۋە ھازىرقى زامان مائارىپى يېتىشتۈرگەن زىيالىيلارنىڭمۇ جەمئىيەتنىڭ ۋىجدانى بۇرچ تۇيغۇسىنى ۋە ئىجتىمائىي بۇرۇچ تۇيغۇسىنى، كوللېكتىپ روھنى ئويغۇتۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى ئۆنتۈپ، تۇرمۇش ماتېرىيالىغا، ماددىنىڭ، ھوقۇق ـ مەنپەتنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قىلىۋاتقانلىقى سەۋەب بولغان ئىدى. بىلىشىمىز كېرەككى نوبىل مۇكاپاتىنى تەسىس قىلغۇچى نوبىل، ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىش سالاھىيىتى بولغان يازغۇچىلارنىڭ شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەدەبىياتتا ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى غايىۋىلىك تەرەپنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەن يازغۇچىلارغا مۇكاپات بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغىنىغا ئوخشاش، ئەدەبىياتتا ئىنسانلار تۇرمۇشى يۈزلەنگەن كەلگۈسنى، غايىۋىلىكنى، ئىپادىلەش فانتازىيە ئەدەبىياتىنىڭ ماھىيىتى، جىنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بارلىق ئېسىل ئەدەبىيات دۇردانىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

# ئەركىنجان ئەمەت ھېكايىلىرى

## شاھى مەردان

تاڭ سەھەر ۋاقتى ئىدى. ۋوگزال ئالدىدىكى كەڭ مەيداندا پويىز ياكى ئاپتوۋۇز كۈتۈۋاتقانلاردىن باشقا مېڭىپ يۈرگەنلەرنى كۆرگىنى بولمايتتى. ياز بولۇشىغا قارىماي سەھەر ھاۋاسى خېلى سوغۇق ئىدى. ۋوگزالغا پاتمىغانلار سىرتتا شۈمشىيىپ تۇراتتى. ئېغىر ئىس نەگە بېرىشىنى بىلمەي قالغان يولۇچىدەك مەيداندا توختاپ قالغان ئىدى. قول ھارۋىلىرىدا تىجارەت قىلىدىغانلار۔ چايچى، قۇيماق، سۈيۈق ئاش قاتارلىق ئەرزان تاماقلارنى ساتىدىغانلار ئالدىراش تەييارلىق قىلىشۋاتاتتى. بىر دەمدىن كېيىن پويىز كېلەتتى. پويىزدىن چۈشكەن يولۇچىلار يۈك۔ تاق، بالا۔ چاقىلىرى بىلەن ۋوگزالدىن يوپۇرۇلۇپ چىقىپ ئەرزان، تەييار يېمەكلىكلەرنى قويماي يەۋېتەتتى. ئاندىن ھارغىن ۋە تويماس نەزىرى بىلەن ئەتراپقا قارايتتى. ئاندىن ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ئاپتوۋۇزلارغا يۈگرەيتتى .

پويىز كېلىپ بىر دەمدىن كېيىن مەيدان بوشاپ قالدى. ئىشقا چىقىش ۋاقتى توشمىغاچقا مىنىبوسلار تېخى كەلمىگەن ئىدى. ئاپتوۋۇز ۋاقتىدا كېلەلمەي تۇرۇپ قالغان بىرەر توپ يولۇچىلار بىر۔ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقاندەك ۋارقىراپ سۆزلىشىۋاتاتتى. بۇ ئاۋاز جىم۔ جىت مەيداندا چۆلدىن بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن ئاۋازدەك ھەم يات ھەم قورقۇنچلۇق ئاڭلىناتتى .

بىر ئايال ”خۇدايىم بىرەر“ دەپ بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىراپ مەيداننىڭ بىر بۇرجىكىدە پەيدا بولدى. قولىدا ئۆزىدىن ئېگىز، يالىقاۋ، تۇرقىدىن تۇغما مەتۇلىقى چىقىپ تۇرىدىغان بىر بالىنى يېتىلىۋالغان ئىدى. ئايالنىڭ كىيىملىرى ھەم كىر، ھەم كونا ئىدى. بالىنىڭ كىيىملىرى ئەكسىچە يېڭى، رەتلىك تۇراتتى. لېكىن ئېغى يىرتىق ئىدى. بېشىدا چىرايلىق چىمەن دوپپا بار ئىدى. بىر كۆزىنى چاپاق بېسىپ كەتكەن، يەنە بىر كۆزىنى بىر يەرگە بىر ئاسمانغا قارىتىپ ئېچىپ يۇمۇپ ماڭاتتى. پۇتلىرى خۇددى

ئات منىپ چوڭ بولغاندەك تېشىغا ئىگىلىپ تۇراتتى. بىر قولى ئېغىدا ئىدى. ئايال ئۆزىمۇ مەتۇ قېتىش كۆرۈنەتتى. ئۇ ۋاقتىدا ماڭالماي قالغانلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، "خۇدايىم بىرەر" دەپ تەكرار ۋارقىرىدى. ئۇلار ۋارقىرىشىپ سۆزلىششتىن توختاپ چىرايلىق ئارزۇلىرىغا بىردىنلا سوغۇق سۇ سېپىلگەندەك ئەندىكىپ تۇرۇپ كېتىشتى. ئايال ئۇلاردىن ھېچنىمە ئۇندۇرەلمەي قاغاپ كىتىپ قالدى. ئۇ توختاغلىق ھەر بىر ئاپتوۋۇزنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئوخشاش گەپنى تەكرارلاپ ماڭدى. ئۇنىڭغا سەدىقە بىرىدىغانلار بۇ ئەتىگەندە يوقتەك تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئادىتى بويىچە ئادەم قارىسى بار يەرنىڭ ھەممىسىگە باردى. سەدىقە بىرىپ قالسا قولىنى كۆتۈرۈپ ئۈزاق دۇئا قىلاتتى. ئۇ بىر سەدىقە بەرگۈچىگە دۇئا قىلىش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈردى. بالا بوشۇنۇپ ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە كىتىپ قالدى. ۋوگزال ئەتراپىدا قاقتى- سوقتىغا تايىنىپ جان باقىدىغان نەچچە قۇلاق كەستى بالا بالىنى بىر بوتكىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇپ قويدى. ئايال قولىنى چۈشۈرۈپ ئەتراپىغا قارىسا بالا يوق. كۆزلىرى ياشاڭغۇراپ:

- ھەي شاھى مەردان- دەپ ۋارقىرىدى .

يۈگۈرۈپ ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ چىقتى. بىر قۇلاق كەستى بالا كىلىپ:

- بالاڭ بىر تەتەي بىلەن پويىزغا ئولتۇرۇپ ماڭدى.- دىدى.

ئايال بۆقىرەپ يىغلاپ مەيداننى بىر ئالدى. بىكارچىلار يىغىلىپ كەتتى. ئايال ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ تىپچەكلەپ يىغلايتتى. يۈز- كۆزلىرى توپىغا مىلىنىپ كۆرگۈسىز بولۇپ كەتتى. ھېلىقى باللار قاقاھلاپ كولۈشەتتى. ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسمى مەيداننىڭ بىر تەرىپىدە بالىنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرۇۋېتىپ تاماشىا كۆرۈۋاتاتتى. ئۆتۈپ كىتىۋاتقان ئاياللار يۈزىنى توسۇپ قېچىپ كىتەتتى. ئانىنىڭ قەغىشى چىكىگە يەتكەندە باللار ئۇنى ئۇنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئايال غەلۋىسىنى توختۇتۇپ بالىغا ئېسىلىپ ئۇنى سۆيۈپ كەتتى .

ئايالنىڭ ئېرى بولغانمۇ ئەمەسمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇرۇن ئېرىم بار دەپ يۈرەتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئۇنداق دىگىنىنى ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىدى. ئۇ بالىنى كىچىكىدە تاشلىۋەتسە بۇنىڭدىن ياخشى كۈن كۆرۈپمۇ قالار ئىدى. بىراق مېھرىنى ئۈزەلمىدى. كىيىن باشقىلار بالىغا ئىچ ئاغرىتىپ ماڭا سەدىقە بىرىدۇ دەپ، بالىنى يىتىلەپ يۈرۈپ چوڭ قىلدى .

ئۇ ئۈزۈن كۈن- تۈنلەرنى ئۇنىڭ ئۇ يېرىنى ئويناپ ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ مىڭىسى توختاپ قالغان بىلەن ئۇ يېرى بەك تەرەققى قىلدى. ئۇنىڭ كىچىكىدە ئۇنىڭدىكى بۇ غەيرى ئالامەتنى كۆرگەن بىرى:

- شۇ يېرىگە يوغان زەدەكنى مىلەپ، دوملىتىپ ئۆگزىگە تاشلىۋەتسىڭىز ئاپتاپتا قورۇلسا كىچىكلەيدۇ.- دەپ ئەقىل كۆرسەتكەن ئىدى .

لىكىن ئۆگزىگە تاشلىغان زەدەكنى شامال پەسكە چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇنى يولدىن ئۆتۈپ كىتىۋاتقان بىر ئىشەك يەۋەتتى. زەدەك قورۇلغان بولسىمۇ بىر گەپ بولار ئىكەن. شۇندىن كىيىن تېخىمۇ يوغىناۋەردى. كەمبەغەلچىلىكتە خەتنىسىنىمۇ قىلالمىدى. قىلغان بىلەنمۇ ئۇلار دائىم سىيلاپ تۇرغاچ يىرىڭدىتىپ، ساقايتمىغان بولاتتى .

بالا شۇنداق چوڭ بولدى. بىر قېتىم شۇنداق ئويناپ ياتسا قولى يۆل بولۇپ كەتتى. چۆچۈپ قاراپ ھەيران قالدى. ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتكىنى بىلدى. ئانىنىڭ بېشىغا غەم چۈشتى. ھەي ي ي. ئۇنىڭغا كىممۇ قىزىنى بەرسۇن؟.

ئۇ يازنىڭ تىنجىق بىر كېچىسى ئىسسىق دەستىدىن ئۇخلىيالماي يالىڭاچ ھالدا ياتاتتى. بىر قولى بالىنىڭ شۇ يېرىدە ئىدى. بالا بىئارام بولغاندەك ئېغىناپ خېلىغىچە تىنچ ياتالمىدى. كىيىن ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقىۋالدى. ئۇ بالىسىنىڭ تۇنجى ئەقلىي ھەركىتىدىن ھەيران قالدى. ئارقىدىن مۇشۇنىڭ بىلەن ئەقلىگە كىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دەپ ئۇنى مەيلىگە قويدى. شۇنىڭدىن كىيىن بالىنى چىرايلىق كىيىندۇرىدىغان بولدى. ئۆزى جۇلدۇر كىيەن يۈرۈۋېرەتتى. لىكىن بالىغا پاكىز كىيىم، ياخشى تاماق بەرىبىر ئىدى .

بەزىلەر:

- ھەي خوتۇن، يىتىلىۋالغىنىڭ ئىشەكمۇ، قېچىرمۇ؟- دەپ زاڭلىق قىلاتتى .

ئۆنىڭغا بىردەم ھېزى بولمسا بېشى قايغان تەرەپكە كىتىپ قالاتتى. ئايال ئۆنىڭ ئۆچۈن كۆپ دۇئا قىلاتتى. بىراق ناماز ئوقۇمايتتى. بىرەر سۈرىنىمۇ تولۇق بىلمەيتتى .

پويىز كىتىپ بىردەمدە مەيدان بوشاپ قالدى. مەيداندا يولۇچىلار ئېلىپ كەلگەن ئەخلەتلەر چېچىلىپ ياتاتتى. كىرا چىقماي قالغان تاكسىلار بىر چەتتە قاتار تۇراتتى .

بۇ چاغدا پويىزدا كەلگەن، مودىلىق كىينگەن بىر ئايال ۋوگزالنىڭ چىقىش ئېغىزىدىكى پەشتاقتا پەيدا بولدى. ئۇ بىردەم ئەتراپقا ھارغىن ۋە ئىرەڭسىزلىك بىلەن قاراپ چىقتى. ئاندىن نەزىرىنى ھەيكەلگە، ئۇنىڭ كەينىدىكى شەھەرگە يۆتكىدى. بىر تاكسى شوپۇرى بىرىپ ئۇنىڭغا بىر نىمە دىۋىدى ئۇ گەپ قىلماي بېشىنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋالدى. ئاپتوۋۇزلارمۇ ئاز قالغان ئىدى. ئۇ بېشىنى بۇرىغان تەرەپتە بىر نەچچە بالا بىر مەتۇ بالىنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرۇۋېتىپ تاماشىشا كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ كۆرگىنىگە ئىشەنمىگەندەك ئىنفرا نۇرىنى توسىدىغان كۆز ئەينىكىنى قولىغا ئالدى. سەل مەڭدەپ تۇرۇپ قىلىپ تۇيۇقسىز تۇتۇق چىرايى يورۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا باشقىچىلا بىر ئادەم تۇراتتى. ئۇ ئۇدۇل شۇلارنىڭ قېشىغا باردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قېشىغا ھېيقماستىن كەلگەن بۇ ئايالغا ھەيران بولۇپ قاراشتى. ئايال:

ـ ساتامسىلەر؟ـ دەپ قولىنى سومكىسىغا سالدى .

باللار:

ـ ساتىمىز ـ دىيىشتى.

ئايال سومكىدىن بىر تۇتام چوڭقى ئۇن كويلۇق پارچە پۇل چىقاردى. قۇلاق كەستى باللار بىر ـ بىرىگە قاراپ ئىشنەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئۇنىڭ قولىدىكى پۇلنى ئۇرۇپ چۇشۇرۇپ، بۇلاپ دىگۈدەك ئېلىپ قاچتى. ئايال بالىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ شەرەت قىلىۋىدى، بىر تاكسى ھايالشمايلا كىلىپ توختىدى. ئايال بالىنى تاكسىغا سىلىپ شەھەر ئىچىگە يۈرۈپ كەتتى .

ئانا سەدىقىگە دۇئا قىلىپ بولۇپ قارىسا بالىسى ھېچ يەردە يوق .

ـ ھەي شاھى مەردان .!!!

قانچە تۇۋلىسىمۇ يەنە يوق. ئۇ يۈگرەپ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلارنى ئالا قويماي ئاختۇردى. تاپالماي ياقىسىنى چىشلەپ پارە ـ پارە قىلدى. ئۆزىنى كاچاتلاپ تولا يىغلىدى. ھېرىپ ئۇيقۇغا كەتتى. بىر نەچچە ياخشى كۆڭۈل كىشى ئۇنى ئادەم كۆپ ئۆتىدىغان يەردىن كۆتۈرۈپ تام تۇۋىگە يۆتكەپ قويدى .

چۈشتىن كىيىن ھېلىقى باللارنىڭ بىرى ھېلىقى سەتەڭ ئايالنىڭ مەتۇنى يىتىلەپ پويىزغا چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. مەتۇ بالىنىڭ ئۇستى ـ بېشى ئالاھىدە رەتلىك، كىيملىرى ئالماشتۇرۇۋېتىلگەچكە ئۇ باشتا تونۇيالماي قالغان ئىدى. تونۇغاندا ئۇلار كۆزدىن يۈتكەن ئىدى. ئۇ ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ تىزلا ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالدى.

بىر چاغدا ئايال ئويغۇنۇپ:

ـ ۋاي مىنىڭ شاھى مەردانىم.ـ دەپ بوغۇق ئاۋازدا يەنە يىغلاپ كەتتى. تولا يىغلاپ يۈز ـ كۆزلىرىنى تاتىلاپ ئادەم ئىسكەتىدىن چىقىپ كەتتى. ھېلىقى بالا بۇنى كۆرۈپ بايىقى ئايالنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئايالغا:

ـ بالاڭ بىر سەتەڭ بىلەن پويىزدا كەتتى.ـ دىدى .

بۇ قېتىم بالا راست گەپ قىلغان ئىدى. ئايال ئايلىنىپ كەتتى .

ئەتىسى ئۇ ئايال:

ـ بالام شاھى مەردانىي، ئىرىمنى ئىزدەيمەن.ـ دەپ يىغلاپ، ئۆششۈقلۇق قىلىپ بىر پويىزغا چىقىۋالدى .

پويىزلار يەنە داۋاملىق كىلىپ ـ كىتىپ تۇردى. لىكىن ئۇ ئايال قايتىپ كەلمىدى .

**1995- يىلى 6- ئاينىڭ 20- كۈنى**

# پارقىراق قوڭغۇز

يازنىڭ تازا چىڭقى چۈش ۋاقتى. ئىگەمبەردى چوڭ گۇرجەكنى يول بويىغا سانجىپ ئۈچىغا چاپىننى ئېسىپ قويغانىدى. ئۇ چاپاننىڭ ئازلا سايىسىدە خېلى ئۇخلىۋالدى. كۈننىڭ يۆتكىلىشى بىلەن يۈزىگە نۇر چۈشۈۋېلىپ قايتا ئۇيقۇغا كىرىشەلمىدى. ئىسسىق دەستىدىن ماشىنا، ئاپتوبۇسلارمۇ ئېزىلىپ كەتكەندەك ئالدىرىماي مېڭىۋاتاتتى. كۆز يەتكۈدەك يەردە يا بوستانلىق، يا سۇ يوق. چوڭ يولنىڭ غەرب تەرىپى تاپتاقىر تاغ. يول شۇ تاغنىڭ يان باغرىنى بويلاپ ئۇدۇل غەربىي شىمال تەرەپكە سوزۇلۇپ كېتەتتى. يولنىڭ بۇ تەرىپى كەڭ كەتكەن قېقىر سايلىق ئىدى. سايلىقتا سەلەپ سۇلىرى ئېقىپ ئۆتكەن يەرلەر قالايمىقان كولانغان چۆنەكلەردەك ئاياغ تەرەپكە سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. قاتتىق يامغۇر ياغقان چاغلاردىلا پەيدا بولىدىغان سەلەپ سۇلىرى تۇرۇلۇپ چىقىپ ئالدىغا ئۇچرىغان ھەر قانداق نەرسىنى ۋايران قىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇ تاغلاردا يازدا ئېرىگۈدەك قار- مۇزلارمۇ يوق ئىدى. سەلەپ سۇلىرى ئۇزۇن ئاقمايتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئالدىنقى ئەسىردە بەدۆلەت قوشۇنلىرى تۇرپان- قۇمۇلدىن ھېسابسىز ئولجىلارنى ئېلىپ قايتقاندا مۇشۇ ئەتراپتا قوناقلىقا چۈشكەن. كېچىدە تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ سەلەپ سۇلىرى تاغ ئارىسىدىن تۇرۇلۇپ چىقىپ ئۇلارنىڭ نۇرغۇن مال- مۈلۈك، ھەتتا ئادەملىرىنى ئېقىتىپ كەتكەنىكەن. ئۇ بۇ يەرلەردە ئىشلىگىلى ئۇزۇن بولدى. شۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان سەلەپ ئېقىتىپ كەتكەن ئالتۇن- تىللا ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ كۆپ يەرلەرنى كولاپ باققان بولسىمۇ، ھېچ نەرسە تاپالمىدى. لېكىن ئۈمىدىنى ئۈزمىدى. ئۇ ئۇسساپ قۇرۇپ كەتكەنىدى. سۇدانىدىكى سۇ ئىسسىپ كەتكەچكە ئىچكۈسى كەلمىدى .

»ئاق يەر يىلىنىدەك ئىسسىق ئۆتمەس بولۇپ كەتتۇق- دە« دەپ ئويلىدى ئۇ .

بايا كىچىككىنە ئۇخلاپمۇ چۈش كۆرگەنىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ چۈشنى ئويلىدى. ئۇ بىر تال زىخچە ئالتۇن تېپىۋالسا ئوچاستىكا باشلىقى مۇسادىرە قىلىۋالغۇدەك. ئۇ شۇنىڭغىمۇ كۆڭلى غەش بولۇپ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ قولىنى سايىۋەن قىلىپ يىراققا قارىدى. يېڭى كەلگەن ئايال كېلەڭسىز، سېرىق رەڭلىك نۇر قايتۇرىدىغان تاشيولچىلار كىيىمنى كىيىپ ئىشلەۋاتاتتى. يولدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان لاۋادا ئۇ خۇددى كۆيۈپ كېتىۋاتقان پارقىراق قوڭغۇزدەك كۆرۈنەتتى. ئارىلىق بىر

كىلومېتىردەك كېلەتتى. تۇرۇپلا ئۇ ئايالغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇ ئايال گۆرجەك تۇتۇش ئەمەس، تۇزۇكرەك ئاپتاپمۇ كۆرمىگەندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ سۇزۇك قاشتېشىدەك بويۇنلىرى، ئاپئاق پاچاقلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇ بەش ناماز ئادەم ئىدى. «توۋا» دەپ ياقىسىنى تۇتتى. ئايالى بۇ يەرنى چۆل دەپ تۇرغىلى ئۇنىماي خېتىنى ئالغاندىن بۇيان، بۇ يەرگە باشقا ئاياللار ئىشلەشكە كېلىپ باقمىغاندى.

ئۇ بىرەر كېلومېتىردىن ئوشۇق يەرنىڭ ئىشىنى قىلىپ بولدى. هازىر تاشقىن ئاساسلىق ئېلىپ كېتىدىغان يوللار تېگىدىن بىتون بىلەن قاتۇرۇۋېتىلگەچكە، سەلەپ سۇلىرى ئۈستىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ يوللارنى چوڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتالمايتتى. شۇنداقتىمۇ تارماق ئېقىملىرى باشقا يەرلەرنى بۇزۇۋېتىپ يول بويلىرىنى شورا قىلىۋېتەتتى. «ئۇ بىچارە نەچچە قەدەممۇ ئىش قىلالمىدى» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇ گۆرجەكنى ئېلىپ ئۇ ئايالنىڭ قېشىغا ماڭدى. يېقىن قالغاندا ئۇنىڭ هاۋارەڭ كۆنلۈك ئاستىغا پاتماي يول بويىدا ئۆگىدەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. باش ياغلىقىنى سايىۋەن قىلىپ ئېڭەكىدىن چىگىۋالغانىدى. قاقاس دالىدا ئۇنىڭ كۆنلۈكى ناهايىتى چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئاپتاپتا مەڭزىلىرى قىپقىزىل قىزىرىپ كېتىپتۇ. «ئۆتتەك تاۋلىنىپ ئولتۇرسا، بىرەر يامان شوپۇرنىڭ كۆتۈرۈپلا ئېلىپ قېچىشىدىن ئەنسىرىمەمدىكىنا» دەپ ئويلىدى .

بىر قاراپلا ئۇنىڭ هېچ ئىش قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدى. گەپ قىلمايلا ئىشقا چۈشۈپ كەتتى. يولدىن ماشىنىلار ئۆتۈپ تۇراتتى. ئېرىپ كەتكەن قارامايلىق يولدىن ئۇششاق شېغىل تاشلار شاراقشىپ ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا ئۇرۇلاتتى. ئۇ ئىش قىلغاندا ماشىنىلارغا زادىلا قاراپ قويمايتتى. يولۇچىلارنىڭ ئىچ ئاغرىتقاندەك نەزەرلىرىنى كۆرۈشنى خالىمايتتى. قارىسا ئىشى ئاقسايتتى. كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۇ بۇ يوللاردا ئىشلىگەندىن بۇيان قانچە قېتىم چوڭ سەلەپ كەلگەنلىكىنى ئويلىدى. «قارامايلىق يولدىكى بىرتال تاشنەك بۇ يوللارغا مەهكۇم بولۇپ كەتتىم» دەپ ئويلىدى.

ئايال تىزىغا بېشىنى قويۇۋېلىپ، يىراقتىن كېلىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغاندەك دىققەتتە تۇراتتى. ئۇ ئايالنىڭ تېخى بەك ياش ئىكەنلىكىنى هېس قىلدى. «شۇنداق بىر ئايالنى تۇغمىدى دەپ قويۇۋەتكەن، مۇشۇنداق يەرگە پالىۋەتكەن باشلىقنى قارامايلىق بىلەن قوشۇپ يەرگە چاپلىۋەتسە». ئىگەمبەردى چوڭ گۆرجەكنى بىر نەچچە قېتىم ئەتەي تاراڭشىتىپ قويدى. ئايال قاراپمۇ قويمىدى. قارىغانسىرى ئۇنىڭ بەك ياش هەم چىرايلىق ئىكەنلىكىنى هېس قىلدى. قارىغانسىرى ئۇنىڭ ئېرىگە- ئۆزىنىڭ چوڭ باشلىقىغا ئۆچلۈكى كەلدى.

- سۇ ئىچىپ تۇرۇڭ سىڭلىم، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىدۇ .

- سۇ ئېلىپ قاپتۇ، ئىچسەم كۆڭلۈم ئېلىشىدىكەن.- دېدى ئۇ ئۆزى تەرەپكە بۇرۇلۇپ.

- بۇ يەردىن خېلى يىراقتا بىر بۇلاق بار. سۈيى دوغاپتەك سوغۇق چىقىدۇ. مەن بېرىپ ئېلىپ كېلەي ئەمىسە.

بۇلاق تاغ باغرىدىلا ئىدى. قارىسا يېقىنلا كۆرۈنگەن بىلەن بىرەر سائەت ماڭمىسا بارغىلى بولمايتتى. تاغمۇ قارىسا يېقىنلا كۆرۈنەتتە. لاۋادا تاغ يالقۇنلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بىر چاغدا ئارقىسىغا قارىسا، ئۇ ئايالنىڭ خېلى ئارىلىق قويۇپ ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ توختاپ ئۇ ئايالغا قارىدى. ئايال توختاپ، كۆنلۈكىنى تۇتۇپ يەرگە چۆكۈپ تۇردى. توۋلاپ گەپ قىلاي دېدى. لېكىن ئۆزىمۇ ئۇسساپ هالى قالمىغاچقا، ۋارقىراپ گەپ قىلىش خۇش ياقمىدى.

ئىگەمبەردى چوڭ بۇلاق بېشىغا بېرىپ قومىساڭغۇ هۆل يەرگە مەيدىسىنى چاپلاپ يېتىۋالدى. ئىسسىق هەقىقەتەن قاتتىق بولىۋاتاتتى. «ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەنمىدۇ بىچارىگە». ئايال يېقىن كەلگەندە ئۇنىڭ چىرايىدىن ئەسەبىي بىر خىل خۇشاللىقنى كۆرۈپ هەيران قالدى. ئايال يۈگرەپ كېلىپ ئاران تىزىغىچە ئالىدىغان بۇلاق سۈيىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئېغىناپ قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى جىمجىت قاقاس تاغ باغرىدا ناهايىتى قورقۇنچلۇق، غەيرىي ئاڭلاندى. تاغلار ئەكس سادا قايتۇردى.

- هەي ئاكا، نېمىشقا بالدۇراق دېمىگەن بولغىيتتىڭىز؟ هەي ئادىمىكا، نېمە دېگەن راهەت، مۇشۇ يەردىلا ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازى....

ئۇنىڭ كىيىملىرى بەدىنىگە چاپلاشتى. تولغان ئۇتتۇز نەچچە ياشلىق ئاياللاردەك جەزبىدارلىق ئۇرغۇپ تۇرغان بەدىنى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قالايمىقان سالدۇرۇۋەتتى. ئۇ بېشىنى بۇراپ باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. ئەتراپ ناھايىتى جىمجىت ئىدى. ئاپتوبۇسلار يىراقتا لاۋۇ ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندەك كۆرىنەتتى .

- قاراڭ، مەن بۇرۇن سۇ ئۈزۈش كۆلچەكلىرىدە جىق سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينىغان. بۇنداق راھەتلىنىپ باقمىغان،... پاھ پاھ..، سۇدا‌ندا بولسىمۇ بېشىمغا سۇ قۇيۇپ بەرگەن بولسىڭىز كۆپ رەھمەت دېگەن بولاتتىم....

ئىگەمبەردى چوڭ ئامال يوق سۇ قۇيۇپ بەردى. ئىچىدە كۆپ تووۋا قىلدى. «ئەستەغپۇرۇللا ئەل ئەزىن»نى كۆپ تەكرارلىدى. شۇندىمۇ نەپسى تاقىلداپ، پۇت- قوللىرى تىترەپ دىرىلدەپ كەتەي. ئىككى مۇرىسىدىن سىرغىپ چۈشكەن بىر سىزىق ئىككى كاسىسىنىڭ ئارىلىقىغىچە سوزۇلۇپ كەلگەنىدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولىدىغان زىخچە ئالتۇنلار، ئالتۇن قۇببىلىك دوبۇلغا- ساۋۇتلار يوقاپ كەتتى. قاتتىق ساراسىمگە چۈشۈپ قالدى. ئايالنىڭ بۇرۇنقى ئېرى چوڭ باشلىق، ئايالنىڭ تۇغمىغانلىقى باش ئوچاستىكا باشلىقلىقىغا ئۆسۈشىگە كاشىلا بولغاچقا قويۇۋەتكەنىكەن. شۇندىمۇ ئاڭلاپلا قالىدىغان بولسا ئۆنى بوش قويىۋەتمەيتتى.

ئىگەمبەردى چوڭ ئۆزىمۇ ئۇقماي ئۇ ئايالنى ئۆزى تەرەپكە قاراتتى. ئۇنىڭ كۆزىدە ئوت چاقنايتتى. ئۇ ئايالنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ قۇمساڭغۇ يەرگە ياتقۇزدى. ئايال شۇنداق سىلىق، رايىش ئىدى. «مەنمۇ مۇشۇ پېتىم ئۆلۈپ كەتسەم«...

سۈزۈك بۇلاق سۇلىرى قۇم دانچىلىرىنى تۇغۇتۇپ قايناۋاتاتتى. ئىچىدىن ئانچە- مۇنچە ھاۋا چىقىپ «ۋىلىق- ۋىلىق» قىلىپ قوياتتى. ئەتراپىدىكى بىر توپ پىچاندىن كۆپكۆك گۈل ئېچىلغانىدى. يەنە بىر نەچچە تال ماماكاپ گۈلى ساپسېرىق ئېچىلىپ تۇراتتى. بۇلاق سۈيى ئانچە ئۈزۈن يەرگىچە بارماي سىڭىپ تۈگەيتتى. ئۇ يوقالغان يەردە بىر پارچە يېشىل چىملىق بار ئىدى. ئۇ يەر بۇ ئەتراپ بىلەن شۇنداق پەرقلىق ئىدىكى، ئۇقمىغان كىشى قۇملۇقتا كۆرىنىدىغان خىيالىي كۆرۈنۈش بولۇشى مۇمكىن دەپ قالاتتى.

ئىشلار ئىگەمبەردى چوڭغا چۈشتەكلا ئىشەنگۈسىز ھەم تېز يۈز بەردى. ئاجايىپ شېرىن شاراب ئىچىۋالغاندەك بىردىنلا تەنلىرى يايراپ، تېرىلىرى كەڭلىشىپ كەتكەندەك بولدى. قاقاس تاغلارمۇ بىردىنلا چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. بىر چاغدا ئايال كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ياتقان يېرىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ، مەستلىكىدىن يېشىلگەندەك ئەتراپقا ئالاق- جالاق قارىدى. بىردىن ھۆڭۈيتۈپ يىغلاپ كەتتى. قۇملارنى تېپچەكلەپ كىچىك ئېرىقچىلارنى پەيدا قىلدى.

ئىگەمبەردى چوڭ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قاتتىق بىئارام بولدى. تاغقا چىقىپ ئۆزىنى تاشلىۋالغۇسى كەلدى. يېنىغا بېرىپ بىر نەرسە دەي دېۋىدى، ئايال قۇملارنى تۇتاملاپ ئۇنىڭ يۈزىگە زەرب بىلەن ئاتتى. ئۇ يۈگرەپ يول بويىغا قايتىپ كەلدى. «ئەمدى نېمە دەپ يۈزىگە قارارمەن؟» ئۇ خۇدىنى ئۇقماي ئىشلەۋەردى. ئىشلەپ بولغان ئىشنى يەنە ئىشلىدى. قانچىلىك ئىشلىدى. ئۆزىمۇ ئۇقمىدى. بىر چاغدا ھاۋارەڭ كۈنلۈكنىڭ يول بويىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشتى .

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىش ئورنىغا كېتىپ بارسا ئايال:

- يىغلاپ خېلى يېنىكلەپ قالدىم. بۇرۇن ئېرىم بىلەن تولا ئۇرۇشۇپ قالاتتىم. مەن جاھىل بولغاچ پەقەت يىغلىيالمايتتىم. كۆزۈمدىن ياش چىقمايتتى....- دېدى.

ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئاندىن گۈرجىكىنى مۈرىسىگە ئارتىپ ئىش ئورنى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئېلىپ كېتىشكە كېلىدىغان ماشىنا كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. ئىچىدە بىر خىل سىغدۇرۇپ بولمايدىغان خۇشاللىق قىمىرلاپ، ۋارقىراپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ قالدى. «پەرىزاتقا ئۇچرىغاندىمەنمۇ؟». ئۇنىڭ ئېرىپ كەتكەن قاراماي يولغا چاپلىشىپ يېتىۋالغۇسى كەلدى .

ئەتىسىدىن تارتىپ ئۇ ئايالغا تىك قارىيالمىدى. لېكىن ئىككى كىشىلىك ئىشنى ئۆزلۈكىدىن قىلدى. ئۇ ئايالمۇ گەپ قىلمىدى. مىننەتدارمۇ بولۇپ كەتمىدى. ھاۋارەڭ كۈنلۈك يول بويىدا ئاجايىپ چىرايلىق بىر چۈشنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. بىرەر ئايدىن كېيىن ئۇ ئايال گەپ قىلىپ قالدى.

ـ ھەي ئادىمىكا، كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولىۋاتىدۇ. كۆڭلۈمۈ تۇيۇۋاتىدۇ. قارىغاندا مەن تۇغماس ئەمەسكەنمەن...ـ  دېدى.

ئىگەمبەردى چوڭ ھەم قورقتى ھەم خۇشال بولدى. ئايال ئۆزىدىن بەك كىچىك ئىدى. ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر غەم چۈشتى. ئايال بولسا خىيالىدا يوق ھەر قېتىمقىدەك كۆنلۈكىنى تۇتۇپ ئىشقا چىقىپ قوياتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا چىقمايلا قوياتتى.

ئايال سالامەتلىكى ياخشى بولماي، ئارام ئالىدىغان بولۇپ ئۆيىگە كەتتى. شۇ كەتكەن پېتى ئۈچ ئاي ئۆتتى. ھەپتىدە بىر قېتىم كېلىپ يېمەك ـ ئىچمەك ئېلىپ كېلىدىغان شوپۇر بالىدىن سۈرۈشتە قىلسا ئۇ يىگىت :

ـ ئېرى ‹قورسىقىدا بار خوتۇننى قويىۋېتىپتىمەن› دەپ يەنە يارىشىۋالدى. خىزمىتىنىمۇ شەھەرگە يۆتكىۋالدى ـ  دېدى.

شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇ قاتتىق بىر گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك بىئارام بولىدىغان بولدى. سەلەپ ئېقىتىپ كەتكەن خەزىنىلەرنى قېزىش ئىشىمۇ يوق بولدى. ئەمدى چۈشىگىمۇ كىرىپ قالمايتتى. ئۆزى پەرزەنت كۆرسەم دەپ ئارزۇ قىلاتتى. بىراق بۇنداق بولۇشنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ بۇ ئوچاستىكىدا بەك ئۇزۇن ئىشلەپ كەتكەنىدى.

*          *          *

شۇ پېتى ئۇ ئايالدىن دېرەك ئالالمىدى. ئۇنتۇپ كەتكەنمۇ بولاتتى. بىر يىلى خىزمەتتە «ئىلغار» بولۇپ باھالىنىپ شەھەردىكى تەقدىرلەشكە چاقىرتىلىپتۇ. ئۇ ئۇنچە خۇشال بولۇپ كەتمىدى. ئۆزىگە ئوخشاش «يۆتكىلمەن» ياكى «ئۆسمەن» دەپ غەلۋە قىلمايدىغان قارا تاشيولچىلار ئانچە ـ مۇنچە مۇكاپاتلىناتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى قاراماي يولغا تېخىمۇ چىڭ پاتۇرۇۋەتكىلى بولاتتى.

ئىگەمبەردى چوڭ شەھەردە ئېسىل تائاملارنى يېدى. ئازادە يۇمشاق تۆشەكلەردە ياتتى. بىرىنچى قېتىم بولغىنىغا قارىماي، پات ـ پات بولۇپ تۇرسا بولىدىكەن، دەپ قالدى. قايتىدىغان كۈنى ئۆزى بىلەن بىر مەزگىل ئىشلىگەن ئۇ ئايالنى كۆرۈپ قالدى. ئەمدى ئايىقى چىققان بىر قىز بالىنى يېتىلىۋالغانىدى. ئۇنى خۇددى چۆچەكلەردىكى ئوماق پەرىشتىدەك ياساپ قويۇپتۇ. بالىنى كۆرۈپ ئىللىق بىر سېزىم بېشىدىن كىرىپ تاپىنىدىن چىقىپ كەتتى. يۈرىكى ئىللىق سوقۇپ كەتتى. ئۇ ئايالمۇ قارىدى، لىكىن ناتونۇش ئادەمگە قارىغاندەكلا. بالىنى پەرۋاسىز يېتىلەپ ئېلىپ كەتتى. ئۇ چاقىراي دېدى. ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىپ بالىنى بىر كۆتۈرۈپ باقاي دەپ ئويلىدى. تىلى گەپكە كەلمىدى. پۇتى مىدىرلىمىدى. ئۇ خۇددى تاغ باغرىدىكى بۇلاقتىن ئارقىچىلاپ يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

ئىگەمبەردى چوڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نامىزىنى ئانچە ـ مۇنچە قازا قىلىپ قويىدىغان بولدى. بەزىدە ئىش ئورنىدىن خېلى يىراق بۇلاق بېشىغا بېرىپ قونۇپ كېلەتتى. ئەمدى بايلىق تېپىپ چۈشەپ قالمايدىغان بولدى. پەقەت بۇلاق چوڭقۇر ـ چوڭقۇر ئۇھ تارتقاندەك پۇرۇقلايتتى .

ئىسسىق دەستىدىن قاراماي يول ئېرىپ كەتكەنىدى. ماشىنا چاقلىرى يولغا چاپلىشىپ ئىتتىك ماڭالمايۋاتاتتى. يىراقتا ئىشلەۋاتقانلار لاۋا ئىچىدە كۆيۈۋاتقان پارقىراق قوڭغۇزلاردەك كۆرىنەتتى. ئۇ قولىنى سايىۋەن قىلىپ قارىدى. ھاۋا رەڭ كۆنلۈك شۇ پېتى بۇ يولدا كۆرۈنمىدى. ئۇ ماشىنا دەسسەپ يولغا پاتۇرۇۋەتكەن پارقىراق قوڭغۇزدىن بىرنى كۆرۈپ قالدى. ئىچى بەك سېيرىلىپ كەتتى. «مېنىمۇ ماي قوڭغۇزدەك ئۇ ئىشلىگەن يولغا پاتۇرۇۋەتسە...» دەپ ئويلىدى.

1998ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 14ـ كۈنى. ئاتۇش

# بىنەپشە ساراي

«بىنەپشە ساراي»نىڭ ئىچى تېشىدەك ئۇنداق كۆركەم بىزەلمەپتۇ. ۋىۋىسكىدا مۇلازىمەت تۈرلىرى، چاي رەڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىدە پۈتۈنلەي تەكەللۇپلۇق خەتلەر يۇقۇردىن پەسكە ئېنىق، دانە- دانە يېزىلغان ئىدى. ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەندە، ئىككى قەدەم نېرىدا ئۈلۈك ساندۇقى رەڭگىدە سىرلانغان ئېگىز يېرىم يۇمۇلاق كونتۇر كىرگەن ئادەمنىڭ ئالدىنى تورىغاندەكلا تۇراتتى. كونتۇرنىڭ ئارقىسىغا ئەرزان پەنەركىدىلا ياسالغان سىرلانمىغان هاراق ئىشكاپى قويۇلغان. ئۇنىڭغا بىر مۇنچە قۇرۇق بوتۇلكا تىزىقلىق ئىدى. «ناپالىئون»، «داپ» ۋە ئۇنىڭدىن ئەرزان هاراقلارنىڭ، شۇنداقلا «شىنجاڭ پىۋىسى»نىڭ بوتۇلكىرلىرى كۆپرەك ئىدى. ئۈستۈن قىسىمدا دۆلتىمىزدە ئىشلەنگەن ئۆزى ئەرزان پۇرىقى ناچار بىراندى، ۋېسكىلارنىڭ بوتۇلكىلىرىمۇ بار ئىدى. كونتۇرنىڭ بىر بۇلۇڭىدا قاسماقلىشىپ كەتكەن تېلفوندىن بىرسى تۇراتتى. رەپقەت بۇ تېلفوننى قانداق قوللارنىڭ، قاندان ئېغىزلارنىڭ قانداق مەقسەتلەردە ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئويلىدى. ئۇنىڭغا يەنە تېخى هەر خىل ئەرزان ئەتىرە، ئەرزان يۈز سوپۇنلىرىنىڭ پۇرىقى، سېسىق چوشقا قوتۇنى ياكى ئېچىغان سەي پۇرايدىغان تىنىقلار كىر بىلەن قوشۇلۇپ ئورنىشىپ كەتكەندۇ. ئۇ بېشىنى ئىتتىك باشقا تەرەپكە بۇرىۋالدى. ئوڭ تەرەپتىكى دەرىزە بۇلۇڭىدا قاتار ساۋۇلار تىزىقلىق تۇراتتى. لېكىن بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى.

كونتۇرنى ئايلىنىپ ئارقىغا ئۆتسە ئايرىم خانىلىرى بار ئوخشايدۇ. ئۇ گاراڭ كالىلىسنى بىر سىلكىۋېتىپ چاقىرايمۇ ياكى چىقىپ كېتەيمۇ دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغاندا كانتۇر ئارقىسىدىن ئۇنىگەندەكلا بىر خېنىم ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇخلىغىلى خېلى بولغانمۇ يۈزلىرىدە قول بارماقلىرىنىڭ يەنە كونتۇر ئۈستىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىزلىرى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ كېرىلىپ تۇرۇپ، ناهايىتى ئېرەڭسىزلىك بىلەن رەپقەتنىڭ باش ئايىقىغا قاراپ قويىدى ۋە ئۇنىڭ مەسلىكىنى بىلىپ چىرايىغا مۇلازىمەت كۈلكىسى يۈگۈرۈتتى.

- گۈلى، هەي گۈلى!

ئالدا يېقىملىق، كەينىدىن زەردە بىلەن بىر تووۋلىدى. بۇ خېنىم گىرىمنى ھەددىدىن زىيادە قېنىق قىلىۋاپتۇ. چېچى ساغۇچ قىزىلغا بويالغان ياكى يالغان چاچتەك تۇراتتى. قاپىقىنى سۇنئىي قوش قاپاق قىپتۇ. يەنە سۇنئىي قاڭشار سالغاندەك تۇرتتى. يەنە يۈزىنىڭ تېرىسىنى ئاشلىتىپتۇ①. رەپقەت ئۇنىڭ كۆكسىنىڭمۇ، گەپ قىلغاندىكى ئاۋازىنىڭمۇ ساختا ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە بىر غەش بولدى. بىر ئايىندى، ھاراق ئىچكەنسېرى نېرۋىسى زىلىللىشىپ كېتەتتى. كىرگىنىگە پۇشايمان قىلدى .

بىر خېنىم چىقتى. سىمىز بوخچىدەكلا كۆرۈندى. ھەممە ئەزاسى ئۆزىنىڭ بولسىمۇ كىيىمنى بەك تار كىيىۋالغاچقا سىقىلىپ قالغاندەك تۇراتتى. قارىغان ئادەمنىڭمۇ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشاتتى. باشقا يېرىنى دېمىگەندەك ئۇماق ھەم بالا چىراي ئىكەن. تۇرقىدىن- يوغان كاسىسى، تومپىيىپ چىققان قورسىقى، ساڭگىلىغان كۆكسى ئۇنىڭ نۇرغۇن «مېھمان ئۇزاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

- قېنى، ئاكاش، ئىچكىرىگە مەرھەمەت...

رەپقەت ئۇنىڭغا يا، ياق، يا ماقۇل دېمىدى. بېشىنى بۇرىۋالدى:

- خوجايىن قېنى؟ ئۇ ماڭا ئاجايىپ قاملاشقان قىزلار بار دېگەن ئىدى. يەنە يېڭى كەلگەنلىرىمۇ بار دەۋاتاتتى!

كونتۇر ئارقىسىدىكى خېنىم رەپقەتكە باشقىدىن قاراپ مىيىقىدا ‹خىك› قىلىپ قويدى.

- ھە، ئەسلى خوجايىن بىلەن تونۇشقىڭىز بار ئىكەندە؟ بىزنىڭ خوجايىن ھازىر يوق، بىر يەرگە كەتكەن. سىزگە دېگەن يېڭى ماللارنى تىگىشىپ كەلگىلى كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، خالىسىڭىز ئىچكىرى كىرىپ مۇبارەك نەزىرىڭىزنى سېلىپ بېقىڭ. ھەر قايىسى مىللەتتىن بار. بۈگۈن مېھمان ئانچە يوق، تولىسى ئېرىم قىلمىدى. باھادا ئېتىبار بېرىمىز.

ئۇنى يېتىلەپ ئىچكىرىسىگە باشلىدى. گۈلى دېگەن قىز ئۆزىنىڭ مېھمانغا يارىمىغىنىغا ئانچە ئېرەن قىلماي، قەستەن كاسىسىنى پۇلاڭلىتىپ مېڭىپ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى.

ئارقىدا بىر نەچچە قىزVCD پىلاستىنكىسى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بايىقى گۈلى دېگەن سىمىز قىزمۇ بار ئىدى. كىچىك- كىچىك كاتەكتەك ئايرىم بۆلۈملەردىن قاقاقلاپ كۈلگەن، گۇدۇڭ- گۇدۇڭ پاراڭ قىلغانلارنىڭ ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىناتتى. ھەممە ئايرىم خانىلار پەقەت نىپىز پەنەركىلەردىلا بۆلۈنگەچكە ھەر قانداق ئاۋاز، ئىش- ھەرىكەت خۇددى ئاۋاز كۈچەيتىش ئاپپاراتى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندەك كۈچلۈك چىقاتتى. بىر نەچچە خانىنى مېھمانلار ئاۋات قىلىۋەتكەندەك ئىدى .

خېنىملارنىڭ چىرايىدىن ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىق بىلىنىپ تۇراتتى. سېغىز چايناۋاتقان ئېغىزلار مىدىرلايتتى.

- خېنىم، ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ قىممەتلىك خېنىملاردىن بىر ئىككىنى كۆرسەتمەمسىز؟

ئۇ باشلاپ كىرگەن خېنىمغا ئىلتىماس قىلدى. خېنىم ئۇنى يېتىلەپ چوڭراق ئازادە بىر ئايرىم خانىغا باشلاپ كىرگەچ تووۋلىدى.

- خۇي فاڭ! مىرى!

خانىنىڭ ھاۋاسى بۇزۇلغان، پىۋا، قۇسۇق پۇراقلىرى يەنە يېڭى بېلىقنىڭ ژىنىنىڭ پۇرىقى پۇرايتتى. سافالىرىنىڭ قېپى يىرتىلىپ بۇلۇتلىرى كۆرۈنۈپ قاپتۇ. ئوتتۇرىدا سافالاردىن ئېگىزرەك ئۆلۈك ساندۇقى رەڭگىدە سىرلانغان مەينەت ئۈستەل تۇراتتى. ئۇ ئۈستەللەردىلا ئىش پۈتتۈرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى. ھەم ئۇنىڭغىمۇ قولايلىق كۆرۈندى.

رەپقەت سافانىڭ بىر بۇرجىكىگە كېلىپ ئولتۇردى. خېنىم يەنە بىر تەرىپىدە ئولتۇردى. سافا پەس بولغاچ بىر غېرىچ كېلىدىغان يوپكىسى كەينىگە تارتىلىپ كۆن كۆرمىگەن ئاق يەرلىرى ئېچىلىپ ئۇنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتىنى سەل كېرىۋالدى.

- خېنىم، سىزمۇ خېنىممۇ؟.

ـ ياق! مەن خوجايىننىڭ تۇغقىنى، مەن يەرلىك، ئۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى قىلمايمەن.

ـ ئەگەر سىزگە كۆزۈم چۈشۈپ قالسىچۇ؟

ـ بۇ مۇمكىن ئەمەس.

يەنە هاياسىزلىق بىلەن مىيىقىدا كۈلدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە قالتىس ئىشەنچىسى باردەك قىلاتتى. چېچىنىڭ ئالدى ئۆزىنىڭ بولغان بىلەن ئارقىسىدىكى ئۇششاق ئۆرۈملىرى يالغان چاچ ئىكەن. رەڭگىنىمۇ تازا ماسلاشتۇرالماپتۇ. سىغىزنى چايناپ پوك- پوك ئېتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چىشى بۇ يەردە تۇرغان هەر قانداق بىرىنىڭكىدىن چوڭ ئىكەن. يېقىن تۇرغاندا ئاندىن بىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ سوغۇق تەلەتى، توم پاچاقلىرىمۇ سېھرىي كۈچىنى يوقاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ توخۇئەت تېرىلىرى ئېنىق كۆرۈندى.

خېلى كېلىشكەن بىر خېنىم كىردى. خۇي فاڭ دېگىنى شۇدەك قىلاتتى. تېخىمۇ قىسقا يوپكا، قېلىن چەملىك ئاياغ كىيىۋاپتۇ. يېقىن كەلگەندە ئۇنىڭمۇ ئادەمنىڭ مەيلىنى تارتقۇچىلىكى بار خېنىملىقىنى هېس قىلدى. كېلىپ ئوڭ تەرىپىدە يېقىنلا ئولتۇردى. ئارقىدىن مىلەڭزە قايرىلىپ بوي بەستى ئالدىدا كىرگەن خېنىم بىلەن ئانچە پەرقى يوق، «كىينىشىمۇ ئوخشاش» چىراي شەكلى شۇنداق قاملاشقان بىر خېنىم خۇددى تونۇش- بىلىش بولۇپ قالمىسۇن دېگەندەك بىر قارىۋېتىپ ئاندىن «ئەسسالام» دەپ بىر شوخشۇپلا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. رەپقەت ئۇنىڭغا پەستىن ئۈستۈن قاراپ پۈتۈن بەدىنى بىر لەرزىگە كەلدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن پاقالچاقلىرى كۆز يەتكۈسىز ئېگىز ئۆسكەن سۇۋاداندەك بىلىنىپ كەتتى. بىردىن كاللىسىدىكى نۇرغۇن غەم قايغۇلار «شىپپىدە» يوقاپ كەتتى. بىر خىل ئىشقىنىڭ مەستخۇشلۇقى پۈتۈن بەدىنىنى راهەتلەندۈرىۋەتتى. خېنىم بىردىن زوڭ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۇملاق تىزلىرى رەپقەتنىڭ بۇرنىغا تېگەيلا دەپ قالدى.

ـ ئىچكىرىرەك ئولتۇرمامدىلا...

ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن بۇ يەرلىك ئەمەسلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. رەپقەت ئالمان- تالمان ئىچكىرىسىگە سۈرۈلدى. يېنىدا ئالدىدا كىرگەن خېنىم يېقىن ئولتۇرغاچ «ۋىيىەي» دەپ ئىنچىكە ئاۋازدا غىڭشىپ قويدى. ئۇ ئۇنىڭ يوتىسىغا سوقۇلۇپ كەتكەن ئىدى.

ـ سىلەرگە نېمە لازىم؟

باشلاپ كىرگەن خېنىم مېھماننىڭ خېنىملارنى ياراتقانلىقىنى پەملەپ ئورنىدىن تۇردى.

ـ سىلەر بىر نېمە دەڭلار، ماڭا ئىككى بوتۇلكا پىۋا كەلتۈرسەڭلار بولىدۇ .

ـ سىز خەنزۇچىنى ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز، خوجايىن بىلەن بىرگە ئىشلىگەنمۇ؟- باشلاپ كىرگەن خېنىم سوراپ قالدى.

ـ ياق بىز ساۋاقداش، كونا ساۋاقداش.

ـ هە، بىلدىم، ئەمىسە خاتىرجەم خۇشال ئويناڭ .

سېرىلما ئىشىكنى غارىلدىتىپ يېپىۋەتتى.

ـ مېنىڭ ئىسمىم مېھرىگۈل، بايا تونۇشلىغاندا ئاڭلىدىلا، ئۇلار مىرى دەيدۇ. بۇياقىنىڭ ئىسمى خۇيفاڭ ئۆزى شەرقى شىماللىق.

ـ ئۇنى نېمىشقا ئاتايىن شەرقى شىماللىق دەپ تونۇشتۇرىسىز؟

ـ بىلمەمىلا؟ شەرقى شىماللىقلار چىرايلىق، ئېگىز كېلىدۇ. باشقا يەرلىكلەردىن باهاسى ئۈستۈن. بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ تولىسى ئۇنى دەپ كېلىدۇ. شۇڭا ئالدىن دەپ قويۇشۇم.

ـ سىزچۇ؟

ـ مەن...نېمە دېسەم بولار... يېرىم مۇشۇ يەرلىك يېرىم قەشقەرلىك.

ـ بۇ يەردە خېلى بار ئوخشىمامسىلەر؟

ـ ھەئە، خېلى بار. پات ـ  پات ئالمىشىپ تۇرىدۇ. كېلىپ تۇرىدۇ. يەكەنلىك، خوتەنلىك، ئاقسۇلۇق... ھەممە يەردىن تېپىلىدۇ. ھېچ قايسىسى ئۆز يۇرتىدا قىلمايدۇ. بولدىلا باشقا گەپلەرنى سورىسىڭىز بولمىدىمۇ، تولا ئادەم يالغاندىن ھېسداشلىق قىلغان بولۇپ ئۇنى ـ  بۇنى سورايدۇ. ئەسلى نىيىتى باھادا كەم سۇندۇرۇش، شۇڭا...

ئۇ سۆزلەۋېتىپ جىم بولۇپ قالدى. خىجىل بولغاندەك دەرھال تىلىنى چىقىرىپ ئاندىن بېشىنى تىزىنىڭ ئارىسىغا يوشۇردى. ئۇنىڭ سۇپ ـ سۇزۇك بويىنىدىكى غۇژمەك چاچلار رەپقەتنىڭ نەپسىنى ئىتتىكلەشتۇرىۋەتتى. خېنىم بېشىنى يەنە ئىتتىك كۆتۈردى.

ـ چېچىڭىزنى بويىغانمۇ؟

ـ ياق! مەن ھەرگىز بويىمايمەن .

ئۇ چۆچۈگەندەك ئىتتىك رەت قىلدى. ساغۇچ كالتە ئۆرۈمە چېچىنى ئالدىغا بىر سىلكىپ ئېلىپ تۈزەشتۇردى.

ئىشىك چېكىلىپ ئارقىدىن غارىلداپ ئېچىلدى. بايا چىقىپ كەتكەن خېنىم كىرىپلا ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر قاراپ چىقتى. ئۇ خۇددى ‹ئىشنى پۈتتۈردىمۇ قانداق› دېگەندەك قارىدى. ئۆلۈك ساندۇقى رەڭگىدە سىرلانغان پەتنۇستا ئىككى «قىزىل كالا»، «كوكۇس شەربىتى»، ئىككى «شىنجاڭ پېۋىسى» تۇراتتى. ئۇلارنى مول كەچۈرمىشلەرگە ئىگە زېمىندەك كەڭ شىرە ئۈستىگە قويدى.

ـ بۇلارنىڭ رەسمىيىتىنى ھازىر ئۆتەيسىز، جەمئىي ئاتمىش يۈەن.

رەپقەت چۆچۈپ كېتىپ بىر نەرسە سوراي دەپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى ـ  يۇ، بولدى قىلىپ يانچۇقىنى كولىدى. يۈز يۈەنلىك پۇل، خېنىم دەرھال ئاشقىنىنى ـ  شۇنداق كونا، پۇرلاشقان پۇللارنى ـ  قايتۇردى.

ـ شىياۋجاڭ ساۋاقداش قاچان پەيدا بولار؟

ئۇ ئۆزىنىڭ سەل جىددىيلەشكەنلىكىنى يېپىش ئۈچۈن سوراپ قويدى. خېنىم مۇرىسىنى قىستى.

ـ ئۇقمايمەن، قارايى يوق. يەنە بىر كەسپدىشى بىلەن مال ئالماشتۇرۇش توغرىلىق سۆزلەشكىلى كەتكەن. ئۆزىڭىز بىلىسىز، پات ـ  پات ئالماشتۇرۇپ تۇرمىسا خېرىدار زېرىكىدۇ، يەنە بىر گەپ، ئىش پۈتكەندىن كېيىن پۇل تۆلىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۇلار سىزنى رازى قىلىدۇ.

ئۇ يەنە ئىشىكنى غارىلدىتىپ يېپىپ چىقىپ كەتتى. خۇيفاڭ چاقىقانلىقى بىلەن بوتۇلكىلارنى ئاچتى. مىرى كۆپۈك چىقارماسلىق ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇنىڭغا ئىشىق ئىپادىلىگىنىمۇ، ئېگىز ئىستاكانغا ئۇشلۇق كەلگەن بوتۇلكا ئاغزىنى تۈۋىگىچە تىقىپ جىنسىي ھەرىكەتنى دورىغاندەك پىۋا قۇيغاچ كۆزىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ رەپقەتكە مەنىلىك يانتو قارىدى. رەپقەتنىڭ بەدىنى قىزىپ يەنە بىر قېتىم لەرزىگە كەلدى. ئالدىدا ئىچكەن ھاراقنىڭ تەسىرى پۈتۈنلەي قالمىدى.

رەپقەت يوغان پاچاق، يۇمۇلاق تىزلار ئارىسىدا چۆكۈپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ تىزلىرىدىكى قورۇق ئىزلىرى، بۇرۇنقى يىقىلغان ياكى چاقا ئىزلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بالدۇرلا ئۆزىنى تۇتتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن يەنە پەرىشان ھالدا پاقالچاقلارنى قانداق قوللار سىلىغان بولغىيتتى، ئۇلارنىڭ تىرناقلىرىدا ژىن پۇراقلىرى، ئېچىغان سەيلەرنىڭ پۇراقلىرى، خۇددى چوشقا قوتۇنىدەك سېسىق تىنىقلار باردۇر دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. بىردەمدە جىددىيلەشكەن نېرۋىلىرى سەل ئارامىغا چۈشتى.

رەپقەت لىپمۇلىق قۇيۇلغان پىۋىنى ئىككى تەرەپكە ‹خۇشە› دەپ قويۇپ تىنمايلا بىرلا كۆتۈرىۋەتتى. سوغۇق پىۋا گېلىنى قىرىپ باغرىنى سەگىتىپ ئۆتتى. ئۇلار پاسىلدىتىپ ئىچىملىك قۇتىلىرىنى ئاچتى. مىرى ئۇنىڭ قولىدىن ئىستاكانىنى ئېلىپ بىرلا سىلكىپ قالدۇق كۆپۈكلەرنى چۈشۈرۈپ يەنە بايىقىدەكلا پىۋا قويدى. بوتۇلكا ئاغزى ئىستاكان تېگىگە دوقۇلداپ تېگەتتى. بۇ قېتىم ئالدىنقى قېتىمقىدەك ئىشتىياق بىلەن قىلمىدى. پىۋا لىقلانغاندىن كېيىن تەشنالىق بىلەن ئۆزى ئىچتى. ئاندىن يېنىدىكى خېنىمغا قۇيدى. ئۇمۇ ‹خۇشە› دېدى، ئىچتى. بىر بوتۇلكا تۈگىدى. مىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئىسسىق نەپسى بىلەن پىچىرلىدى :

- ئۇنىڭغا ئون يۇەن بېرىپ يولغا سالمىسىڭىز ئىشمىزغا پۇتلىشىپ ئولتۇرۇۋېرىدۇ. ياكى ئىككىمىز بىلەن تەڭ....

- كەچۈرۈڭ خېنىم، بۇياق بىلەن بىردەم يالغۇز پاراڭلاشسام دەيمەن.

- كېرەك يوق، كېرەك يوق.

رەپقەت ئۇنىڭ قولىغا بايىقى ئەبگا پۇللارنىڭ ئون يۇەننى تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايى سەل ئېچىلدى. ئەمدى قارىسا ئۇنىڭمۇ يېشى خېلى باردەك قىلاتتى. پەقەت بەدەن شەكلىنى ياخشى ساقلاپ قالغان ئىدى.

ئۇ چىقىپ كېتەشىدە مېرى بىلەن ئۇزلىرى بىلىشىدىغان بىر خىل شەرەتنى قىلىشىۋالدى. ئۇزىگە بۇيرۇلغان نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭدى.

- هازىرلا ئىش باشلامدۇق.

مېرى ئۇنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ سۆيدى.

- تىنىقىڭىزدا، بەدىنىڭىزدە هېچ قانداق غەيرى پۇراق يوق ئىكەن. بىردەم تۇرۇپ، ياكى تېخىمۇ ئەپلىك جاي بولسىكەن دەيمەن.

ئاڭغىچە ئۇ ئورنىدىن لوڭڭىدە تۇردى. قىسقا كۆڭلىكىنى ئېغىناقشىپ ئۇستىگە تۇردى. ئۇنىڭ ئۇلۇك ساندۇقى رەڭگىدىكى ئۇچ بۇرجەك كالتا ئىشتىنى، ئاپتاپ كۆرمىگەن يۇمران ئاق تېقىمى كۆرۈندى. بەدىنى بەك سۇزۇك ئىكەن.

- مەندە كېسەل يوق، كۆرۈپ باقاملا...

ئۇ كالتە ئاشتىنىنى چۇشۇرۇشكە تەييارلاندى. رەپقەتنىڭ مېڭىسىگە قان يەنە ئوخچۇپ چىقىپ ساراسىمگە چۇشۇپ، يۇرىكى قالايمىقان سوقۇشقا باشلىدى.

- ياق ئۇنداق دېگىنىم ئەمەس، پەقەت...

- ياكى باهاسىنى پۇتۇشۇالساق دېمەكچىمۇ؟ بىزنىڭ مۇقىم باهاسىمىز بار. خۇيفاڭ ئەڭ قىممەت، ئاندىن مەن. خوجايىن بىلەن دوست بولغاندىن كېيىن باهادا ئېتىۋار قىلا...

- ئۇ شەرقى شىماللىق نېمىشقا قىممەت؟

- ئۇنىڭغا كۆڭەللىرى بارمىدى؟ ياش باللار، قېرى يېزا كادىرلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا دومىلايدۇ. مال- چارۋىلىرىنى سېتىپ ئۇنىڭغا خەجلەيدۇ.

مېرى يەنە ئېغىناڭشىپ كالتە كۆڭلىكىنى پەسكە چۇشۇردى. ئاڭغىچە رەپقەت ئۇنىڭ ئۇستى- بېشىنى خېلى تاماشا قىلىۋالدى. مېرى ئۇنىڭ قېشىدا سۇركىلىپ ئولتۇردى.

- ئۇ ئەسلى توتەيجى②، كۇلىدا بازىرى چىقماي كاساتلاشقاندا بۇ يەرگە كەلگەن، بۇ يەردە بازىرى بولىۋېرىدۇ.

- هە، شۇنداقمۇ، پۈدىن ئىككىنى بۇيرىۋەتسىڭىز بوپتىكەن. كەيپ تۇتاي دېمەيدۇ. ئەتتىگەندىن بېرى خېلى كۆپ ئىچىۋالغان ئىدىم. سىزنى كۆرۈپ يېشىلىپ كېتىۋاتىمەن.

- هەي مارى! پۈدىن ئىككىنى.

ئۇ پۇتىنى بىر- بىرىگە مىنگەشتۇرىۋالدى. ئۇستىدە تۇرغان يوتىسى تېخىمۇ ئاق، تېخىمۇ توم كۆرۈندى.

ئىشىك چېكىلىپ غارىلداپ ئىشىك ئېچىلدى. چېچىنى ئۇلۇك ساندۇقى رەڭگىدە بويىۋالغان بىر خېنىم بىر قولىدا ئىككى بوتۇلكىنى ساڭگىلاتقان پېتى كىرىپ كەلدى. ساغۇچ چىشىنى كۆرسىتىپ كۇلدى. توم بۇدرۇق بىلەكلىرىنى ئۇزۇتۇپ شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ قويدى. ئاندىن قۇرۇق بوتۇلكىلارنى ئالدى .

ـ بوتۇلكا سىلەرگە دەخلى قىلمىسۇن.

ئىشكنى سىيلىق يېپىپ چىقىپ كەتتى.

ـ ئۇنىڭغىمۇ بىر بوتۇلكا پۇۋە ئېلىپ بەرسىلە بوپتىكەن. بىچارىنى ھاراق چىشلىۋاپتىكەن. ئەتىگەندىن بېرى بىر نەرسە يېمىدى. ئاققۇن ماڭقىدىن بىرىمۇ كىرىپ سالمىدى.

ـ نېمە، ئاققۇنلاردىن خېرىدارىڭلار باركەندە؟

ـ نېمە دەيدىغانلا، تىترەپ تۇرغان بىلەن پۇلنىڭ ھەممىسى شۇلاردا، ئايىماي خەجلەيدۇ .

ـ بولدى، قىلىدىغان باشقا گېپىڭىز يوقمۇ؟

ـ ماقۇل، باشقا گېپىم بار. نېمە دېسىڭىز ماقۇل دەي، جېنىم ئاكا، نەچچە قېتىم بولسىمۇ مەيلى، ئېلىپ كەتسىڭىزمۇ مەيلى، سىز رازى بولغۇچە ھەمرا بولاي، بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى...

ـ نېمىگە شۇنداق، قېنى دەپ باقامسىز، ئاڭلاپ باقاي.

ـ خوجايىن بىلەن مۇناسىۋىتىڭلار قانداقراق؟

ـ ئۇنىڭ توخۇ فىرمىسى③ ئاچقانلىقىنى بىلمەيتتىم. ئۇچراپ قېلىپ نەچچە قېتىم كۆرۈپ كەت، دېدى. ئەسلى ساۋاقداش ئوقىغان، كىچىكىدە دائىم بۇرنىنى قانىتىپ ئويناپتتىم. بۇرنىغا چېكىپ قويىسىلا قاناپتتى. بۇرنىدىكى قان قېتىپ كەتسىمۇ يۇغىلى ئۇنىماي «ئەرز قىلىمەن»دەپ ئۈيمۇ- ئۆي يۈرەتتى. ئۇزۇن بولغان كۆرۈشمىگىلى، كۆپ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، راۋۇس قېتىۋاپتۇ.

ـ ئۇنىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى ساقچىخانىدا ئىشلەيدىكەن، شېرىكلىشىپ بۇ يەرنى ئاچقان ئوخشايدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بۇ يەردە تۇرغىنىمغا ئالتە ئايدىن ئاشتى. قانچىلىك مېھمان قۇبۇل قىلغىنىمنى تىزىملاپ قويغان ئىدىم. ھازىر ماڭا تېگىشلىكىنى بەرگىلى ئۇنىماۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزەمنىڭ ئەجر مېھنىتىمدىن كەلگەن تۇرسا، بەرگەن بولسا ئۆيگە بىر بېرىپ كەلسەم دەيمەن .

ـ قانچە پۇل بولغان ئىدى.

ـ بىلمەيمەن، يەتمىش پىرسەنتىنى ئۆزى ئالىدىغان، قالغىنى ماڭا تەۋە بولىدىغانغا توختاملاشقان. تېخى تونۇش بىلىشلىرى بىكارغا ئويناپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ ھېساب ئەمەس .

ـ ئۆيدىكىلەر بىر يەردە ئىشلەۋاتىدۇ دەپ بىلىدۇ، شۇنداق دەپ بىلمەكتىن باشقا نېمە چارە، قانداق قىلسام بولاركىن، ھازىر ھۆسۈن تۇزەش ساتىراچلىقى ئېقىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. شۇنى ئۆگىنىپ يۇرتۇمدا بىر دۇكان ئاچايمىكىن دەيمەن.

ـ قوشۇمچە بۇ ئىشنى قىلارسىز؟

ـ تاڭەي ھېچ بىلمىدىم. ئۆزەمنى گېلىمغىچە پاتقاققا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن، ئۇ پاتقاقلىقتا پۇتۇن پىجۇ، قۇسۇق، ھەر خىل مەنى، پوق- سويدۇك، مەينەت شالا- تۇكرۇك.ــ ئۇ يىرگەنگەندەك بىر سىلكىندى. پۇتۇن بەدىنى توخۇ ئەت بولۇپ كەتتى.ــ بىرەر ئەر چىقىپ قالسا قېرى بولسىمۇ مەيلى، ھەرگىز بۇ يولدا ماڭماسمەن دەيمەن، چوقۇم پىشكە مەھكەم ئېسىلغان بولاتتىم.

ـ مېنىڭچە ھەممىڭلار شۇنداق دەمسىلەنكىن دەيمەن .

ـ ئەمىسە نېمە ئامال، راست بولسۇن يالغان بولسۇن، ھالىمىز شۇ تۇرسا...

ئۇ بېشىنى يەرگە ساڭگىلىتىپ بىر مىشىلداپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى ئېتتى.

ـ لوبەن نېمىشقا پۇلىڭىزنى بەرمەيدۇ؟

ـ قويمچى ماڭقا، ساقچخانا پاتـ  پات ‹تەرتپكە سالىمز› دەپ تۇتۇۋالدۇ. يەنە قويۇپ بېرىدۇ، خوجايىن پۇللارنى جەرىمانىگە تۆلىدىم دەپ بىزگە ئارتىپ قويىدۇ، ۋاي... باناسى شەيتان ئەلەھىندىن تولا...

ئۇ پۆىنى بۇرۇنقىدەك قىلىق بىلەن قۇيۇشتىن زېرىكتى. مازغىپى كۆپ چىقسا سىڭشىنى كۇتمەي پۇۋلەپ چۇشۇرۇۋېتىپ ئىچتى.

ـ پۆىنى ئىچۋەرسە ھېچ تەسىر قىلمايدىكەن. بۇ يەردە ئاق ھاراق يوقمۇ؟

ـ يوق، مەنمۇ ئاق ھاراققا ئامراق ئىدىم، بۇ يەردە ساتمايدۇ، ئىچكىلى قويمايدۇ.

ـ قۇرۇق بوتۇلكىلارنى تىزىپ قويۇپتۇغۇ؟

ـ ھە، شۇنداق، تىزىپ قويغان بىلەن ساتمايدۇ، تاماكا چەكمەيدىغان ئوخشىمامالا؟ ئازراق ھاراق ئىچسەملا خۇمارىم بەك تۇتىدۇ. خاپا بولماي تاماكىدىن بىر قاپ ئېلىپ بەرسلە بولۇپتىكەن؟

ئۇ خوشامەت قىلىپ قۇچاقلاپ سۆيگىلى تۇردى. بەدىنىدىن تارقىغان ئىسسىق ھارارەت ئۇنىڭغا ئۆتكىلى تۇردى. ئۇ ماقۇل دەپ باش لىڭشتتى.

ـ ھەي نۇرى! بىر قاپ تاماكا ئەكىرىۋېتە، ياڭچىڭدىن بولسا بولدى. ئاندىن ئۆزەڭ بىر بوتۇلكا پۆە ئېلىپ ئىچ، بۇ ئاكاش مېھمان قىلىدىغان بولدى.

ئۇ بۇ گەپلەرنى ۋارقىراپ ئېيتتى، بۇنداق توۋلىمىسىمۇ ئاڭلاتقىلى بولاتتى.

ـ بىر تۇققانلىرىڭىز بارمۇ؟

ـ بار، بىز يەتتە بالا، مەن قىزنىڭ كىچىكى، پۆىنى ئىچۋېرىپ سىيگەك بولۇپ كەتمەڭ يەنە، ئادەتتىمۇ كۆپ ئىچەملا؟

ـ ياق، ھەئە، پىغانىم تۇتۇپ قالسىلا، مۇنداق يەرلەرگە زادى كىرىپ باقمايتتىم، خوجايىنىڭلار ئۇچرىمىغان بولسا...

ـ ھەي ئاكا، ئانچىـ مۇنچى تاماشا قىلىپ تۇرمىسىمۇ بولمايدۇ.

ئۇ پۆىغا «قىزىل كالا» ئارىلاشتۇردى. رەپقەتنىڭ خىيالىغا ئادىلجان كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ مەڭزى قىزىرىپ خېلى ئىسكەتىگە كېلىپ قالدى. كۆزلىرى خۇمالاشتى. ئولتۇرۇشلىرىمۇ ئازادە، ئىككى جەينىكىنى يوتىسىغا قويۇۋېلىپ ، ئالدىغا ئېڭشىپ ئىستاكاننى ئالقىنى ئارىلىقىدا قىلدىرلىتىپ ئوينىدى. ئۇنىڭ ئىككى كۆكسى نېپىز مايكىسىنى بېسىپ ئالدىغا ساڭگىلىدى. ئوتتۇردىكى ئېرىقچىسىدىكى يۇمران تۈكلەرمۇ كۆرۈندى. رەپقەت ئۇنىڭ كۆكسىگە زەڭ سېلىپ قاراپ تۆكۈرۈكىنى يۇتتى .

ـ راست، قارىسىلا، كۆكسۈم چىرايلىقمىكەن؟

ئۇ قانداق قىلدى، يۇمران كۆكسىنى لوققىدە ئېلىپلا كۆرسەتتى. ئۇنداق قىلار دەپ ئويلىمىغان ئىدى. بەك تاساددىپى بىلىنىپ كەتتى.

ـ سىلاپ قويسىلا، ئۇماقمىكەن، بىكار سىلىلىدىن بۇتناپ قالىدۇ جۇمۇ...

ئۇنىڭ كۆكسى ھەقىقەتەن ئوماق ئىدى. رەپقەت تەرلەپ تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن كىچىك بالىنىڭ ياكى ئاچ قالغان مۈشۈكنىڭ بېشىنى سىلىغاندەك سىلاپ قويدى .

ـ ئوھۇش، قويسىلا، ئەكىلىتىشنىمۇ بىلمەيدىكەنلا.

ئىتتىك، سەل قوپال ھەرىكەتتە جايىغا سېلىپ قويدى. يالغاندىن بىر يانغا قارىۋېلىپ دۇمسايدى. بىردەمدە يەنە كۈلۈمسىرەپ بۇ تەرەپكە قارىدى.

رەپقەت ئۇنىڭ كۆكسىنى ئويلاشتىن ئۆزىنى تارتتى. لېكىن خىيالىغا، ئۇنىڭ كۆكسىنى قانداق قوللارنىڭ ، قانداق مەيدىلەرنىڭ ئەيلىگەنلىرىنى ئويلاپ كۆڭلى غەش بولدى. ئىچى سىقىلدى.

- پۈلىڭىزنى ئالسىڭىز، بىرەرسى ئالسا، ياش بولغاندىن كېيىن توي قىلىشالىسىڭىزمۇ بولىدىكەن، بالىمۇ تۇغارسىز؟

- ئەلۋەتتە تۇغىمەن!

ئۇ بەك كەسكىن دەۋەتتى، ئۇنىڭ جاۋابى رەپقەتنىڭ كۆڭلىنى يەنە غەش قىلدى. خۇددى ئۇ تۇغسا بولمايدىغاندەك، ئۇ گاراڭلىشىۋاتقان كاللىسىنى قايتىدىن سىلكىپ، قۇيۇغلۇق پۇتىنى قولىغا ئالدى، قارىسا كۆپۈكىدە بىر چۈشۈن لەيلەپ قاپتۇ.

- چۈشۈن چۈشۈپ قاپتۇ،

رەپقەت تۆكۈۋەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى، مېرى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ، كۆپۈك بىلەن چۈشۈننى بىرلا پۈلەپ بىراقلا يەرگە چۈشۈرىۋەتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا تەڭلىدى. رەپقەت ياق دەپ بېشىنى چايقىدى، مېرى كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى.

- بۇ يەردە پىۋە ئىچىپ قۇرۇق گەپ ساتقۇچە ئىشىمىزنى پۈتتۈرسەك بولاتتى، مەن سەت ئەمەسقۇ؟ كۆڭلەللىرى كۆتەرمەيۋاتامدۇ- يا؟

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كالتە كۆڭلىكىنى تۈرمەكچى بولدى. رەپقەت ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

- ئەمسە مېنىڭ بايا دېگەن ئىشىمغا بىر ياردەم قىلسىلا، مەن نېمە دېسىلە ماقۇل دەي، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىۋالسام نەچچە كۈن دېسىلە شۇنچە كۈن ھەمراھ بولاي...

- بولدى، ئۇ كەلسە دەپ باقاي، ئۆزىڭىز توغرىلىق كۆپرەك گەپ قىلىپ بەرسىڭىز...

- كۆرگەن كۈنۈمنى دېسەم يۈز ياشقا كىرگەندەك تۇيۇلىدۇ، بۇرۇن سورىغانلارغا راستىنى سۆزلەپ بەردىم، كېيىن ئۇلارنىڭ قىزىقىپ ئاڭلىغىنىنى كۆرۈپ باشقا قىزلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئۆزۈمنىڭ دەپ دەيدىغان بولدۇم، ھەم ئۆزەمنىڭكىدەك تۇردى. ئەملىيەتتىمۇ ئوخشاش يەرلىرى تولا، قانداق، دەپ بېرەيمۇ؟

- مۇنداق دېسىڭىز كىمنىڭ ئاڭلىغۇسى كېلىدۇ.

- ھەي مېرى، ئىشىڭ پۈتكەن بولسا كونا خېرىدارىڭ كەلدى!

- چولىسى يوقكەن دەپ قوي! ھەقاچان ھېلىقى پوق ساقال.

- چىقمىسىڭىز مەيلى...

- ياق چىقمايمەن، سىلە بەك ئوبدان ئىكەنلا، كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى، چىقمايمەن.

ئۇ رەپقەتنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋېلىپ غەمزە قىلغاچ ئۇنىڭ چاچلىرىنى قولىدا تارىدى. رەپقەت ئۇنى ئاستا كۆتۈرۈپ جايىغا ئېلىپ قويدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر پاتقاقلىق كېلىۋالدى.

- سىلە بىر مۇنچە پۇل خەجلەپ ھېچ ئىش قىلماي كەتمەيدىغانلا؟ ئادەمنى گۇمانلاندۇرۇپ، بولمىسا ئۆزەم ئەپلەشتۈرەيمۇ يا؟

ئۇ ھەييارلىق قىلدى.

- بۇ يەر تازا بىئەپتەك، ئالدىرىماي تۇرمامسىز، كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشسۇن، كەيپىياتىم تازا ياخشى ئەمەس.

- مەيلى، بەربىر قېچىپ كەتمەيدىغان ئىشقۇ، راست سىلىگە بىر گەپنى قىلىپ بېرەي، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر قېرى دىخان ئادەم ئولتۇرىدۇ، دەرەخ ئاستىدا، دىققەت قىلىلىمۇ؟ شۇ ئادەم بۇ يەرگە كەلگىلى نەچچە كۈن بولدى. ئۇ بايىقى گۈلنىڭ دادىسى، بىچارە ئادەم تولا ئىزلەپ بارمىغان يېرى قالماپتۇ، ئاخىرى تاپقاندا قارىسىلا...

- قىزى كەتكىلى ئۇنىمامدىكەن؟

- ھەئە، بىر تۇققانلىرىدىن قورقىدىكەن، دەسلەپ ئىزلەپ تاپقاندا خوجايىن بىر ۋارقىراپتى، ئۇ قېرى يىغلاپ يالۋۇردى، «قىزىڭنىڭ قەرزى كۆپ، تۆلەپ بولغاندا كېتىدۇ» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەم كېچە- كۈندۈز شۇ يەردە ياتىدۇ، يا كەتمەيدۇ، ماۋۇ قېرى جى مۇ غېپپىدە تېكىۋەتمەيدۇ، دادىسى ھازىرمۇ شۇ يەردە ئولتۇرىدۇ، دېرىزىدىن قاراپ باقاملا؟

- ياق، بولدى، پىۋا تۈگىدىمۇ؟ يەنە بۇيرۇتامسىز؟

- ھەي نۇرى، پىۋىدىن ئىككىنى! يەنە تاماكىنى كىرگۈزىۋەت.

يان تەرەپتىكى گۈدۈك- گۈدۈك ئاۋاز بىردىنلا ئاياغچىلىق ئىڭراشقا ئايلىنىپ كەتتى. تىپىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

- ئىشقا چۈشۈپ كەتتى، بايىقى شەرقى شماللىق، يامان غەمزىسى بار ماڭقا تېخى، تازا ئېچىرقىغان مەدىكارغا چۈشكەن ئوخشايدۇ، تازا.

ئۇ نۇمۇس قىلغاندەك يۈزىنى قوللىرى بىلەن ئېتىپ رەپقەتنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويىۋالدى. خىجىل بولغان قىياپەتكە كىرىۋالدى.

- تازا ۋارقىراپ، چاچلىرىمنى يۇلۇپ، يۈز- كۆزلىرىمنى تاتىلاپ راسا يىغلىۋالسام دەيمەن، قاراڭ ھازىرمۇ تارتۇغى بار. بۇرۇن دەسلەپكى مۇھەببىتىمدىن ئايرىلىپ قالغاندا شۇنداق قاتتىق يىغلىغان ئىدىم.

ئۇ يۈزىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇدۇل ئەكەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئېغىر غەم- قايغۇ ئىشقى نەزەر بىلەن بىرلىشىپ كەتتى.

ئىشىك چېكىلىپ غارىلداپ ئېچىلدى. پىۋا بىلەن تاماكىنى باشقا بىر قىز كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ شالغۇتتەك تۇراتتى.

- مېرى، خوجايىن كەلدى. ئالغىلى ئادەممۇ كەلگەندەك تۇرىدۇ. ئەمدى ئۇچىدىغان بولدۇڭ.

- نېمە؟! بىردەمدە كەپتىمۇ؟

- ھەئە سىرتتا ساقلاۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ پۇلىنى بېرىۋەتسىڭىز، خوجايىن تاپىلىغان.

پۇلنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن يەنە باشقىسىنىڭ ئۇنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

- ئاپلا ماڭىدىغان بوپ قالغان ئوخشايمىز، سىلىگە كۆڭلۈم بار ئىدى. مېنىڭ گېپىمنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، بىر ياردەم قىلىپ قويسىلا، مەندىن يانمىسىمۇ خۇدادىن يانا، بىز پات- پات تىڭشىلىپ تۇرىمىز، بۇ قېتىم نەگە بارىمەن، خوجايىن ساۋاقدىشىڭىز بىلىدۇ. باشقا شەھەرگىمۇ، پەقەت شۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ.

ئۇ ھۆركۈپ كەتكەندەك تۇرالمايلا قالدى. تاماكىدىن بىر تال تۇتاشتۇردى. قوللىرى تىترەپ تەستە ئوت ياقتى. «خۇداغا ئامانەت» دەپ پىچىرلاپ چىقىپ كەتتى .

رەپقەت ئەمدى «ئەتتەڭ» دەپ قالارمەنمۇ دەپ ئويلىدى. ساۋاقدىشىنىڭ خوجايىنلىقىنى ئويلاپ خاتىرجەم ئولتۇردى. پىۋىدىن ئۆزى قۇيۇپ ئىچىشكە باشلىدى .

كونتۇردا تۇرغان خېنىم «ساۋاقدىشىڭىز...» دېگىنىچە شىياۋجاڭنى باشلاپ كىردى. ئۇ ئۇچىسىغا ئۆلۈك ساندۇقى رەڭگىدە كاستىيۇم- بۇرۇلكا، پۇتىغا ئاپپاق ئاياغ كىيىۋالغان ئىدى.

- ھوي، كونا ساۋاقداش، ئاخىر قەدىمىڭ يېتىپتۇ- دە! قارا يامانلىقىڭنى، بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ خانىشىنىڭ مىغىزىنى چىقىۋاپسەن ئەمەسمۇ! كۆزۈڭ مال تونۇيدۇ ئەمەسمۇ ھا..ھا

- بىر ئىش بولغىنى يوق.

- نېمە؟ كىرگىنىڭگە خېلى بوپتۇ، ساۋاقداشلىق يۈزىسى، مەن مېھمان قىلغانغا ھېساب...

- يەنە بۇرنۇڭ قانىمىسۇن يەنە، ھېچ ئىش بولغىنى يوق .

ـ خاپا بولما، كىرەكتىن چىقتىڭمۇ نېمە؟ بولدى. ئەمدى ھەرگىز بۇرنۇمنى قانىتالمايسەن، راست ئۇ خېنىم چىرايلىقمىكەن، ئۇ سېنىڭ خوتۇنىڭدىن كۆپ چىرايلىق. ئەپسۇس ئۇنى بوش قويۇۋېتىپسەن، بۇنى ئۆزەڭدىن كۆر.

ـ بولدى ئازراق گەپ قىلە، ئۇ خېنىم مەندىن بىر ئىشنى ئۆتۈنگەن ئىدى...

ـ سەنمۇ بولدى قىلە ساۋاقداش، بۇ سېسىق توخۇلارنىڭ قىلمايدىغان گېپى يوق. ئۇلارنى دەپ ئاز چىقىم تارتتىممۇ. بۇ يەرنىڭ ئالاھىدە كەسپ باشقۇرۇش ھەققى يۇقۇرى، باج، بازار باشقۇرۇش ھەققى ئېغىر، ئۆي ئىجارىسى قىممەت، پات ـ پات ساقچىخانىدىكەرنى مېھمان قىلىپ تۇرمىسا تېخى، ھەي... بۇ تۇققانلىرىڭنىڭ بۇزۇقلىقىنى، شاللاقلىقىنى دېسەم يۈزۈك قىزىرىدۇ. تېخى ھەممىسى پۇل يۇشۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بۇ شەھەردە بۇنداق يەردىن قانچىسى بار بىلەمسەن، دېسەمۇ ئىشەنمەيسەن. بۇلار دائىم تۇتۇلۇپ قالىدۇ. ھەر تۇتۇلغاندا قانچە پۇل جەرىمانە تۆلەيدۇ بىلەمسەن...

ئۇ قوللىرىنى شاپىلاقلاپ ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالغاندەك سۆزلەپ كەتتى. دەردى ھەممىدىن ئېغىردەك باشلىرىنى توختىماي چايقىدى .

ـ كانتۇردىكى خېنىم ئايالىڭ بولمىسۇن يەنە.

ـ ياقەي، كىچىك ھامىمام بولىدۇ. ئۇنىڭغىمۇ كۆزۈك چۈشۈپتۇ ـ دە.

ـ قويە ئۇنداق تۇتەيجىسىڭنى.

ـ سەنمۇ بۇ گەپنى ئۇگۇنۇپسەندە! بۈگۈن كېلىدىغانلار ھازىر تېخى يولدا، ئىچىدىن چىرايلىق بىرنى تاللاپ ئوينىۋال! بىكارلىق! مانا مەن مېھمان قىلغان بولاي.

مەيدىسىگە شاپىلاقلىدى.

ـ ياق، بولدى، كۆڭلۈم خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. كېينچە بىر گەپ بولار، راست بايىقى خېنىمنىڭ ئىشنى قانداق قىلىسەن؟

ـ ئەي، راستىنى دېسەم ماڭىمۇ ئامال يوق، توغرا، ئالدىدا شۇنداق توختام تۈزگەن. ھەم ئۇ ماڭىمۇ خېلى كۆپ پۇل تېپىپ بەردى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى پۇل تاپالمايدۇ ـ دە، تۆلىگەن جەرىمانىنى چىقىرىۋەتسە تايىنلىق قالىدۇ. بۇ قېتىم بارىدىغان يەردە خاپا قىلماي بىر نەچچە ئاي ئىشلەپ بەرسە چوقۇم باي بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ يەردە قولى كەڭ خوجايىنلار كۆپ، مەن بېرىشكە تېگىشلىك ئۇلىشىنى ئۇلار بېرىدۇ. بىز شۇنداق پۈتۈشكەن. ئەمدى ئامال يوق، بولمىسا ئۇنچىلىك يۈزۈڭنى قىلمىسام كىچىك ۋاقتىمىزدىكى ئاداۋەتنى ئۇنۇتمىغان بولمەن .

رەپقەتنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ قالغان پىۋىنى ئىچىپ بولغاندا پىۋىنىڭ خېلى تەسىر قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. سىرتتا بىر نەچچە تېگىشلمەي قالغان خېنىملار VCDكۆرۈپ ئولتۇراتتى.

ئىشىك ئالدىدا رەپقەت ئۇزۇتۇپ چىققان ساۋاقدىشىنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن قامالالاپ، ھېلىلا ئۇسۇۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا دېدى:

ـ ھېلىقى، ئىسمى نېمە، ھە، مىرىنى نەدىكلەر بىلەن ئالماشتۇردۇڭ؟

ـ بارامسەن؟ ئەمدى پۇشايمان قىپسەندە، دەپ بېرەي بوپتۇ، ئەسلى مەخپىي ئىدى. ساۋاقداشلىقنىڭ يۈزىنى قىلاي، ھېلىقى «كىرىمىل چايخانىسى»غا، مېنىڭ ئىسمىمنى چىقارساڭ ئوتتۇز پىرسەنت ئېتىبار قىلىدۇ. ناۋادا ئېتىبار قىلمىسا مېنى ئىزلەپ تاپ، پۇلۇڭنى مەن تۆلەپ بېرىمەن، بۇنىڭغا ئۆزەمنىڭ نامى بىلەن كېپىل، قانداق، ئەمدى رازى بولغانسەن.

رەپقەت باشقا گەپ قىلماي دەلدەڭشىپ چوڭ يولغا قاراپ ماڭدى. تېخى بالدۇرلا ئىدى. ھېلىقى دىخان سايىدا ئولتۇرۇپ يىڭنى تورۇپ تەيەمموم④ قىلىۋېتىپتۇ. پىشانىسىدا سەجدە قىلغاندا پېتىپ قالغان ئۇششاق شېخىل تۇراتتى. «بىنەپشە ساراي» دەل ئۇنىڭ قىبلە تەرىپىدە ئىدى. رەپقەت يولغا چىقىپ تۇرۇپ قالدى.

ئۇنىڭ ئايالى، بالىلىرى بار. دىخانىنى يولغا سېلىپ قوياي دېسە ئېشىنغۇدەك پۇلى يوق ئىدى. بىر تۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىش ئۆيىدىنمۇ ۋاز كەچمەكچى بولدى. ئۆزىنىڭ چايخانىغا نېمىشقا بارىدىغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدى. بىر تاكسىنى توستى.

- كىرىملىغا ھەيدە!

چايخانىغا خېلى ئۇزۇندا يېتىپ باردى. چايخانا بالدۇرلا چىراقلىرىنى يېقىۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئۇلۇك ساندۇقى رەڭگىدىكى ھەيۋەتلىك ۋۇجۇسكىسى ئاستىدا «قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز» دېگەن چوڭ- چوڭ خەتلەر يۇقۇرىدىن پەسكە قاراپ يېزىلغان ئىدى.

ئىزاھاتلار:

①گىرىمخانىلاردا بىر قەۋەت يۈز تېرىسىنى چىقىرىۋېتىپ، يۈزى دائىم قىزىل تۇرىدىغان قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

②شاللىۋېتىلگەن پاھىشە دېمەكچى

③پاھىشىخانىنى دېمەكچى

④سۇ يوق ئەھۋالدا ئالقىنىنى تۇپراق ۋە تىزىغا ئۇرۇپ قۇرۇق تاھارەت ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

2002- يىل 16- يانۋار

# سايىدىكى ئورۇندۇق

— ھوي ئادەم، بۇ يەردە ئولتۇرۇۋاپسىزغۇ؟

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تەقسىر، بۇ يەردە ھۆنەر قىلىۋاتىمەن، نېمە، سىزمۇ سايىمان- جابدۇق ئېلىپ كەپسىزغۇ؟

— تەقسىرىڭنى قوي تەقسىز، بۇ ئورۇندا مەن بۇرۇندىن ھۆنەر قىلىپ كېلىۋاتاتتىم. يېقىندىن بېرى ئۆيدە دىشۋارچىلىق بولۇپ كېلەلمىگەنىدىم. قارىسام سىز ئولتۇرۇۋاپسىز. بۇ يەر يەكشەنبە بازارنىڭ كىرىش ئېغىزى، ئىشەك، ئۇلاغ، چارۋىلارنىڭ دەستىدە ئاران مۇشۇ بىر تۇپ رىدە تۇتۇپ قالغان. شۇندىن بېرى مەن تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ئىشەنمىسىڭىز مۇشۇ رىدىدىكى جىنلارمۇ گۇۋاھ بولالايدۇ.

— خۇش تەقسىر، بىردەم ئوتتۇرۇۋېلىڭلار، كېلىشىپ قالارمىز. تەقسىز، ئەسلى مەن ساتىراش ئەمەس ئىدىم. ئۇزۇن يىل يۇرتمۇ- يۇرت كېزىپ يۈرۈپ قەلەندەرچىلىك قىلغان. ياش ۋاقتىمدا داڭلىق بىر مەدداھقا شاگىرتلىققا كىرگەن. لېكىن تازا قاملاشتۇرالمىدىم. ئۆگىنەلمىگەن بولسامىمۇ كۆپ ساۋاقلارغا ئىگە بولدۇم. ئۇ تەقسىز كۆپنى بىلىدىغان ئالىم كىشى ئىدى. ئاۋازى پۈتتۈپ قېلىپ ئامالسىز قەلەندەرچىلىك كوچىسغا كىرىپ قالدىم. ساتىراشلىقنى تېخى ئەمدى باشلىغانىدىم.

— تەقسىر، مەنمۇ ئەقلىمگە كەلسەم دادام رەھمىتى ئارقىغا سېلىپ ساتىراشلىق قىلىپ يۈرۈيدىكەن. بۇرۇنلاردا يۇرت كېزىپ ساتىراشلىق قىلاتتۇق. بىر يۇرتقا بارساق ئايىغىغا چىقىپ بولغىچە باش تەرىپىدىكىلەرنىڭ چاچ- ساقاللىرى ئۆسۈپ كېتەتتى. دادام رەھمىتىنىڭ ناھايىتى ئىناۋىتى، داڭقى بار ئىدى. ھۆنىرىنى«گۈلدەك چىرايلىق ھۆنەر» دەپ تەرىپلەيتتى. پىقىرلارنىڭ

ھال- مۇڭغا يېتىدىغان ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى. ئۇ چاغلاردا مۇقىم باھا دېگەن بولمايتتى. باي كۆپرەك بېرەتتى. كەمبەغەل ئاتىغىنىنى بېرەتتى، يوقىغا دۇئا قىلىپ قويىسلا بولاتتى. شۇغىنىسى مەن تىغلا ئوغۇل ئىدىم. يىمىگەننى يىگۈزۈپ، كىيمىگەننى كيىگۈزۈپ قىلمىغىنى قالمىغانىدى...

–تەقسىز، سوغۇقمۇ خېلى بولۇۋاتىدۇ. ساماۋېرىڭلارغا مەدەك سالساڭلار قولنى ئىسسىتقاچ ئولتۇرساق...

–تەقسىز ئۆزۈڭلارمۇ ساماۋېرىڭلارغا ئوت تۇتاشتۇرۇڭلار، مىنىڭ مەدىكىممۇ ئاز قالدى.

–قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، «مېنىڭ مەدىكىم» دېگەن گەپنى ئالاھىدە دەپ كەتتىڭلار، ياش ۋاقتىڭلاردا كەپسىز ئوخشىمامسىلەر.

–ئۇنى بىر دېمەڭلار، بۇپتۇ، مەكدەكنى مەن سالاي، سىلى پۇدەپ تۇرۇڭلار . خوش، دادام رەھمىتى مېنى ئەركە چوڭ قىپتىكەن. ھەي شۇ تۇنجى سېكىلەكنى ئويلىسام ھازىرمۇ يۈرىكىم ئېچىشىدۇ. ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىنى دەپ ئولتۇرماي، ئۆتكەندە بىر نەۋرىسىنىڭ چېچىنى ئالدۇرغىلى كەپتىكەن. قارىسام قېرىپتۇ. ھال- ئوقىتىمۇ دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئوخشايدۇ. گەپ قىلماي چاچ ئالدىم. نەۋرىسى بەك ئوماق تۇرىدۇ. ھەق ئالماي پۇل تۇتقۇزۇپ قويسام مىشىلداپ كەتتى بىچارە... راست ئۇسى بىرىنچىسى ئىدى. كۆپ خوتۇن ئالدىم. قىزمۇ ئالدىم، جۇۋانمۇ ئالدىم. دادام رەھمىتى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ھازىرقى خوتۇنۇم بىلەن توختاپ قالدىم. مانا ئۇنىڭدىن تۆت بالام بار...

–تەقسىر، سىلى بولساڭلىمۇ خوتۇنىنىڭ راھىتىنى كۆرۈپسىلەر، مەن مەدداھ ئۇستامغا ئەگىشىپ يۇرت كېزىپ جاھان كۆرگەندىن باشقا ھېچنەرسىنىڭ خوشلۇقىنى كۆرمىدىم. ئاڭلىسام ئاتا- بوۋام چوڭ ئۆتكەن سودىگەر ئىكەن. ماڭا كەلگەندە قالەندەرچىلىككە چۈشۈپ قالدىم. ئەپلەپ ساتىراش بولۇۋالسام بۇ ئورۇن سىزنىڭ چىقىپ قېلىۋاتىدۇ. شۇ تۇرقى قېرىغاندا بىر خوتۇن ئالسام ئۈچ بالىسى چىقىپ قالدى. ئۆزىغۇ بالام يوق دىگەن. مېنىڭ ماكانىم يوق، ئۇنىڭ بار ئىكەن. كېيىن باللىرىغا ئامراق بولۇپ قالدىم. ئۈچى بىر- بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ ئوغۇل دەڭلا تېخى. قېرىپ جاپا تارتىپ قالسام ئەسقېتىپ قالار دەپ ئولارنى بېقىۋاتىمەن. قالتىس يىگىت بولىدۇ چوڭ بولسا بۇ جانىۋارلار...

–تەقسىر، مەدەك سېلىش نۆۋىتى سىزگە كەلدى.

–بوپتۇ سالسام سالاي، مەدىكىمىزدىن باشقا نېمىمىز بار ئىدى دەيسىلەر...

–قىزىق گەپ قىلىدىغان تەقسىركەنسىز، قورساق توق بولسا بىر كۈلۈۋالىدىكەنمەن. خەير كۈلۈپمۇ قالارمەن. مېنىڭ شۇ خوتۇنۇمدىن تۆت بالام بار. كىچىكى پاقلاندەك بىر ئوغۇل ئىدى. بىچارە جانىۋار جىق ھەرەج تارتتى، ئاغرىپ ياتقىنىغا بىر يىل بولغان . ساقىيالماي قىلمىغان پەرۋىش قالمىدى. بىچارىنىڭ ئاغرىق دەردىدىن تولغىنىپ كېتىشلىرىنى ئويلىسام يۈرىكىم لەختە- لەختە بولۇپ كېتىدۇ. بىچارە جانىۋار جىق قىينىلىپ كەتتى. بىزنىمۇ جىق قىينىۋەتتى. بار- يوقىمىزنىڭ ھەممىسىنى خەجلەپ تۈگەتتۇق. بايا سالام قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن سالاپەتلىك ھاجىم ئېسىڭىزدىمۇ؟! ھە، شۇ ئادەم ئىككى يۈز كوي بېرىپ تۇردى. خۇدايىم بايلىقىنى زىيادە قىلسۇن. بۇنداق پەرىشتەدەك ئادەم ئالەمدە كەم تېپىلىدۇ. قالتىس ئادەمگەرچىلىكى بار. خۇدا بۇيرۇسا ئەتىيازدا بېغىدا ئىشلەپ بېرىمەن. كۈزدە تال باراڭلىرىنى جايلىشىپ بېرىمەن. بىچارە بالام شۇنچە ئەجىر قىلساممۇ ئۆلۈپ كەتتى. كوۋۇكچىلىك كامارغا ئەپكىرىپ قويدۇم. شاگىرت قىلىۋالارمەن دىگەنىدىم...

–كۆڭۈللىرىنى پەرىشان قىلمىسىلا تەقسىز. سەۋرى قىلسىلا، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلىۋاتىدۇ. بىر ئاز كۆڭۈل ئۆستۈرىدىغان گەپ بولسا قىلىنىڭ ئەمدى...

–راست دەيسىز، ئاپلا، جىندەك تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ.

–نەگە بارىدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟

–مۇشۇ بالام رەھمىتى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، راسا بىر يىغلاپ ئىچ- قارنىمنى بىر بوشىتىۋالماپتىكەنمەن. مانا ئەمدى ھەپتىدىن جىق بولدى، ئىچىمدىن سىېسىق يەل كېلىپ، جامائەت بار يەرگە بارالمايۋاتىمەن. يا ناماز ئوقۇيالمايۋاتىمەن. نەدىن كەلگەن تولا يەل بۇ، توۋا دەيمەن. دەرت ئىچىمگە قان- رەرداپ بولۇپ ئۈيۈپ كېتىپتىكەن.

— كەينىڭىزگە بالا تېگىپتۇ- دە. ئالەمنى بۇلغايدىغان بولدىڭىز- دە.

— قۇرۇق گەپ قىلماي گىرددىن ئىككىنى ئەكىلىڭ، بودوقى خېرىدارنى ئۈتۈنۈپ بېرەي- قانداق؟

— ماقۇل تەقسىر، مەن ئەزەلدىن سالاغا بوش.

— خوش، گەپكە كەلسەك، ھازىر ساتىراشلىق تازا ئاقماس ھۈنەر بولۇپ قالدى. بۇرۇنلاردا تولىمۇ ئەتىۋارلىق كەسىپ ئىدى. بىر تۇرۇپ قارىسا شەھەرلەردە ئىككى- ئۈچ ئادەمنىڭ چىچىنى ياساپ- جابدۇپلا بىزنىڭ بىر كۈن ئىشلىگەن پۇلىمىزنى تاپىدىكەن. ئۇلار تېخى ساقال ئالمايدىكەن. مۇنداق سوغۇقتا باشقا سۇ قويسا مۇزلاپ قالىدۇ. دادام رەھمەتتىن قالغان ھۈنەر بولمىغان بولسا ھەرگىز قىلغۇم يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن قەلەندەرچىلىك ياخشى ئەمەسمۇ؟

— ھەي تەقسىر، ئاغزىڭىزدىن سائەت چىقىپ كەتمىسۇن يەنە، بۇ ھۈنەر دېگەن ئەر دېگەنگە ساقال چىقىپ تۇرسىلا كاسات بولمايدىغان گۈلدەك ھۈنەر. مېنىڭ مەدداھ ئۇستامنىڭ زىكرى قىلىشىچە بۇرۇن سەئىدىخان پادىشاھ دەۋرىدە شەرىئەت ئاجايىپ روناق تاپقان ئىكەن. ئۇ چاغلاردا مۇنداق ھازىرقىدەك ئىشلار نېمىش قىلسۇن، ھاي، ھاي. دېسەم گەپ تولا. شۇ چاغلاردا ساتىراشلىقمۇ ئاجايىپ كامال تاپقان ئىكەن. ئەۋرەت ساتىراشلىرىمۇ بولغانىكەن. ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، ئەۋرەتنىڭ تۈكى ئۆسۈپ كەتسە مەكرو بولىدىغانلىقىنى...

— قانداق ئالىدىغان بولغىيتتى. ھى، ھى، ھى... ساقالنىمۇ، ئۇ يەرنىمۇ بىر ساتىراش ئالامدىكىنە؟

— كۆلمەك تەقسىر، شۇمۇ كۆلىدىغان ئىشمۇ، ھەر ئىككىسىنىڭ ئىناۋىتى ئايرىمچە چوڭ بولىدىكەندۇق. يەرنى ئازگال قىلىپ قازىدىكەن. ئەتراپىنى لاتا بىلەن ئورايدىكەن. تاپالىغانلىرى ئىپىل گىلەم، تۆپىسىگە كۆرپە سالىدىكەن. تاپالمىغانلىرى يۇمشاق قوي تېرىسى سالىدىكەن. ئاندىن خېرىدار كۆتۈپ ئولتۇرىدىكەن.

— قىزىق پاراڭ قىلىدىغان تەقسىر ئىكەنسىز، ھى، ھى، ھى...

— ھاي، كۆلمەك تەقسىر، مانا ھازىر كىم بىلىدۇ، سىزنىڭ ئۆرۈكۈدەك بولىدىمۇ؟.

— ئاپلا يەنە يەل كېلىۋاتىدۇ. كىچىككىنە تەخىر قىلىڭ.

— ھەي، مۇشۇ ئۇسۇرۇقنىڭ گېپىنى يامان چىقىرىپ قالدىڭلار. خەير، ئۆزۈمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ بېرەي، قانداق؟

— تايىنلىق مەدداھتىن ئاڭلىۋالغان بولغىيتتىڭلار.

— قۇرۇق گەپنى تولا قىلىدىكەنسىز، ئۆزۈڭلا ئۇسۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىكەنسىلەر.

— سەل تەخىر قىلىڭ تەقسىر، شۇڭا راستىنى دېگەن. يەنە سەت بىر كېلىۋاتىدۇ. ئۇسۇرۇق مۇسابىقىسى بولسىمۇ ئۇتۇۋالاتتىم. بۇرۇن مەھەللىدە ئۇسۇرۇق مۇسابىقىسى بولاتتى. ئۇتتۇرۇۋەتكەنلەر قاتتىق جازالىناتتى، قوي سويۇپ مېھمان قىلاتتى. يا لەقەم قويۇلاتتى، بىرنى تۆت ئادەم، يەنە بىرنى تۆت ئادەم تۇتۇپ قوڭ سوقۇشتۇرۇش قىلىۋېتەتتۇقمۇ، ئېسىمدە قالماپتۇ. ھەي ھازىر بولغان بولسا ھەرقانداقنى ئۇتۇۋالاتتىم.

— ئەمىسە باشلىدىم. قولاقلار مەندە بولسۇن، قولۇڭلار ساماۋەردە. ياش چاغلىرىمدا ئاجايىپ كېلىشكەن قىران يىگىت ئىدىم. ئاتا- ئانام ئۆلۈپ كېتىپ ھېيتگاھنىڭ تازا ئاۋات يېرىدىن بىر دۇكان قالغانىدى. ھەر كۈنى ۋاقچە چىقىپ خالا- خالىماي تىجارەت قىلاتتىم. كۈنلىرىم ئويۇن- تاماشا بىلەن ئۆتەتتى. بىر كۈنى قاق چۈشتە ئولتۇرسام بىر چوكان ناز- كەرەشمە بىلەن ئويناقلاپ كېلىپ قالدى. كۆز قويىرۇقىمدا قاراپ قويسام ئاۋازىنى پەس قىلىپ: «مۇشۇ بالامغا كىچىككىنە قاراپ تۇرسىلا، ھاجەت قىلىپ كېلىۋالسام» دەپ قالدى. بېشىمنى لىڭشتقىنىمنى بىلمەن، ساقلا- ساقلا كەچمۇ كىردى. شۇنداق قىلىپ ئەتە- ئۆگۈن دەپ ساق بەش كۈن بولغاندا بىر خوتۇن لەپپىدە قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ھە ئەشۇ شۇ، دەپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ قولىدىن كاپپىدە تۇتتۇم- دە تۇتتۇمما؟ دېدىم. ئۇ خوتۇن شۇ يەردىلا ئۆششۈقلۇق قىلىپ ئاللا- تووۋا كۆتۈردى. خالايىق يىغىلىپ كەتتى. قارىسام، چۈمپەردىسىنى قايرىپ كېپەن ئوغرىسىدەك كۆلىيىپ قاراۋاتىدۇ. بېشىمۇ كىچىك ئەمەس، مەندىن

تەك چوڭدەك تۇردۇ، شۇنىڭ بىلەن سۆرىشىپ بالىنى ئېلىپ قازىغا باردۇق. قازى ھەر ئىككىمىزنىڭ دەۋاسىنى ئاڭلاپ، ساقلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ كەتتى. پەتىۋاچى قۇلىقىغا بىر نېمە دېۋىدى، قازى بۇيرۇپ ھەر ئىككىمىزگە ئوخشاش چوڭلۇقتا ئىككى ئالما تۇتقۇزدى. بالىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ« بالىنى چاقىرىڭلار» دېدى. بۇ جانىۋار نەچچە كۈندىن بېرى ماڭا ئۆگىنىپ قاپتىكەن. تايتاڭلاپ مېنىڭ قېشىمغا كەلمەسمۇ، شۇ يەردىلا داد- پەرياد قىلدىم. قارىسام بالىنى ماڭا بۇيرۇپ بېرىدىغاندەك تۇراتتى. مېنىڭ ھالىمغا قاراپ قازى يەنە ساقلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ كەتتى. پەتىۋاچى ئۇنىڭ قولىقىغا يەنە بىر نېمە دەپ پىچىرلىدى. قازى خوتۇندىن«ئېرىڭ بارمۇ؟» دەپ سورىسا، «يوق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ، تاماشا كۆرگىلى كەلگەنلەرنى گۇۋاھ قىلىپ نىكاھ ئوقۇۋەتتى. ئارقىدىن قازىخانىدىن قوغلاپ چىقاردى، بالا قۇچىقىمدىن چۈشمەدىغان.

–تەقسىر، جىندەك تەخىر قىلسىلا يەل قويىۋالاي.

–ھە، نەگە كەلگەنىدىم. راست، ئامال يوق ئۇ خوتۇننىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ ماڭدىم. قاچاي دېسەم دۈكىنىمنى بىلىدۇ، كېلىۋالىدۇ. بېشىم قېتىپ ئارقىسىدىن مېڭىپ، قايسى كوچا، قايسى مەھەللىلەردىن ئۆتتۇم، ئۇقالماي قالدىم. شۇ تۇرقىدا قويۇپ بەرسىمۇ ئۆيۈمنى تېپىپ كېتەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. نامازشام بولغاندا بىر ئەسكى ئۆيگە ئۆلاشتۇق. تېشى كونا بولغان بىلەن ئىچى خېلى ياسداق ئىكەن. ھېرىپ كېتىپتىكەنمەن، گۈپ قىلىپ چۈشۈپلا ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. بىر چاغدا بىر نەرسە بېشىمغا قاتتىق تەگدى.«ۋايجان» دەپ ۋاقىراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. قارىسام خوتۇن بېشىمدا ئايپالتىدىن بىرنى تەڭلەپ تۇرۇپتۇ. قورقۇپ جېنىم چىقىپ كەتكىلى تاس قالدىم. «گېپىمگە كىرسەڭ جېنىڭ ئامان قالىدۇ، كىرمىسەڭ ئىككى پارە قىلىۋېتىمەن»دەپ ھەيۋە قىلدى. ئېغى- بېغىنى سورۇشتۇرمەيلا «لەببەي» دېدىم. بۇلۇڭدا كەتمەن تۇرىدىكەن، شەرەت قىلدى. ئالدىم، ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدىم. ماڭە- ماڭە، بىر چاغدا ھەزرەتتىكى مازارلىققا كېلىپ قالدىم. سەل توختىسام پالتىنىڭ كەينى بىلەن دوقۇسلاپ تۇردى. بىر قەبرىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. پەمچە يېڭىلا قويۇلغاندەك تۇرىدۇ.«كولا!» دېدى. غىڭ قىلماي كولىدىم، كولىدىم. ئاخىرى خىش تىزىلغان يەرگە كەلگەندە پۇت- قولۇم تىترەپ خىشنى تارتالمىدىم. قولۇمغا چىراغنى تۇتقۇزۇپ: «قاچىدىغان بولساڭ تۇتۇۋېلىپ پارە- پارە قىلىپ، مۇشۇ گۆرگىلا كۆمۈپ قويىمەن!» دېدى. ئۆزەمگە ئۆزۈم گۆر كولاپتىمەن، دەپ غىڭ قىلماي تۇردۇم. كۆچمۇ بار ئىكەن كاساپەتتە. خىشلارنى ئېلىپ شاپىلدىتىپ تۆپىگە ئېتىۋەتتى. تارتىپ بولۇپ ئېتىكنى قايرىپ ئۆملەپ كىرىپ كەتتى. چىراغنىڭ يورۇقىدا قارىسام، ئۆلۈكنىڭ كېپىنىنى سالدۇرۋاتىدۇ. ۋاھ نېمە دىگەن كارامەت، يا خۇدا، ئوتتۇز بەش ياشلاردا بار، تولغان بىر جۇۋان ئىكەن، ئۆلۈك دېمەي يېنىغا كىرىۋالغۇدەك...

–ئاپلا تەقسىر ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى، يەنە قىستاۋاتىدۇ، تازا پەيزى يېرىگە كەلگەندە.

–ھە نەگە كەلگەندۇق، راست، يەنە دېسەم گۇناھ بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆلۈكنىڭ كېپىنىنى يەشتى، بىر نېملەرنى قىلىپ ئالتۇن چىشلىرىنى چوقۇۋالدى، كېيىن ئاستىدىن چىچىنى تارتىپ چىقاردى. راسا بىر غۇلاچ كەلگۈدەك، ۋاھ چاچ دىگەن ئاجايىپ بولىدىكەن، گۆر ئىچىدىمۇ ۋاللىداپ كەتتى. ئىچىمدە قايسى تۈزكور مۇشۇنداق پەرىزات بىلەن بىللە كۆمۈلمەي يالغۇز كۆمۈپ قويغاندۇ، دەپ مىڭ لەنەت ئوقۇدۇم. شۇ چاغ بېشىنى تىزىغا قويۇپ، قايچا بىلەن چىچىنى كېسەي دېۋىدى،«چېچىمغا تەگمە!» دىگەن ئاۋاز چىقىپ قالدى. قارىسام ئۆلۈك قوپۇپلا ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى. ۋايجان دەپ ۋاقىرىدىم. ئاۋازىم چىقتىمۇ- چىقمىدىمۇ بىلمىدىم. باشقا ئادەم بولسا چوقۇم ئىشتىنىغا چىقىرىۋېتەتتى. قاچە- قاچ، بۇگۈن قاچمىساڭ قاچان قاچىسەن، دەپ بەدەر قاچتىم. قانچىلىك قاچقانلىقىمنى بىلمەيمەن. ھېرىپ ھالىم قالمىغان چاغدا بىر توما① (ئۆستەڭنىڭ سۇ باغلايدىغان ئېچىقى.) بويىغا كەلدىم. قورققاندىنمۇ ياكى سوغۇقتىنمۇ توڭۇپ، جاقىلداپ كەتتىم. قارىسام تومىنىڭ يار ئىلىپ كەتكەن يېرىگە باسقىلى پاخال دۆۋىلەپ قويۇپتىكەن، ھېلى ئارقامدىن قوغلاپ كېلىدىغاندەك ئارىسىغا كىرىپ يېتىۋالدىم. بىر چاغدا شاپۇر- شۇپۇر قىلىپ قالدى. ھەش- پەش دېگۈچە بىرى مېنى پاخال بىلەن قوشۇپ باغلاپ يۈدۈپلا ماڭدى. ئەسلى پاخال ئوغرىسى ئىكەن. ئەمدى نېمە كۈن كۆرەرمەن دەپ غىڭ قىلماي تۇردۇم. بىر مەھەللىگە كەلگەندە تاڭ سۈزۈلەي دېگەن ئىدى. نەچچە ئىت بىر ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ قالدى. ئاپلا دەپ قالدىم. ئاڭغىچە ئىت كېلىپلا يالىڭاچ پۇتۇمدىن بىر قاسدى. ئىشەنمىسىڭىز ھازىرمۇ ئىت چىشلىۋالغان تارتۇق بار. نېمە، تەقسىر كەينىڭىز خېلى جىمىپ قالدىغۇ؟

–تەقسىر، ئەمدى پۇرىمىغاندەك قىلدى. ئەپلەپ قويىۋۆەردىم.

–نەگە كەلگەندۇق. راست، «ۋايجان» دەپ بىر ۋارقىراپتىكەنمەن، ئوغرى مەندىن بەكرەك ۋارقىراپ، پاخالنى تاشلاپ بەدەر قاچتى. ئىتلار ئۇنىڭ ئارقىسىن قوغلاپ كەتتى. پاخالنىڭ ئىچىدىن ئۆملەپ چىقتىم. بۇرنۇمغا يېڭى ناننىڭ پۇرىقى پۇراپ قالدى. قارىسام، بىر ئىشىك ئوچۇق تۇرىدۇ. بېشىمنى تىقىپ قارىسام، تونۇر بېشىدا راسا ئوخشىغان، قىزىرىپ پىشقان قاتلىما نانلار يېيىقلىق تۇرىدۇ. ئۆمرۈمدە ئۇنداق شېرىن نان يەپ باقمىغاندىمەن. ئۇ قوينۇمغا ئىككىنى، بۇ قوينۇغا ئىككىنى تىقتىم. قارىسام ئۆي ئىگىسى ئۆگزىدىن چۈشۈۋاتىدۇ، تالاغا قاچسام كۆرۈپ قالىدۇ. ئامال يوق ئۆي ئىچىگە كىرىۋالدىم . قارىسام بۇلۇڭدا بىر يوغان كۈپ تۇرۇپتۇ. بىرىپلا كىرىۋاپتىمەن. ناننى خاتىرجەم راسا يېدىم. بىر چاغدا ئاۋاز چىقىپ قالدى. ئاڭلىسام ئەر كىشى ئۇن تارتىپ كەپتۇ. ئىككىسى قول- قول كۆتۈرۈشۈپ كۈپنىڭ ئىچىگە- تۆپەمگە ئۇننى تۆكتى. ئېرى: «ھەي خوتۇن، بۇ كۈپكە بىر تاغار ئۇن پاتاتتى، يېرىمى ئىششىپ قالدىغۇ؟» دېدى. ئاندىن نوغۇچ بىلەن چىڭداشقا باشلىدى. خېمىر قىلىۋەتمىگەندىمۇ بىر يەرگە باردىم. بىر چاغدا ئۇسۇرۇق راسا قىستاپ كەپ قالدى. قىسىۋالاي دېسەم بولمىدى. مانا ئەمسە دەپ بىر قويۇۋېتىپتىكەنمەن، كۈپ «بوك» قىلىپ يېرىلىپ كەتتى. ئۆي ئىچى توزان بولۇپ كېتىپتۇ. ئىشىكنى ئاران ئىلغا قىلدىم– دە بەدەر قاچتىم. بىر قېچىپتىكەنمەن، ھېلىقى ئىتلارمۇ يېتىشەلمىدى. بايا ئۇسۇرۇقنىڭ گېپىنى قىلىۋېدىڭىز، مۇشۇ ئىش ئېسىمگە كەلدى.

–تەقسىر، ئەسلىي ئۆزۈڭلار كونا ئۇسۇرغاق ئىكەنسىلەر ئەمەسمۇ. بىر بەستىلىشىپ باقمامدۇق؟

–مۇشۇ ھالىڭلىدا بازاردىكى ھەممە ئۇسۇرغاقلارنى يىغىپ كەلسىمۇ، ئۇتتۇۋالارسىز دەيمەن. مەن بېرىپ پېشىن ئوقۇۋالاي.

–مەن ئۇقۇيالمىغلى خېلى بۇلۇپ قالدى.

–تەقسىر، ئەمدى ئەسلى گەپكە كېلىپ سۆزلىشىپ باقايلى.

–تەسىر، مۇشۇ يەكشەنبە بازار بازار بولغاندىن بۇيان مەن مۇشۇ ئورۇندا ئولتۇرۇپ ئوقەت قىلىپ كىلىۋاتىمەن. بۇ ئەتراپتا رىدە كۆپ ئىدى، ئاخىرى مۇشۇ بىر تۆپىلا قالدى. قىشتا سايىسىنىڭ كېرىكى بولمىغان بىلەن يازدا كۆپ ئەسقاتىدۇ. مېنىڭ چۆپقەتلىرىم مۇشۇ يەرگە كېلىپ مېنى ئىزدەيدۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كېسەل باقمەن دەپ، ئاندىن كېيىن ھازىدار بولۇپ كېلەلمىدىم، مانا ئەمدى ئۆزىڭىز بۇ يەرگە دۇكان قۇرۇپ ئولتۇرۇۋاپسىز.

–تەقسىر، يەر خۇدانىڭ زېمىنى، مېنى كەت دېسىڭىز ئادىل بولارمۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا مەن يەنە دېۋانچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولىمەن. مۇشۇ پېتى ئۆتۈپ كەتمەي دېدىم. بايىمۇ دېدىم، مېنىڭ پۇشتۇم بولمىسىمۇ يىگىتتەك ئۈچ بالا بار، ئانىسىمۇ بار تېخى. بۇ چاغقىچە قۇش بالىسىدەك چۇرۇلداپ كەتتى- دە بۇ جانىۋارلار...

–ئۈچ قىزىمنىڭ چوڭى بويىغا يېتىپ قالدى. ئاتىلىق قەرزى تېخى بوينۇمدا. ئانىسى ئىچ ئاغرىق دەردىدە ئورۇقلاپ تۆگىشىپلا كەتتى. مېنىڭ ھالىممۇ شۇ. كەمبەغەل بولغانسېرى بالىغا ئامراق بولىدىكەن. بايىقى ھاجىمنىڭ قاپلاندەك بىر ئوغلى نەدە دەيدۇ، ئېتىلىپ كېتىپتۇ. ئۆلۈكىنىغۇ ئېلىپ كەلدى. لېكىن قارىساڭ يەنە ئامۇتتەك تۇرمامدۇ. ھەي كۆرگۈلۈك تېخى ئالدىمدا ئوخشايدۇ. مەدەك سېلىپ تۇرغىنا تەقسىر. ھۇ، شۇ تەخسىرىڭگە قوڭالتاق تەخسىر. بايىقى بىر تال گىردەڭمۇ ئۇسۇرۇق بىلەن تۈگىدى. ئەجەب جۇدۇنۇم تۇتتۇۋاتىدۇ. بولدى، شۇنداق قىلىپ، كۈپنى يېرىپ قېچىپ نەگە باردىڭ؟

–سۆزلەپ بېرەمدىم، بوپتۇ. تالاش- تارتىشنى كېيىنگە قويايلى. شۇ قاچقانچە تازا ھارغىچە قېچىپتىمەن. كېتەي دېسەم نىشاننى پەرق قىلالمىدىم. كەچ بولغاندا يوغان بىر قورۇققا ئۆلاشتىم. قارىسام سامانلىقنىڭ تېمى شورا بولۇپ كېتىپتىكەن، كىرىدىغان يەر مۇشۇ ئوخشايدۇ، دەپ ئارتىلىپلا ئىچىگە كىرىۋالدىم. سامانلىق پاخالنىڭ ئىچىدىنمۇ ئىسسىقكەن. كىرىپلا ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. بىر چاغدا بۇرنۇمغا مەززىلىك پولۇ پۇراپ قالدى. سىنچىلاپ قارىسام ئالدىمدا بىر لىگەن بەتتە پولۇ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاله، يە، بوگۈن يېمىسەڭ قاچان يەيسەن، دەپ بىر سوققىلى تۇرۇپتىكەنمەن، بىر كاپام قالغاندا بىرىنىڭ قولىغا قولۇم تەگدى. قورقۇپ كېتىپ كىمسەن؟ دېسەم، ئۇمۇ شۇنداق دېدى. گەپ قىلماي خېلى تۇردۇم. بىر چاغدا مەندىن ئىسىم- زاتىم، يۇرت- نىشانىمنى سورىدى. مەن باشتىن ئۆتكەن ئىشلىرىمنى بىر قاتار سۆزلەپ ئۆتتۇم. ئۇمۇ سۆزلىدى. ئۇ بىر قىز بىلەن پۈتۈشۈپتىكەن، ئۇنى مۇشۇ ئائىلىلىك سودىگەر ئېلىۋاپتۇ. ئۆزى كەمبەغەل ئىكەن. سودىگەر سىرتقا چىقىپ كەتسىلا بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدىكەن. بوگۈن پولۇ پىشقاندا كېلىپ قېلىپ سامانلىققا مۆكۈۋېلىپ ئولتۇرغان ئىكەن. ھال- مۇڭ ئېيتىشىپ چىقىشىپ قالدۇق. ئۇ «بۇ سودىگەرنىڭ يوغان– يوغان نەچچە ساندۇقتا ياڭىقى بار، شۇنىڭدىن راسا بىر ئېلىپ

قاچمامدۇق» دەپ قالدى. نېرى- بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ماقۇل دېدىم، تۈگۈلۈكتىن ئۇ چۈشتى. قاچىلايدىغان قاپ تاپالماي پەستە تۇرۇپ: «قانداق قىلىمىز؟» دېدى. « ئىشتىنىڭنى سېلىپ ئىككى پۇشقىقىنى بوغۇپ، ئىچىگە قاچىلا» دېدىم، دېگەندەك قىلدى. ماڭا سۇنۇپ بېرىۋاتتى، بىر پۇشقىقى يېشىلىپ كېتىپ ياڭاق تۆكۈلۈپ كەتتى. ھەممىسى ساندۇق ئۈستىگە چۈشۈپ ناغرا چالغاندەك تاراڭلاپ كەتتى. ئاپلا، دەپ بولغۇچە سودىگەر كىرىپ تۇتىۋالدى. قارىسام ئۇنى ھويلىدىكى ئۈجمە دەرىخىگە باغلاپ قامچا بىلەن ساۋىغىلى تۇردى. بىچارە ئاغرىقتىن چىرقىراپ كەتتى. ئىچىم ئاغرىپ قارىسام بىر كونا ئۇچۇلۇق تۇرىدۇ. يەرگە ئاتسام سودىگەر قېچىپ كەتسە ئۇنى قوتۇلدۇرۇۋالاي دەپ ئويلاپ ئۇچۇلۇقنى بېشىمدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ بىر ئېتىپتىكەنمەن، قوشقۇنى بوينۇمغا ئىلىنىشىۋېلىپ ئۇچۇلۇقتىن بۇرۇن يەرگە چۈشتۇم. مېنىمۇ تۇتۇپ باغلاپ ئۇردى. سوراق سورىۋېدى، بېشىمدىن كەچۈرگەنلىرىمنى دەپ بەردىم. دەرھال باغلاقتىن يېشىپ، ئەپۇ سوراپ، ئالدىمىزغا داستىخان سالدى. يېتىشقا يۇمشاق تۆشەك سالدى. بۇ ئۆمرۈمدە ئۇنداق راھەتتە ئۇخلاپ باقمىغاندىمەن. ئەتىسى خۇرجۇنىنىڭ بىر كۆزىگە ياڭاق، يەنە بىر كۆزىگە ئۈزۈق- تۈلۈك قاچىلاپ، يولغا سالدى. تولا قېچىپ يۈرۈپ ئۆيۈمدىن يەتتە كۈنلۈك يىراققا كېتىپتىمەن.

–ھە، تەقسىر ئۆزۈڭ تېخى يەل تاپان ئىكەنسەن- دە!

–تولا گەپ ئارىلاشتۇرماي قولاق سالماسەن. مېڭىپ بىر يەرگە بارغاندا سامانلىقتا ئۇچراشقان ھەمراھىمنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدىم.«داد، ئىككىنچى كېلەمدىغان» دەپ ئالدىمدا بەدەر قاچتى. كۆرمەمسىز تەقسىر. ئاشۇنداق مەردلىكنى دوست تۇتقان سودىگەرگە قارا سانىغان ئادەمنى ئۇرمىسام خۇدا مېنى ئۇرمامدۇ؟

–راست ئېيتىسىز تەقسىر. بايا ماڭا سالام قىلغان ھاجىممۇ تېپىلماس مەرد ئادەم. كېيىن ئۇ دوستۇڭنى كۆردۈڭمۇ؟

–كۆردۈم تەقسىر، بىر ناھىيەگە ھاكىم بوپتىكەن. پاناھ تارتىپ بارسام بېشىمنى سىلاپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ ئىزدەپ باردىم. تونۇماس بولۇۋالدى. سامانلىقتا پولۇ يېگەن ئىشىمىزنى دەپ سالماسمەنما، كاچىتىمغا بىرنى سېلىپ«گۈن» دېدى. خۇمسى دېگەن ھامان خۇمسى بولىدىكەن. بۇ ئىشقىغۇ ئۆزۈن بولدى.

–شۇنداق قىلىپ ئۆيۈڭ قانداق بولدى؟

–مەدداھ ئۇستامنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ يۈرت- ماكانىنىڭ قەدرىگە يەتمەپتىمەن. ئون يىل بۇرۇن ئۆيۈمنىڭ دەۋاسىنى قىلغان ئىدىم. ئورنىغا بىنا سېلىنىپ كېتىپتىكەن. «ئازلا قالدى» دېگەنگىمۇ ئۆزۈن بولدى. شۇ دېۋانە خوتۇننى نىكاھىمغا ئالغانىدىم، شۇنىڭ ئۆيىدە تۇرىۋاتىمەن.

–قورسىقىمدىكى يەل خېلى بېسىقىپ قالدى. بۈگۈن سىزگە ئۇچراشمىغان بولسام، بۇ يەلمۇ تۈگىمەس ئىكەن. سىز بىلەن شېرىن سۆھبەت قىلىپ قورسىقىممۇ خېلى بوشىدى. مەنمۇ گەپ قىلىپ بەرسەم گەپ تولا. دېمەيلا قوياي، ماقۇل، قىسقىراق سۆزلەپ بېرەي . مەنمۇ بىر چاغلاردا راسا پۇل تاپقان. تاغ ئارقىسىدا ساتىراش كەمكەن، دەپ ئاڭلاپ، مىڭ بالادا تاغ ئارقىسىغا چىقتىم. نەدىكىنى، ئادەمدىن ساتىراش تولىكەن. ئامال يوق، تاغمۇ تاغ يۈرۈپ داخان بولۇۋالدىم. ئەر- خوتۇننى ئىسىستىم، چىش ئاغرىقىغا دەم سالدىم، توغماسلىنى ئوقۇدۇم. ئاشۇنداق يۈرۈپ داڭقىم تاغمۇ تاغلاردا پۇر كەتتى. قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈردۈم. بىر چاغدا قارىسام بىر قورۇ مال، نۇرغان پۇل- پۈچەك بولۇپ قاپتۇ. «ياخشى كۈن ئوزۇن بولمايدۇ» دەپ مالنى قويۇپلا يۇرتقا قاراپ ماڭدىم. كۈچادا بىر سەتەڭ خوتۇننىڭ دېڭىگە چۈشۈپ قىمار ئويناپ ساپتىمەن. ئۇتتۇرۇپ كاكا سالتاڭ بولۇپ قالدىم. پۇلۇم بار چاغدا ئالاي دېسەم، ماقۇل دېمىسىمۇ مەيلى باردەك تۇرۇۋېدى، تۈگىگەندە كۆتۈمگە تېپىپ قوغلاپ چىقاردى. شۇ تاغ ئارقىسىدا بىر قورو قويۇم قالغانىدى. بۇ چاغقا ئاۋۇپ نەچچە قورۇ بولۇپ كەتكەندۇ. بىرىپ ئېلىشقا مادۇر نەدە دەيسىز تەقسىر...

–پو ئېتىڭلار دېسە تازا ئاتىدىكەنسىز تەقسىر. ئۇنىڭدىن بېرىپ يەل قويۇۋېتىڭ، يا بولمىسا يەكەندىكىدەك...

–يا ئاللا تەقسىر، پو ئېيتىشقا سىزدەك ئۇستا ئەمەسمەن. بولدى، ئۇسۇرۇقمۇ بېسىقىپ قالدى. ئەسلي گەپكە كېلىنىڭ!

–بوپتۇ، يەنە بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى دەپ بەرسەم يەتتە كېچە–كۈندۈزدىمۇ تۈگىمەيدۇ. ھەي ي ي. بېشىمدىن جىق كۈن ئۆتتى. تەجرىبىگە مول بولدۇم، لېكىن ئۇنىڭغا قورساق تويمايدىكەن. سىلىنىڭ ئىچىڭلارغا زەرداپ يىغىلىپ كەتكەندەك مېنىڭمۇ ئىچىمدە دەرد تولا. مۇشۇ ئۇسۇرۇق دېگەن ئاجايىپ بىر نېمە. بىر قېتىم مۇشۇ تارىم دەرياسى دەمدۇ، بىر دەريادا تولۇم

**بىلەن ئېقىپ قوملۇقنىڭ تازا ئىشكىرىسىگە بېرىپ قالغانتىم. ھەربىيلەرنىڭ بىر بېغىدا تۆت كۈن شاپتۇل شېخى ئۈستىدە تۇردۇم. شەپەرەڭدەك ئېسىلىپ ئۇخلاۋەردىم دەڭلار...**

**–تەقسىر، ئەمدى يەنە مەدداھلىقىقا چۈشتىلىمۇ نىمە؟ قىشتا بالدۇر كەچ بولىدۇ، مەدەكمۇ تۇگەي دىدى.**

**–توختاڭلار دەيمەن تەقسىر، ئۇسۇرۇقنىڭ گېپى. تازا ئىشەكتەك تۆت ئىت قوغلاپ، شاپتۇلنىڭ شېخىغا چىقىۋالغان ئىدىم. تۆت كۈنگىچە ئادەم كەلمەي، يېيىشىم شاپتۇل، يەنە شاپتۇل. چوڭ- كىچىك تەرەتنىمۇ دەرەختە تۇرۇپ قىلىۋەردىم. بەشىنچى كۈنى ئىككى ھەربىي كېلىپ تۇتۇپ، كۆزۈمنى تېڭىپ، تازا بىر كۈن ماشىنا بىلەن مېڭىپ يولغا تاشلىۋېتىپ كېتىپ قالدى. شۇ دەرەخ ئۈستىدە تۆت كۈن شاپتۇل يەپتىكەنمەن. بىر يىلغىچە شاپتۇل ئۇسۇرۇپتىمەن .**

**–ھا،ھا، ئەسلى ئۆزىڭلار كونا ئۇسۇرغاق ئىكەنسىلەر- دە، پونىمۇ ئايىماي ئاتىدىكەنسىلەر.**

**–تەقسىر گېپىمگە چىنپۇتمەيۋاتىسىلەرغۇ؟ شۇ يىلى بىر باينىڭ خوتونى قىشتا شاپتۇل پۇرۇقىغا سېزىك بولۇپ قاپتىكەن، مېنىڭ داڭقىمنى ئاڭلاپ ئۆيىگىلا ئېلىپ كېلىۋالدى.**

**–ھەھەھە يالغان گەپنى زادى ئايىماي قىلىۋېرىدىكەنسىز. ئەمدى ماۋۇ ئورۇننىڭ گېپىنى قىلايلى تەقسىر.**

**–ماقۇل تەقسىر. بۇ ئورۇندا ئەسلى ئۆزۈڭلار بالىلىرىڭلارنى بېقىپ كەپتىكەنسىز، مەنمۇ سىز يوق چاغدا خېلى ئۆزلىشىپ قالغانتىم. بولدى، قۇرۇق گەپكە قورساق تويمايدۇ، ئۆزۈڭلار بىر نىمە دەڭلار.**

**–يوقسۇ تەقسىر، ئۆزىڭىز بىر نىمە دەڭ، بالىلىرىڭىز كۆپ...**

**–يوقسۇ تەقسىر ئۆزەڭلىنىڭ جانىۋارلىرى...**

**–ئەمسە مېنىڭ دېگىنىم راست بولسۇن، ماقۇل دېسەڭلار شۇنداق قىلىمىز. كېلەر ھەپتە سەھەردە كېلىپ، تۈنجى خېرىدارنى گۇۋاھ قىلىپ ئۇسۇرۇش مۇسابىقىسى قىلىنىڭ. ۋاقىت بەلگىلەيمىز. كىم جىق ئۇسۇرسا شۇ مۇشۇ ئورۇندا ساتىراشلىق قىلسۇن.**

**–خوپ، تەقسىر، شۇنداق بولسۇن. ئوغۇل بالىچىلىق.**

**–خوش خۇداغا ئامانەت.**

**–خوش.**

**1996- يىلى 5- ئاينىڭ 10- كۈنى**

# باقىنىڭ كۆنلىرى

## 1

بەزىدە ئۆزۈمنىڭ تازا ئاڭقىرالماي بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن بىرەر ئىشنىڭ تەكرارلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىمەن. لېكىن قاچان، چۈشۈمدىمۇ، كىچىك ۋاقتىمدىمۇ ياكى راست بىر ئورۇندا شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە ئانچە جەزم قىلالمايمەن. تۈيغۇمدا شۇنداق بىر ئىشنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىگە نېمە ئۈچۈندۇر ئىشىنىمەن. شۇ تاپتا چۈمپەردىلىك ئىككى ئايال بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ لەڭپۇڭ يەۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىنى مەن كۆرەلمەيتتىم. بۇ بىر كىچىك لەڭپۇڭخانا ئىدى. بۇلۇڭدىكى بىر ئورۇندۇقتا قويۇلغان ئۈنئالغۇدىن جاز مۇزىكىسى ياڭراۋاتاتتى. ئارىدىن بىرى ئۆرۈلۈپ چۈمپەردىسىنى ئېچىپ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە ئۇلار دەرھال باشلىرىنى بىر يەرگە قىلىشۋالدى. شۇ چاغدا چوكىغا قىسىپ ئاغزىمغا ئاپىراي دەپ تۇرغان لەڭپۇڭ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەن ئۇلارنى تونۇمايتتىم، بىراق پەقەت شۇنچىلىك بىر ئىش كىنونىڭ شىپپىدە ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر كۆرۈنۈشتەك ئۆتۈپ كەتتى. شۇنداق بىر ئىش بۇ يەردە تەكرارلىنىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ قاچان، قەيەردە سادىر بولغان؟ شۇنچە ئويلىساممۇ ئەسكە ئالالمىدىم. جاز مۇزىكىسى ياڭراۋاتاتتى. مۇزىكىدىن كۇلالچىنىڭ تۆمۈر ئەسۋاب بىلەن دەز كەتكەن كوزىنى ئۇرۇۋاتقاندەك جىز- جىز قىلغان مېڭىنى زىڭىلدىتىدىغان ئاۋاز كېلەتتى. بىر چۈشۈن كېلىپ لەڭپۇڭغا قونۇۋالدى. ئارقىدىن بىر پۇتىنى تارتسا بىر پۇتى پېتىپ قېلىپ ئاۋارە بولدى. مەن ئۇنىڭغا- بۇنىڭغا قاراپ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتىم.

بۇ يەكشەنبە كۈنى بولۇپ، چۈش بولۇشقا خېلى ۋاقىت بار ئىدى. مەن نىشانسىز ئايلىنىپ يۈردۈم. چۈشتىن ئاخىر لەڭپۇڭ ئىچىدىن چىقالمىدى. ئۇ شۇنچە تىرىشىپ باقتى. ئۇنىڭ گىژىلدىغان نالىسى ئۆيىنى بىر ئالدى. سىرتتا قۇرغاق شامال چىقىۋاتاتتى. ھەر نەپەسلەنگەندە ئىككى لېۋىمنى قورۇپ، نەپەس چىقارغاندا بوشايتتى. كوچىدا چىرايلىق كىيىنىۋالغان قىزلار ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بىرى مۇرىسى بىلەن سوقۇپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ قاراپ باقمىدىم، يېنىمدىن ئۆتكەندىمۇ قاراپ باقماپتىمەن. كۆڭلۈمدە قانداقراق ئادەمدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. مۇرىسىنىڭ يۇمشاق تەگكىنىگە قارىغاندا چىرايلىق بىر قىز بولسا كېرەك، كىم بىلسۇن. يازدىمۇ قېلىن كىيىنىپ يۈرىدىغان دىۋانە خوتۇنمۇ تېخى. يۈزلىرىنى قورۇق بېسىپ كەتكەندۇر... خۇددى... ئۆمۈچۈك توردەك... ئۆمۈچۈكنى «دۆدە» دەپمۇ ئاتايدۇ. كىچىك چېغىمىزدا چىشىمىزنى سانىۋالىدۇ، دەپ ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئېغىزىمىزنى چىڭ يۇمۇۋالىدىغان. ئېسىمدە، سىنىپنىڭ بۇلۇڭىدا بىر يوغان ئۆمۈچۈك بولىدىغان. مەن

دەرسكە قارىماي ئۇنىڭ تورىدا خۇددى ئەركىنلىك ئىلاھىنىڭ تاجىسىدەك ھەيۋەت تۇرقىغا قاراپ ئولتۇراتتىم. مەن ئۇنىڭ دائىم شۇ يەردە چۈشىن تۇتۇپ يېيىشىگە قاراپ تۇراتتىم. بىر كۈنى يوغان بىر پارقىراق چۈشىن تورىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ گىژىلدىغان ئاۋازى سىنىپنى بىر ئالدى. ئىككىسى قاتتىق ئېلىشتى. مېنىڭ دەرسكە دىققەت قىلماي بۇلۇڭغا قاراپ تۇرغىنىمنى ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى مۇئەللىم كۆرۈپ قالدى. چۈشىن ناھايىتى سەت ئاۋاز چىقىرىپ قوم چاپىنىغاندەك چىشىنى قىرىشتۇراتتى. مۇئەللىم ماڭا بىر ئالىيىپ، بۇلۇڭدىكى ئۆزۈن سۈپۈرگە بىلەن ئۆمۈچۈكنى، تورى ۋە چۈشىن بىلەن قوشۇپلا سۈپۈرۈپ چۈشۈرۈۋەتتى. ئۆمۈچۈك تامغا قاراپ قېچىۋىدى، يوغان ئاياغ كېلىپ ماچچىدە ئېزىۋەتتى....

ئىختىيارسىز ئايىغىمغا قارىدىم. كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. نېمە ئويلىسامۇ ئاخىر شۇنداق كۆڭۈلسىز چۈشىدۇ. بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن. بىر دوقمۇشتا توختاپ مۇزدوغ ئىچتىم. كۆڭلۈم ئېچىلمىدى. بېشىم ئېغىرلىشىپ كەتتى. خۇددى باش سۆڭىكىمگە قوم قۇيۇپ قويغاندەك.

ساقال ئالدۇرۇش مەن ئۈچۈن ئەڭ ئاۋارە بىر ئىش ئىدى. ئۆزۈم ئالسام ئۇ يەر- بۇ يېرىمنى كېسىۋالاتتىم. ساتىراشخانىدا بولسا چۈشىنىڭ گىژىلدىغان ئاۋازىنى جىمجىت ئاڭلاپ ئولتۇرۇش، سېسىق پۇراق، يەنە ئۇستۇرىنىڭ كىتىرلىغان ئاۋازى مېنى زېرىكتۈرەتتى. ئاندىن ساتىراشنىڭ ئېڭەكنى موتاپ ئۇۋۇلاشلىرى.... بۇ ساتىراشخانىغا بۇرۇن كىرىپ باقمىغانىدىم. ساقلاپ ئولتۇرغانلار نەچچە ئادەم بولۇپ، ساتىراش بىر ئىكەن. ساتىراشقا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ قاشلىرى تىك، بۇرنى پاناق ھەم قارا ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقى كىشىنى ئەندىشىگە سالاتتى. ئۇ ھازىرلا ساقىلىنى ئالدۇرۇۋاتقان كىشىنى بوغۇزلىۋېتىدىغاندەك تۇراتتى. ئۇ ئادەممۇ ھەم ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغاندەك كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى. مەن ساقال ئالدۇرۇشتىن يالتىيىپ چىقىپ كەتتىم.

مەن نېمىدېگەن ئۇنتۇغاق. «ھەي، باقى» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپلا ھەممىنى ئېسىمگە ئالدىم. ھازىر خۇددى چۈشۈمدىن ئويغانغاندەكلا ئەتىگەندىن بۇيانقى بىر خىل كۈتۈش تۇيغۇسىنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم. بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى، ئۇنى مەن چۈشتە ناخشا- ئۇسسۇل كۆرۈشكە تەكلىپ قىلغان. ئۇ كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ چىرايلىق ياسىنىۋالغانىدى. مۇشۇنداق كۈندىمۇ مەندە ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىغا كۈلۈۋاتقاندۇر بەلكىم، ئويۇننىڭ باشلىنىشىغا خېلى ۋاقىت بولغاچقا ئۇنى تاماققا زورلىدىم. بىز يېقىنلا يەردىكى بىر ئاشخانىغا كىردۇق. مەن نېمە تەييار بولسا شۇنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدۇم. تاماق كەلگەندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭدىن نېمە يەيدىغانلىقىنى سورىمىغانلىقىمنى ئەسكە ئالدىم. ئۇنىڭ ئىسمى ئاپئاق ئىدى. ئاڭلىسام كىچىكىدە ئەركىلىتىپ قويۇپ، كېيىن ئىسىم بولۇپ ئۆزلىشىپ قاپتۇ. بۇنى ئۆزى دەپ بەرگەن.

تىياتىرخانا بالدۇرلا ئادەمگە توشۇپ بولۇپتۇ. تەستە ئۆز ئورنىمىزنى تېپىپ ئولتۇردۇق. سەھنىدە قېنىق گىرىم قىلىۋالغان ئېلانچى كۆرۈنۈپ بىرنېمىلەرنى دەپ كىرىپ كەتتى. ئاندىن ئېزىلەڭگۈ مۇقام ئاۋازى ئاڭلاندى. كەمچەت تۇماقنى قىڭغىر كىيىۋالغان قىز لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشتى. ماڭا ئۇ ھازىرلا تۇماقنى تاشلاپ دېسكوغا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى. ئاپئاق قولۇمنى نوقۇپ «نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟» دېدى. مەن بىردەم تېڭىرقاپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭ خىيالى بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن، «كانايىنىڭ ئاۋازى بەك قاتتىق ئىكەن» دەپ قويدۇم. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك قاراپ كەتتىم. ئۇ چىرايلىق، چاققانلا كۆرۈنەتتى. خۇددى سەل قوپاللىق قىلىپ قويسىلا تۇزۇپ كېتىدىغان گۈلدەك ئاجىز تۇيۇلۇپ، گېپىممۇ يۇتۇپ كەتتى. ئۇمۇ باشقا گەپ قىلمىدى. سەھنىگە باشقا بىر قىز چىقىپ بىرنەچچە قېتىم تەزىم قىلدى. كىشىلەر چاۋقان سېلىپ ئالقىش ياڭراتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق چىڭ، بىر كانايمۇ دەل بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدا ئىكەن. زال ئىسسىپ ھاۋاسىمۇ بۇزۇلۇپ كەتتى. ناخشىچى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ چىرقىراپ ناخشا ئېيتقاندا، مېنى قارا تەر بېسىپ كەتتى. ئاۋازى سەل پەسەيگەندە سەل ئارام ئالغاندەك بولۇپ قالدىم. يەنە بىر كۆتۈرۈلگەندە يەنە شۇنداق قارا تەر قاپلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ساغرىسىنى ئانچە- مۇنچە ئىغاڭلىتىپ قويۇشى تېخىمۇ قۇلاشمىدى. قىز يەنە قولۇمغا نوقۇپ قويدى. مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. شۇ تاپتا مېنىڭ بىردەممۇ ئولتۇرغۇم يوق ئىدى. مەن ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ:

– بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ئىكەن، – دېدىم. ئۇ:

– بۈگۈن چېسلاغا نەچچە؟ – دەپ سورىدى.

– يىگىرمە، – دېدىم.

ئۇ بىرنەرسىنى ئويلىغاندەك بىردەم تۇرۇپ كەتتى. ئارقىدىن بىردىنلا چىرايى ئېچىلىپ، «ئاھ بىلەمسىز، بۈگۈن يەنە كىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى؟» دېدى.

—سىزنىڭمۇ؟—دەپ سورىدىم.

—ياق، مېنىڭچە بولغاندا ھەرگىزمۇ بۇ كۈنى تۇغۇلۇشنى خالىمايتتىم،—دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئۇقالمىدىم.

—بۈگۈن 20- ئاپرېل، شۇنداقمۇ؟ بۇ يەنە بىر ئادەمنىڭ—ئاتاقلىق ئادەمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ئۇ كىم، بىلەمسىز؟—دېدى ئۇ .

مەن مۆرەمنى قىسىپ بىلمەيدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئۇ چىرايىمغا سەپسېلىپ راست دەۋاتقانلىقىمغا جەزم قىلغاندىن كېيىن،—ئۇنداقتا ئەڭ ياخشىسى بىلمەيلا قويۇڭ، بولۇپمۇ سىزنىڭ بۇرۇتىڭىز،—دەپ قويدى. تۇرقىدىن خېلى ئەستايىدىللىق چىقىپ تۇراتتى. پاراڭ شۇنچىلىك بولدى. ئۇمۇ بىرئاز خاتىرجەم بولغاندەك تۇراتتى.

سەھنىگە بىر ئەر ناخشىچى چىقتى. ئۇ كاستۇم- شىم كىيىۋالغان بولۇپ، قاتۇرۇپ قويغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى قولى ئوشۇقچە نەرسىدەك جايلىشىدىغان يەر تاپالماي ئاۋارە ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقى خۇددى ئۇ ناخشا ئېيتمىسا باشقىلارنىڭ ياشىمىقى تەستەك تۇيغۇ بېرەتتى. زالنىڭ ئىسسىقى، بەتبۇي تەر پۇرىقى، ناخشىنىڭ يېقىمسىز ئاۋازى، پۇرقىراپ چىقىۋاتقان تاماكا ئىسلىرى تەسىرىدىن شۇنداق بىئارام بولۇۋاتاتتىم. ئۇمۇ زوقلىنىش سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن تاماشىبىنلارغا قوشۇلۇپ قىزىقىپ كۆرۈۋاتاتتى. مۇنداق بولۇشىغا ئۇنىڭدىنمۇ بىزار بولۇشۇم چوقۇم ئىدى. بۇ ناخشىلارنىڭ مەن كىچىكىمدىن ئاڭلاپ كەلگەن ناخشىلاردىن ھېچ پەرقى يوق ئىدى. ماڭا خۇددى قاپىيە ئېھتىياجىدىن توقۇلغاندەك، بۇ ناخشىلارنى يازغانلارمۇ پەسىللىك قۇشلار ئىدى. مەن ئاخىر بولالماي، «چىقىپ كېتەيلى» دېدىم. ئۇ ماڭا بىردەم قاراپ تۇردى، چىرايىدىن ھەيرانلىق چىقىپ تۇراتتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭدى. بىز كىشىلەرنىڭ پۇتلىرىغا پۇتلىشىپ يۈرۈپ تەستە تالاغا چىقىۋالدۇق. بىردىنلا تالاغا چىققاچقا قۇياش نۇرى كۆزۈمنى ئاچچىرىدى. تەرلەرمۇ ئەمدى قۇرۇيدىغاندەك تۇراتتى. خۇددى بىر دوۋزە ئادەمنىڭ تېگىدىن ئۆملەپ چىققاندەك بىردىنلا يەڭگىللەپ قالدىم. بىز پىيادىلەر يولىنى بويلاپ ئاستا ماڭدۇق. ئېھتىمال ئۇ «قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلمەيدىغان بىرنېمىكەن» دەۋاتقاندۇر. مۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسام، ئۇ بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ كېتىپ قالاتتى- دە، ئاندىن ئۆزۈم يالغۇز ئايلىنىشقا توغرا كېلەتتى. تۇيۇقسىز بىرى پېشىمنى تارتىپ توختاتتى. ئۆرۈلۈپ قارىسام بىر قەلەندەر مەككارلىق بىلەن ھىجىيىپ تۇراتتى. چۆچۈپ كەتكەنلىكىمدىن ئۇنى سىلكىۋەتتىم. ئۇ ۋارقىراپ- جارقىراپ ئۇششۇقلۇق قىلىشقا باشلىدى. مەن يانچۇقۇمدىن پۇل ئېلىپ بەردىم. ئۇ پۇلنى مەن ئىختىيارلىقىم بىلەن بەرمەي، بەلكى ئۆزى بۇلاپ ئالغاندەك قولۇمدىن ئېلىپلا قاچتى. ئايىغاق ماڭا قاراپ، «ھەي باقى، نەچچە پۇل بەردىڭ؟ سەن نېمانچە مەرد؟» دەپ مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى.

—نەچچە پۇل بەرگەنلىكىمگە دىققەت قىلماپتىمەن،—دېدىم مەن. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشنى ئويلىغانىدىم.

—نەچچە پۇل بەردىم؟—ئۇ دەپ بەرمىدى. مەنمۇ كوچىلاپ سورىمىدىم. شۇ تاپ، پەقەت پىكىر قىلىۋاتقان كاللامىلا بوي ئېگىزلىكىمدىكى بوشلۇقتا لەيلەپ تۇرغاندەك، بەدىنىممۇ كۆنۈپ كەتكەن بىر ئادەت يۈزىسىدىن ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك ئىدى. بىز دۇغ ئىچتۇق. ئۇ مېنىڭ ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىچىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ:

—قايسى چۆلدە ئۇسسۇز قالغانىدىڭىز؟—دېدى.

بىز بىر ئاشخانىغا كىردۇق. بۇ ئاشخانا خىلۋەتتىرەك بولغاچقا جىمجىت ئىدى. ئۇ ماڭا قاراپ گەپ قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇراتتى. مەن بىرەر گەپ قىلىشىم كېرەك دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئىزھار قىلاي دېسەم، يېقىندا توي قىلغۇم يوق ئىدى. مۇھەببەت تەلىپى قويۇش بۇ يەردە توي قىلىش تەلىپىنى قويۇش بىلەن باراۋەر ئىدى. لېكىن مېنىڭ كېيىنمۇ توي قىلغۇم يوقتەك ئىدى. ئۇ ماڭا بىردەم قاراپ تۇردى. مەن تامدىكى چۈشىنىلەر رەسۋا قىلىۋەتكەن داغلىق چولپانلارنىڭ رەسىمىگە قاراپ ئولتۇردۇم. مەن چۈشىنىڭ مۇنداق يوغان چىچىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. بىر ئايالنىڭ ئېڭىكىگە شۇنداق ياراشتۇرۇپ مەڭ ياساپ قويۇپتۇ. قىز:

—مەن بىر گەپ قىلىپ بېرەي،—دەپ دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتتى. مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ماڭا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. ئۇ،—بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر مېنى ياتلىق قىلىمىز دېيىشىۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە ئەلچى كەلگەندىن كېيىن، شۇنداق دەيدۇ-دە... سىزنىڭچە قانداق قىلسام بولار؟—دېدى.

مەن ئۇنىڭ نېمە مەقسەتتە مۇنداق دەيدىغانلىقىنى بىلدىم. ئۇنىڭغا ئېنىق بىرەر گەپ قىلىشىم كېرەك ئىدى.

—ناۋادا مۇۋاپىق كۆرسىڭىز بولمىدىمۇ؟—دېدىم. ئۇنىڭغا قانچىلىك دەرىجىدە ئامراق ئىكەنلىكىمنى بىلمەيتتىم. كېتىپ قالغاندا بىلىنەرمۇ؟ ئۇ ھەيران قېلىۋاتقاندەك، سۆزۈمنىڭ راست- يالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالمايۋاتقاندەك بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن:

—ئەلۋەتتە نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلىمەن،—دېدى ئۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇم. بىراق ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن يەنە نېمە توغرۇلۇق پاراڭلىشىش كېرەك. ئۇنىڭغا بىر قىزىق گەپ قىلاي دېدىم، لېكىن ھېچقانداق يۇمۇرلۇق گەپ تاپالمىدىم. ھەر يىلى بىرلا ۋاقىتتا بىرەرى بىلەن تونۇشۇپ قالاتتىم. بۇ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن مەنمۇ ئۇرۇنۇپ كەتمەيتتىم. ئۇرۇنساممۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقمايتتى. بۇ خۇددى ھايۋانلارنىڭ كۆيلەش باسقۇچىغا ئوخشايتتى ھەم كۆرۈنمەس بىر تەقدىر كونترول قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. ئۆزۈممۇ بۇ دەۋر دەۋرىيلىكتىن قۇتۇلالمايدىغاندەك، ئۆز ئىختىيارىم بىلەن تاللىيالمايدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. ھازىرقى قىز بىردەمدىن كېيىن كېتىپ قالاتتى. ئارىدا ھېچقانداق تارتىشىدىغان ئىشلار يوق ئىدى. ئېسىمدە، ئۆتكەندە بىر ئايال بالىسىنى «ھەي، تۇتۇرۇقسىز بالا» دەپ چاقىرىپ قالدى. قارىسام بۇرۇن مەن ئارىلاشقان بىر قىز ئىكەن. ھازىر بالىسى يوغانلا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ مېنى شۇنداق ئاتاۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتكەنىدى.

ئەمدى ئۇ ماڭا بىر سوئال بەلگىسى قويۇپ قوياتتى ھەم مېنىڭ نېمشقا ئېنىق گەپ قىلمايدىغانلىقىمنى ئۇقالماي كېتەتتى. مەن نېمدەپ چۈشەندۈرۈشۈم كېرەك؟ تاماق كۆڭۈلسىزلا يېيىلدى. ئايرىلىدىغان چاغدا ئۇ: «مەن سىزگە تېلېفون ئۇرىمەن» دېدى. بۇ ماڭا «مەن سىزنى ئۇنتۇپ قالمايمەن» دېگەندەك بىلىندى. ئۇ بىردەمدىلا كىشىلەر ئارىسىدا يوقاپ كەتتى.

2

بەك كەچ ئۇخلىغانلىقىم ئۈچۈن ئەتىگەندە تەستە قوپۇپ ئارقا- ئارقىدىن بىرنەچچە تال تاماكا چەكتىم. ئاندىن بىر چىنە سوغۇق سۇ ئىچتىم. توك سائىتىنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى، ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى، كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ- چۇرۇڭلىرى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مېنىڭ دۈشەنبە بىلەن پەقەت خوشۇم يوق ئىدى. بۇ بىر ھەپتىدىكى باشقا كۈنلەرمۇ مۇشۇ كۈندىكىدەك زېرىكەرلىك ئۆتىدىغاندەك، شۇ بىر كۈندىكى كەيپىياتىم باشقا كۈنلەردىكى كەيپىياتىمنى بەلگىلەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇڭا بۇ كۈنى ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاتتىم. ئارتۇقچە ئىش- ھەرىكەتلەردە بولمايتتىم. كۈنلىرىم ئۇ ئايدىن- بۇ ئايغا مائاش كۈتۈپ بىر خىل ئۆتەتتى. خىزمەتمۇ ئالدىراش ئەمەس ياكى بەزىدە يوق ئىدى. يولدا كېلىۋاتقىچە بىر قىز يېقىملىق كۈلۈپ سالام قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. مېنى ئۇ قىز تونۇيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇنچىلىك ئىشقىمۇ كۆڭلۈم ئېچىلىپ كەتتى. زېرىكىشلىك مېخانىك تۇرمۇشتا مېڭەم ھەددىدىن زىيادە سەزگۈرلىشىپ كەتكەنىدى. بارلىق ئىش- ھەرىكەتلىرىمگە ئىشەنچسىز تۇيغۇمنى يېتەكچى قىلىۋالغاندەك تۇراتتىم.

ئىشخانا باشلىقى تازىلىق قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ ئالدىدا غىڭ قىلماي تازىلىق قىلاتتى. كېيىن «ئەمگەك بىلەن خۇشى يوق» دەپ مېنى ئەيىبلەيتتى. مەن كىرىپلا سۈپۈرگىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالاي دېسەم، ئۇ «بىر ئىشنى قىلغاندىكىن ئاخىرغىچە قىلىش كېرەك» دېدى. ئۇ ئىشخانىدا بىر ئولتۇرۇۋالسا ھېچ يەرگە چىقىپ قويمايتتى. گېزىت كۆرسە گېزىتنىڭ بېشىدىكى «xx گېزىتى» دېگەن يەردىن ئاخىرىدىكى ھاۋا رايى مەلۇماتىنىڭ چېكىتلىرىگىچە كۆرۈپ چىقامدىكىن دەيمەن. بەزىدە توختاپ مېنى چاقىرىپ: «قارا، ماۋۇ يەرگە مۇنداق دەپتۇ. ئۇقتۇڭمۇ؟ قارا، يەنە بىر ئوقۇپ بېرەي»دەپ قايتا ئوقۇپ بېرەتتى ھەم شۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆز مېنىڭ تەقدىرىمنى بەلگىلەيدىغاندەك، بەلكى مەن بۇنى تولۇق تونۇپ يېتەلمەيۋاتقاندەك ناھايىتى قوپال ياسالغان كۆزەينىكى ئۈستىدىن ماڭا شۈبھى بىلەن قارايتتى. مەن ئامالسىز دىققەت قىلغان قىياپەتكە كىرىۋالاتتىم. ئۇ گېزىتنى ئوقۇپ بولۇپلا ئالىقاندەك يوغانلىقتا موخۇركا قەغىزى يۆگەشكە باشلايتتى. مۆلچەرىمچە گېزىتنى شۇ كۈنلا چېكىپ بولاتتى. بۇنىڭدا گېزىت مەزمۇنلىرى تېخىمۇ ياخشى ھەزىم بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

خەت- چەك تارقاتقۇچى بىر ئاتكىرىتكا ئېلىپ كىردى. مەن ھەيران قالدىم. ماڭا مۇنداق نەرسىلەر كېلىپ باقمايتتى. ئۇنىڭدىن كەلدىمۇ يا؟ «ھەي باقى» دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ بۇ بىنادىكى باشقا بىر ئورگاندا ئىشلەيتتى. مەكتەپ پۈتتۈرۈپ بىرىگە ئەگىشىپ بۇ يەرگە كەپتۇ. مەن كەلسەم ئۇلار بىر يىللىق بولغانىكەن. كېيىن ئۇلار ئاجرىشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئاتا- ئانىسىنىڭ قېشىغا يۆتكىلىپ كېتەتتى. يېقىندا خىزمەتتىن يۆتكىلىشكە ئورۇن تېپىش ئۈچۈن كەتكەنىدى. قارىغاندا شۇ يازغان ئوخشايدۇ. ئۇ ئادەتتە شۇنداق پۈزۈر كىيىنىپ يۈرەتتى. يۈرۈش- تۇرۇشىمۇ سالاپەتلىك ئىدى. سىرتتا سىملداپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۆيگە بارغۇم كەلمەي بىر ئاشپۇزۇلدا تاماق يېدىم. ئاندىن كوچا ئايلاندىم. مېڭىپ سەل ھارغاندا بوتكىدىلا ئازراق ھاراق ئىچىۋالدىم. گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا كوچىلار تېخىمۇ ئاۋات بولۇپ كېتەتتى. ئۆزۈممۇ ئەكسىچە خېلى روھلىنىپ قالدىم. نېمىشقىدۇر ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ بارلىق پائالىيەتلەردىن توختىغاندا ئۆزۈمنى كۆرگەندەك، سەككىز سائەت خىزمەت قىلغان ئادەم باشقا بىرىدەك ئويلاپ قالاتتىم. پەقەت ھارغىن بەدىنىمدىلا بەلگىسى بولاتتى. شۇ ۋاقىتلاردا ئۆزۈمدە نېمىشقا بۇنداق ئۆزلۈك تۇيغۇسى بولمايدۇ؟ ناۋادا مۇشۇنداق ياشاۋېرىپ نەگە بارىدىغانلىقىم توغرۇلۇق ئويلانسام تېخىمۇ بېشىم قاتاتتى. بەزىدە خىزمەتنى تاشلاپ باشقا يەرلەرگە كەتكۈم ياكى تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ باققۇم كېلەتتى. ئويلىرىمنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رىتىممدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايتتى. يەنە ئوخشاشلا ياشاپ كېلىۋاتاتتىم. بەزىدە بۇرۇنقى تۇرمۇشۇم تەكرارلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم.

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاندا يوللار بىرئاز تىنجىدى. شەھەر سىرتىدىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلانغاندىن كېيىن، قايتىپ كېتىشنى ئويلىدىم.

3

بۇ كۈنى ئىشخانا بەك ئىسسىق، مۈگدەپلا ئولتۇردۇم. شامالدۇرغۇچنىڭ باشنى ئايلاندۇرىدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇدۇلدا ئولتۇرىدىغان مۇدىر ماڭا گېزىتتىن بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. لېكىن مەن ئۇيقۇسىراپ كەتكەنلىكىمدىن كۆزلىرىمنى تۈزۈك ئاچالمايۋاتاتتىم. ئۇ ئوقۇپ بولۇپ ماڭا قارىدى. مەندە ھېچقانداق ئىپادە يوقلۇقىنى كۆرۈپ چېچىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بىزدەك ياشلار ئۇلاردەك جاپالىق تۇرمۇشنى، ئۆتمۈشنى كۆرمەپتۇق. شۇڭا ھەممە ئىشتىن خەۋەرسىز بىخۇد يۈرىدىكەنمىز. بۇ ئۇنىڭ ئاي بېشىدا دەيدىغان گېپى. ئاي ئاخىرىدا تۇرمۇشىدىن زارلىنىدۇ. ئۆزىچە ئۆزىنى ئاقسۆڭەك ئەۋلادى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بەزىدە بىزار بولۇپ پېنسىيىگە چىقىپ تىجارەت قىلغۇسى كېلىپ كېتىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىككى ئىنىسىنىڭ بايلىقىنى ماڭا ئېزىپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇنداق چاغدا ئوغلىنى ئۆيلەشكە پۇل سوراپ بارسا ئىنىلىرىنىڭ بەرمىگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئىشقىلىپ مەن مۈگدەپ ئولتۇرۇۋەردىم. كېيىن ئۇ چېچىلىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئەمدى بىردەم ئۇخلىۋالساممۇ بولاتتى. تېخى ئەمدى ئۇخلىغانىدىم، بىرى مۈرەمدىن تۇتۇپ قورۇدى. مەن بېشىمنى ئەمدىلا كۆتۈرۈشۈم بىلەن كۆزۈمنى ئېتىۋالدى. ئارقىدىن مەززىلىك ئەتىر پۇرىقى نەپسىمگە ئۇرۇلدى. ئۇيقۇم تولۇق ئېچىلىپ كەتمىگەچكە دەماللىققا ئاڭقىرالمىدىم. تېخىمۇ يېقىن كەلگەندە تونۇدۇم. يۈرىكىم ئىختىيارسىز ئىللىققىنا سوقۇپ كەتتى. دىل قايتىپ كەپتۇ. ئۇ كۆزۈمنى قويۇۋەتكەندە دېرىزىدىن كىرگەن كۈن نۇرى كۆزۈمنى ئاچۇرمىدى. ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەي دېسەممۇ يالغاندىن ھىجىيىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتىم. ئۇنى سېغىنىپ كەتكەندەك ئىدىم. ئىشقىلىپ بىر نەرسەم كەمدەك تۇراتتى. ئۇنى قۇچاقلىماقچى بولدۇم. ئۇ بۇنى بىلىپ ئىتتىك ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ۋە بىر قىزچاقنى يېتىلەپ كىردى، «بۇ مېنىڭ كىچىك سىڭلىم بولىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ ئالدىمغا مېڭىپ كەلگەن ۋاقتىدىكى قىياپىتى ئەركىن- ئازادە ئىدى. مەن بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئاجايىپ يېقىشلىق قىز ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇ چىرايلىق قىزچاق ماڭا ئۇنى بۇرۇن كۆرگەندەك ھەم بىر مەزگىل ئايرىلىپ كېتىپ يەنە بىر كۆرۈشكەندەك تۇيغۇ بەردى. ئۇ ئاچىسىدەك تولغان بولمىسىمۇ، بەك ئوماق، جەزبىلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ ماڭا تىكىلىپ قاراپ كەتتى. مەن تېخىچە ئۇيقۇدىن تازا ئويغىنالمىغاندەك تۇراتتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مېنىمۇ سېغىنغانلىقىنى سېزىۋالدىم. كۆزلىرىدىن بىر خىل مەنە چىقىپ تۇراتتى. ئاخشام ئۇيقۇم قېچىپ ئۇخلىماي دېگۈدەك تاماكا چېكىپ چىققانىدىم. ئەمدى نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن بىرنەچچە كېچىنى ئويلاپ ياتمىغان بولغىيدىم دەپ قالدىم. ئۇنىڭدىن تارقىغان مەززىلىك ئەتىر پۇرىقى قايسى بىر ئەتىگەنلىكىدىكى ئۇنىئالغۇدىن ياڭراۋاتقان يېنىك مۇزىكىنى تىڭشاپ ھۇرۇنلۇق بىلەن شۇ پۇراق ئىچىدە ياتقان ۋاقتىمنى ئېسىمگە كەلتۈردى. ئۇ كۈنى شۇ يېقىملىق پۇراق مېنى ئەللەيلەۋاتقاندەك زادىلا ئۇيقۇمنى ئاچالمىغانىدىم. ئۇنىڭ قېشىدا كىچىك بالىسى يوق تۇراتتى. مەن ئىما قىلىپ، «ئۇ قېنى» دېدىم. ئۇ «بالام

ئۆيدە. ئاتا- ئانامنىڭ قېشىدا قالدى» دەپ چۈشەندۈردى. ئارقىدىن «ھېلىقى ئىشمۇ پۈتۈپ قالدى. ئۇقتۇرۇش قەغىزى كەلسىلا يولغا چىقىمەن» دەپ قوشۇپ قويدى. ئۇ كېتىدىغان يەر ماڭا ناھايىتى يىراق بىلىنەتتى. مەن تېخىچە ئۇنىڭدىن قاچان كەلگەنلىكىنى سورىمىغانىدىم. ئازراق ئارىسالدى بولۇپ سورىدىم. ئۇ: «ئەتىگەن كەلدۇق. ئۆينى بىر قاتار يىغىشتۇرۇپ، كىيىم- كېچەكلەرنى ئالماشتۇرۇپ ئەمدى بىكار بولۇشىمىز» دېدى. سىڭلىسى شۇ تاپ ئاچىسىغا يۆلىنىپ ماڭا قاراپ تۇراتتى، «سىز بەك ئاكامغا ئوخشايدىكەنسىز» دېدى ئۇ. مەن ئۇنىڭغا كۈلۈپ قويدۇم. ئۆزۈمگە ھېجىيىپ قويغانىدەك بىلىنىپ كەتتى. دىل: «ئۇنىڭ ئىسمى ياشار، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردى» دېدى. كېتەر چاغدا مېنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىپ قويدى. سىڭلىسى ياشار «چوقۇم كېلىڭ» دەپ جېكىلىدى. مەن ئۇلارنىڭ قەدەم تاۋۇشى يۈتكۈچە مەڭدەپ تۇردۇم. ئىشخانا ئىچىدە ئۇنىڭ يېقىملىق پۇرىقى لەيلەپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئىشتىن چۈشۈپ بىرەر سائەتتىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئىشىكنى چېكىشىمگە سىڭلىسى ياشار چىقىپ كەلدى. ئۇ خۇشال ھالدا ئۆيىگە باشلىدى. ئۆي بەك سالقىن بىلىنەتتى. دىل ئاشخانا ئۆيدىن چىقىپ، "ۋاقتىدا كەلدىڭىز، ھازىرلا تاماق تەييار بولىدۇ« دېدى ۋە ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بۇنچىلا خۇشاللىقىدىن بىرئاز خىجىل بولۇپ قالدىم. ئۇلارنىڭ مۇنچىلا قىزغىن كۈتۈشىگە ئەرزىگۈدەك نېمە ئالاھىدىلىكىم بارلىقىنى ھېچ ئۇقالمىدىم. دىل ماڭا كۆپ قېتىم تاماق ئېتىپ بەرگەنىدى. يەنە باشقا ئىشلارمۇ بار. ئەمما مەن ئۇنىڭغا ھېچنەرسە قىلىپ بەرمىگەنىدىم. ياشار ماڭا بىردەمدىلا ئامراق بولۇپ كەتتى. ئۇنىئالغۇدىن يېقىملىق مۇزىكا ياڭراپ تۇراتتى. ئاشخانا ئۆيدىن مەززىلىك قورۇما پۇرىقى كېلەتتى. ياشار كىرىسلودا ماڭا يېقىن ئولتۇرۇپ بىرنېمىلەرنى سورايتتى. ئاغزىمغا تاماكىنى قىستۇرۇشۇمغا ئۆزى تۇتاشتۇرۇپ قويدى. ئۇ ھەر بىر ھەرىكىتىمگە سەپسالاتتى. مەن ئارىمىزدىكى ئىشلار توغرۇلۇق ياشارنىڭ قانچىلىك خەۋىرى بارلىقىنى بىلمەيتتىم. ئۇ«ھالقا چىقىرالامسىز؟ ئاكام بىر شوراپ نۇرغۇن ھالقا چىقىرالايدۇ» دەيتتى. ھالقا چىقىرىپ بەردىم. دەسلەپ ساناپ ئوينىدى، كېيىن ئۇ ماڭا ئۇدۇل بولۇۋېلىپ ئاغزىمدىن چىققان ھالقىلارنى بىر- بىردىن بۇزدى. قولىنى بارا- بارا ئاغزىمنىڭ ئۇدۇلىغا ئەپكەلدى. ئۇنىڭ قولىنى چىشلىۋالدىم. ئۇ ۋارقىراپ كەتتى. ئەسلى ۋارقىرىغۇدەك قاتتىق چىشلىمىگەنىدىم. ئاغرىتىۋەتتىڭىز دېگەندەك دومسىيىپ قويدى. ئۇ كۆزۈمگە بەك ئىسسىق كۆرۈنەتتى.

تاماقمۇ پىشتى. ئۇ لەڭمەن ئېتىپتۇ. باشقا تاماقتىن لەڭمەننى بەكرەك ئوخشىتىپ ئېتەتتى. ئېسىمدە، بىر قېتىم دۇۋە بىر تەخسە لەڭمەن ئېلىپ كىرسە ئىككى تارتىپلا يەپ بولدۇم. ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ ئاچچىقسۇ ئېلىپ چىقىپ قۇرۇق تەخسىنى كۆرۈپ تۆكۈۋەتكەن ئوخشايدۇ دەپ يەرنى ئىزدەشتۈرگەنىدى. شىرەنىڭ ئۈستىگە تاماق كەلدى. تاماق يېگەچ دىل ماڭا مەنىلىك قارايتتى. تۇرقىدىن «سىڭلىمنى ئېلىپ كەلمىسەم بوپتىكەن» دېمەكچى بولغاندەك تۇراتتى. ئىلگىرى بىز دائىم تاماقنى سوۋۇتۇپ قوياتتۇق. مەن: «بۈگۈن تاماقنى قىزىقىدا يەيدىغان بولدۇم» دېدىم. دىل نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ كۈلۈپ كەتتى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يۈتكىلىپ بارىدىغان ئورۇننىڭ ئەۋزەللىكىنى بىردەم سۆزلىدى، «سىزنىمۇ يۆتكەپ قويۇش قولۇمدىن كېلىدۇ. بىز بىلەن كېتەمسىز» دەپ سورىدى. ئۇ بۇنى چاقچاق ئارىلاش دېدى. مەن بۇنى توي قىلىش تەلپىگە يېقىنراق مەندە چۈشەندىم. ئۇ ھەقىقەتەن كېلىشكەن ئايال ئىدى. مەن دائىم ئۇنىڭ ئېسىل سالاپىتىدىن زوقلىناتتىم. مەن بىردەم تۇرۇپ، «ماڭا ھەممە يەر ئوخشاشمىكىن دەيمەن» دېدىم.

ئىشقىلىپ مەن ھەممە يەردە ئوخشاشلا زېرىكەتتىم. مېنىڭ ھازىر ئويلايدىغىنىم مۇشۇنداق ياشاپ قانچىلىك بەرداشلىق بېرىش ئىدى. مەن ئۇنى سېغىنغان، يالغۇز ئۆيىقۇسىز قالغان چاغلىرىمدا ئۇنى يېنىمدا دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. ئۇ ماڭا خۇددى بىرىنچى قېتىم قاراۋاتقاندەك قاراپ كەتتى. ئۇ بىرئاز جىلە بولۇۋاتاتتى. ئۇ «مەن بۇ يەردە كۆپ تۇرالمايمەن»دېدى. مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەن نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمىدىم. ئۇ كەتسىلا يەنە كۆرۈشۈش تەس بولاتتى. ئۇ يەر ماڭا شۇنداق يىراق بىلىنەتتى. بۇ يەردە ئۇ مۇنداق كېتىۋېرىشنى خالىمايتتى. لېكىن مەن «سىزنى ئىزدەپ بارىمەن» دېمىدىم. يالغان سۆزلىگۈم يوق ئىدى. مەن پەقەت ئارقا- ئارقىدىن تاماكا چېكەتتىم. ئۇنىڭ ئەتە ئىشقا چىققۇسى يوقتەك تۇراتتى. سىڭلىسى كىرگەندە «مەن قايتاي» دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ياشار «ئاكا، ئەتە كېلەمسىز؟» دەپ سورىدى. مەن «ئەتە چوڭ ئانامنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلەيمىكىن» دېدىم. دىل چوڭ ئانامنىڭ يالغۇز تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا سىڭلىسىغا «ئۇ كېيىن كېلىدۇ. زورلىمايلى» دېدى.

سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرماي  ئۇنى ئويلىدىم. ئويلىغانسېرى سىڭلىسى ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ بىئارام بولۇپ كەتتىم. بۇ يەردە ئۇنىڭ پۇرىقى يوق ئىدى. بۇزۇق توك سائىتى بىر خىل زېرىكىشلىك غوڭۇلداۋاتاتتى. مەن ئەتىگەندە تاماق يەپ ئادەتلىنىمىگەنىدىم.

ۋاقىت توشقاندا ئىشقا باردىم. ئىشخانا مۇدىرى مېنىڭ خېلى بۇرۇن كەلگەنلىكىمدىن رازى بولغاندەك تۇراتتى. ئەتىگەندە بىرەر سائەت جىم ئولتۇرۇپ ئىشقا كىرىشىپ كېتەتتۇق. تاكى ئۇ ئېغىر، قوپال كۆزەينىكىنى شىرەگە تاراققىدە قويغاندا بۇ ئېغىر جىمجىتلىق بۇزۇلاتتى. ئاندىن يېڭى گېزىتلەرنى شاراقشىتىپ ئېچىپ كۆرۈشكە باشلايتتى. ئۇ ماڭا نەچچە ئون يىللاپ تاندىن چۈشمىگەن دارۋازدەك كۆرۈنەتتى. ئۆتكەندە «مۇدىرلىقتىن قالدۇرۇۋېتىدىكەن» دېگەن گەپ تارقىلىپ ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا يوقلاپ بارسام سارغىيىپ تۈگىشىپلا كېتىپتىكەن. ئۇ شۇ چاغدا ماڭا ئۇزۇن قاراپ «سەن كەلگۈسى ئىز باسار، ئۆزۈڭ ياخشى يىگىت، شۇغىنىسى ئۆيلىنىۋالساڭ ياخشى بولاتتى» دېگەنىدى. مەن ئۇنىڭ نېمىگە ئاساسەن شۇنداق دەيدىغانلىقىنى پەقەت ئۇقالمىدىم. كېيىن كېسەللىكتىن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدىم. شۇ چاغدا ئۇ ماڭا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنگەنىدى. پىلىلداپ قالغان كۆزلىرىدىن داردىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

چۈشتىن كېيىن ئانچە ئىش بولمايتتى. چوڭ ئانامنىڭ قېشىغا بالدۇرراق باراي دېگەن ئويدا ئىدىم. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئۇ كۆزەينىكىنى تاراققىدە قويدى. ئاندىن تاقىر بېشىنى بىردەم ھۇزۇرلىنىپ سىلىدى. مەن شۇندىلا خۇش بولاتتىم. ئۇ تارتمىسىدىن شاھماتنى ئېلىپ «كېلە ئۇكا، بىرەر پەدە تارتىشايلى» دېدى. ئۇ دامكا ئويناتتى. ئۇتتۇۋالسام ۋاقىت توشۇپ كەتسىمۇ قويۇۋەتمەي ئويناتتى. چېچىلىپ ئۇششۇقلۇق قىلاتتى. بىرەر ئىشىم بولسا بىرەر مەيدان ئوتتۇرۇپ بېرەتتىم. بۈگۈنمۇ ئىككى مەيدان ئۇتتۇرۇپ بېرىپ ئاندىن رۇخسەت سورىدىم. بۇنداق چاغدا قانداق تەلپىم بولسا قوشۇلاتتى.

چوڭ ئانام خېلىلا قېرىپ قالغانىدى. ئۇ بەك تىرىشچان ئىدى. باشقىلارغا يۈلىنىۋالمايتتى. مەن ئىشكنى ئاچقاندا ئىشىك غىچىلداپ كەتتى. بۇ ئاۋاز بىر خىل قەدىناس ئاڭلىناتتى. چوڭ ئانام بۇلۇڭدىكى ئوقۇردا ئولتۇرۇۋېلىپ كىچىك قوزىچاقنىڭ ئوت يېيىشىگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. مەندىن ئۇزۇنغىچە تىنچ ـ ئامانلىق سورىدى، «كەلمىدىڭ» دەپ كايىدى. مەن «باراي دېسەم بارالمايدىكەنمەن» دېدىم. كېيىن «ئىسمىڭ نېمە ئىدى؟» دەپ سوراپ، مەن جاۋاب بەرگۈچە يەنە تېپىۋالدى. مەن ئۇنىڭ قاداق قولىنى تاتىلاپ قويدۇم. ئۇنىڭ قولى ھېلىلا ئوت ئالغاچقىمۇ كۆك تۇراتتى. ھويلىدىكى قېرى چىلان دەرىخى شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. كىچىكىمدە دائىم ئۇنىڭدىن غۇلاپ كېتىپ چۈشەپ قالاتتىم. مېنى ئۆيگە باشلاپ ماڭغاندا قوزىچاق ئوقۇردىن چۈشۈپ بىزنىڭ ئالدىمىزدا دالان ئۆينىڭ سۇپىسىغا چىقىپ مايىقلاشقا باشلىدى.

چوڭ ئانام «چۈشە مەرەز» دەپ ۋارقىرىدى. قوزىچاق مايىقلىغاچ پەسكە چۈشتى، «بۇ تايلاق ناماز ئوقۇۋاتسام جايناماز‌دا تۇرۇۋېلىپ نامىزىمنى ناماز قىلمايدۇ» دەپ ئۇنى قوغلاپ چىقاردى.

مەن خىيال سۈرگەچ ئوڭدا ياتتىم.

موماي «چۆپ ئېتىپ بېرىمەن» دەپ قويغان نەرسىسىنى تاپالماي ئاۋارە بولاتتى. مەن «موماي يالغۇز ياشىغىنىغا ئۇزۇن بولۇپ كەتتى. ئەجەبا زېرىكمەمدىغاندۇ؟ ناۋادا مەن ئاشۇنچىلىك ياشاپ مۇشۇ ھالدا قالسام چوقۇم چىدىيالماي قالغان بولاتتىم» دەپ ئويلاپ قورقۇپ قالدىم.

تاماق بەك ئوخشاپتىكەن. ئۇ تاماقتىن كېيىن ئۇزۇن دۇئا قىلدى. قوزىچاق بىزگە قاراپ پەگادا تۇراتتى.

مەن بالدۇرلا يېتىۋالدىم. بۇ ئۆينىڭ بۇرۇنقى قايناقلىقىنى، كىچىك ۋاقتىمىزنى ئەسلىدىم. ئۇ چاغدا بۇ ئۆي شۇنداق يوغان بىلىنەتتى. چىلان دەرىخى ئاجايىپ ئېگىز كۆرۈنەتتى. ھازىر ئەكسىچە ئىدى. چوڭ ئانام ئوقۇردا ئولتۇرۇۋېلىپ قوزىچاققا قولىدا ئوت بېرىۋاتاتتى. بىردەمدە ئۇخلاپ قاپتىمەن. چۈشۈمدە كىچىكىمدە كىرىشتىن قورقىدىغان تاشلاندۇق ئۆيگە كىرىپتىمەن. ئۇ يەردە بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپ ئۆمۈچۈك تورغۇدەك. چىشىمنى سانىۋالمىسۇن دەپ ئاغزىمنى مەھكەم يۇمۇۋالدىم. ئويلىمىغان يەردىن قاشلىرىم، كىرپىكلىرىم تۆكۈلۈۋاتقۇدەك، ۋارقىراي دەپ ئېغىزىمنى ئاچسام چىشلىرىممۇ تۆكۈلۈپ كەتكۇدەك. ئۆزۈمنىڭ تورقىنى قىياس قىلىشقا شۇنچە ئۇرۇنسام ئەسلىيەلمىگۇدەكمەن. ئۆمۈچۈككە ئوخشاپ قالغاندىمەنمۇ دەپ ئۆزۈمگە قارىسام، كۆزلىرىم تورلىشىپ ھېچنەرسە كۆرەلمىگۇدەكمەن. ئۆمۈچۈكلەرنى دەسسەپ يانچىۋېتەي دېسەم، غايىبتىن بىر ئاۋاز «ئۆلتۈرمە، دۆدە دېگەن دۆلەت» دېگۈدەك. ئاۋازىم چىقمايدۇ. سەھەردە بىرىنىڭ پىچىرلاپ بىر نەرسە

ئوقۇۋاتقىنى ئاڭلانغاندەك قىلدى. كۆزۈمنى ئاچماي خېلى ياتتىم. چۈشۈمنىڭ ئۈنتۈلۈپ قالغان يەرلىرىنى ئويلاشقا تىرىشتىم. كېيىن كۆزۈمنى ئاچسام چوڭ ئانام بېشىمدا چىشسىز ئاغزىنى يوغان ئېچىپ مېنى يوداپ ئولتۇرۇپتۇ. قولىدا بىر تۇتام چاۋا تۇراتتى. قارىغاندا جۆيلىگەن ئوخشايمەن.

## 5

بۈگۈننىڭ يەكشەنبە ئىكەنلىكى ئېنىق ئېسىمدە. بۇنداق كۈنلەردە كۆپ ئۇخلاپ كېتەتتىم. بۈگۈن دىلنىڭ ئۆيىگە بېرىشىم كېرەك ئىدى، بولمىسا ئۇ سىرتقا چىقماي ئولتۇرۇپ قالاتتى. چۈشكە يېقىن دىلنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم. ياشار چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ كەتكەندەك بىلىندى. قولۇمنى چوڭلاردەك سىقىپ كۆرۈشتى. دىلنىڭ كۆزلىرى كۆپ ئۇخلىغاچقىمۇ خۇمارلىشىپ قالغاندەك تۇراتتى. تۇرقى تېخىمۇ ئېسىلزادە، لاتاپەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭدىن زوق ئالالايتتىم. قانداقلا بولمىسۇن ئۇلارنىڭ مېنى مۇنداق قارشى ئېلىشىدىن بىرئاز قىسىلىۋاتاتتىم. ئۇلار تاماق ئەتكەنىكەن، «ياخشى مېھمان تاماققا» دەپ دىل ئالدىمغا ئۈگرە ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئۈگرىنى بەلەن ئېتىپ بېرەتتى.

بىز سىرتقا چىقتۇق. ئىسسىق بىرئاز يانغاندى. كوچىلار ئادەملەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. ياشار توختىماي گەپ سورايتتى. ئۆزى تۇرغان شەھەر بىلەن بۇ يەرنى سېلىشتۇراتتى. مەن ئۇلارغا چوڭ ئانامنىڭ پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپ يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك قوپۇپ ئىشنى قىلىۋېرىدىغانلىقىنى دەپ بەردىم. ياشار يەنىچۇ، دەپ كۆزۈمگە كىرىۋالدى. ئامالسىز يالغاندىنمۇ قوشۇپ دەپ بەردىم. ئۇ تولا كۈلۈپ ئەتراپقا قاراشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. بۈگۈن ئۆزۈممۇ ئېچىلىپ قالغاندەك تۇراتتىم. دىل ئاز گەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ تۇرقى غەمكىن ئىدى. ئۇ: «باقى، تۈنۈگۈن دېگەن گەپنى ئويلاپ باقارسەن، مەن ساڭا راست دېدىم» دېدى. مەن ئويلاپ قالدىم. شۇنداق ئۇ كېتەتتى. ئەسلىدىمۇ مېنىڭ بۇ يەردە تارتىشقۇدەك بىرنەرسەم يوق ئىدى. ئۇ يەردە ياكى بۇ يەردە تۇرساممۇ بەرىبىر ئوخشاش ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ مېنى ھېچنەرسىگە زورلىمايتتى. مېنىڭ ھازىر ئويلاۋاتقىنىم يەنە قانچىلىك مۇشۇنداق ياشاش ئىدى. مەقسەتتىن گەپ ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەزىدە ئويلىسام ئۆزۈمنىڭ بىرەرمۇ ساق ئەزايىم يوقتەك، بىر كۈنى مەن تۈيۈقسىزلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بۇمۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس، مومايچىلىك ياشىسام قانچىلىك قىينىلىپ كېتىشىمنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭغا ھېچقانداق سەۋەب كۆرسىتەلمەيتتىم. ياشار ئەركىلەپ خىيالىمنى بۇزۇۋەتتى. ئۇ ئاچىسىنى ئۇنتۇپلا قالدى. مەن ئۇنى يېشىغا قارىغاندا بالدۇر يېتىلگەندەك ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ مۇرىلىرى تولغان، ۋايىغا يەتكەن قىزلاردەك تولۇق ئىدى. بىز سوغۇق ئېچىملىكلەر دۇكىنىغا كىردۇق. ئۆزۈممۇ ئىككى بوتۇلكا پىۋا بۇيرۇپ ئۇلارغا مارۇژنا بۇيرۇدۇم. بىر ئىستاكان قۇيۇپ قويمايلا ئىچىۋەتتىم. بىز يەنە باشقا پاراڭلارنى قىلدۇق. ئارىلىقتا ياشار ماڭا قاراپ: «ئاكا، قىزىرىپ كەتتىڭىز، مەن ئىچىۋېتەي» دەپ بىر ئىستاكان قۇيۇپ ئىچىۋەتتى. بىردەمدە قىزىرىپ كەتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ بەك ئۇماقلىشىپ كەتكەندى. مەن قايتا بەرمىدىم. ئۇ نارازى بولۇپ دومسىيىپ ئولتۇراتتى.

ئۇ يەردىن چىقىپ ئۆيگە قايتتۇق. ياشار ھارغىنىغا قارىماي «تانسا ئوينايمىز» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ بىلەن بىر پەدە ئوينىدىم. دىل خېلى ھارغان بولسا كېرەك. كرىسلودا ئېزىلىپ ئولتۇراتتى. يەنە بىر مۇزىكا چىققاندا مەن تارتتىم. ئۇ كۈلۈپ كۆزلىرىدە بىر مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ قوپتى. بىردەمدىن كېيىن دىل تاماققا تۇتۇش قىلغىلى ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ياشار «يەنە بىر مۇزىكىغا ئويناۋېتەيلى» دەپ تۇرۇۋالدى. دىلنىڭ نېمدەپ قېلىشىنى ئويلىسام بىرئاز بىئارام بولاتتىم. ياشارنىڭ قىزغىنلىقى مېنى جەلپ قىلىۋالدى. كۆزلىرىدە غۇبارسىز قىزغىن كۈلكە جىلۋە قىلاتتى. مەن ئەكسىچە بىئارام بولۇۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئامراقلىقىغا خۇشال بولسامۇ گاڭگىراپ قالدىم. كېيىن «تاماكا ئىسىدىن ھالقا چىقىرىپ بېرىڭ» دەپ خاپا قىلدى. ئۇنىڭ قىلىقلىرى بەك ئوماق ئىدى. پىۋا ئېزىشكە باشلىدى. مەن كرىسلوغا يۆلىنىپ كۆزۈمنى يېرىم يۇمۇۋالدىم. ئۇ بېشىنى مۈرەمگە قويۇۋالدى. چاچلىرى يۈزۈمنى غىدىقلىسىمۇ ئۇنىڭ ھالىتىگە تەسىر يەتمىسۇن دەپ چىداپ جىم ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ چاچلىرىدىن بىر خىل پۇراق كېلەتتى. مەن بۇ پۇراقنى دىلنىڭ چېچىنىڭ پۇرىقى بىلەن سېلىشتۇردۇم. دىلنىڭ چېچىدىن ئەتىر ۋە چاچ سوپۇنىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. مۇنداق پۇراق ئادەمگە ھەۋەس بېغىشلايتتى. ياشارنىڭ چېچىدىن تەبىئىي بەدەن پۇرىقى كېلەتتى. بۇ خىل پۇراق كىشىنى تېخىمۇ ۋەسۋەسىگە سالاتتى. ئىككى قىزنىڭ ئۆيىدە ھېيىقماستىن مۇنداق يېتىشىم ئۆزۈمگىمۇ ئېشىپ كەتكەندەك بىلىندى. لېكىن مېنىڭ بۇ ھالەتنى بۇزغۇم يوق ئىدى. خىيالىمدا ئۆزۈم كىچىكلەپ شۇ قويۇق چاچلار ئارىسىدا ھۇزۇرلىنىپ ئېغنايتتىم. قۇياش نۇرىدا چاچلار قىزىل، قوڭۇر، قارا ھەم سېرىق رەڭدە جۇلالىنىپ تاۋلىناتتى. كېيىن ئۆگدەپ قاپتىمەن. ئاشخانىدىكى ياشار بىلەن دىلنىڭ پاراڭلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى، لېكىن نېمە دېيىشىۋاتقانلىقى ئېسىمدە قالمايتتى. كۆزۈمنىمۇ ئاچالمايتتىم. ئۇيقۇلۇق خىيالىمدا مۇنداق بىر كۆرۈنۈشنىڭ قاچاندا رويى بەرگەنلىكىنى

ئەسلەۋاتاتتىم. بۇ يەردە بىر ئىش تەكرارلىنىۋاتاتتى. قورۇمىنىڭ پۈرىقى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. قازاننىڭ بىر خىل قاينىغان ئاۋازى، قاچا- قۇچىلارنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭلىرى، ئىشقىلىپ مېڭەم سەگەك ئىدى. بىر چاغدا بىر قەدەم تاۋۇشى يېقىنلاپ كەلدى. مەن پەرق قىلىشقا تىرىشتىم. ساپما ئاياغ ئاۋازىنى پەرق قىلىش سەل تەسكە چۈشتى. لېكىن قەدەمنىڭ ئېغىرلىقىغا قاراپ دىل دەپ ئويلىدىم، پۇراقچۇ؟ قورۇمىلار پۈرىقى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەندى. ئۇ مېنى قۇچاقلىدى. مەن ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئاغدۇرۇلۇپ كەتتىم.

كېيىن ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئويغانسام كىرىسلودا يېنىچە يېتىپتىمەن. بېشىمدا ياستۇق. ئۇلار بىر- بىرىگە قاراپ ئۈن- تىنسىز ئولتۇراتتى، «غەپلەت بېسىپ ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن...» دەپ قويدۇم. ئۇلار تەڭلا «ھېچقىسى يوق» دېيىشتى. بىر تال تاماكا چېكىۋالغاندىن كېيىن ئۇيقۇم بىر ئاز ئېچىلدى. تاماق كەلتۈرۈلدى. لېكىن ئارىدىن ھېچكىم چىش يېرىپ گەپ قىلمىدى. مېنىڭمۇ ئاغزىمغا زادى گەپ كەلمىدى. بىر چاغدا ياشار «مارۇژنا ئېلىپ كىرىمەن» دەپ چىقىپ كەتتى. دىل ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ قويدى. ئۇ ماڭا خۇددى «سىز بىر شەخسىيەتچى ئادەم» دېگەندەك بىلىنىپ كەتتى. مەن گەپ تاپالماي، «تېزلا كۆنۈپ قالىسەن» دېدىم. ئۇ دەرھال «ئەلۋەتتە» دېدى. چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا ئارقىسىدىن بېرىپ چىڭ قۇچاقلاپ قويدۇم. ئۇ يۈزىنى يۈزۈمگە سۈرۈپ كەتتى...

**6**

ئۇلار كەتكىلى خېلى بولدى. مەن شۇ كۈندىن تارتىپ تاكى ئۇلار كەتكۈچە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارمىدىم. نېمىشقىلىقىنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇلارنى بەك سېغىنارمەنمۇ دەپ ئويلىغاندىم. بىراق بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ئاخىرى قانداق مۇناسىۋەت بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلەلمىدىم. بەزىدە بىر نەرسەم كەمدەك تىت- تىت بولۇپ قالاتتىم. ئويلىسام يەنە ئۇمۇ مۇھىم ئەمەستەك بىلىنەتتى. ھەممىدىن يامىنى ئۇيقۇمنىڭ ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ئىدى. ئاندىن بېشىم بىر خىل ئاغرىيتتى. قاتتىقمۇ، بوشراقمۇ ئەمەس. ياتاق ئىسسىق ھەم دىمىق ئىدى، تالا تېخىمۇ. ئۇيقۇسىز كېچىلەردە بېشىمنىڭ ئاغرىقى بولمىسا زېرىكىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. ئاغرىقىمنىڭ مېڭە نېرۋىلىرىدىكى ھەرىكەتلىرىنى تىڭشاپ يېتىپ تالاي ۋاقىتنى ئۇقمايلا ئۆتكۈزۈۋېتەتتىم.

كۈنلىرىم بىر خىل كېتىۋاتاتتى. ئىشخانىدا مۇدىرنى بىرەر قېتىم ئەخمەق قىلىۋالسام كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالاتتى. بىر كۈنى ئۇنى «سىز دارۋاز» دەپ سالپتىمەن. ئۇ بېشىنى شاققىدە كۆتۈرۈپ گېپىمنى نەچچە تەكرارلىدى. مەن خاپا بولارمىكىن دېسەم، ئەكسىچە دارۋاز توغرۇلۇق سۆزلەپ كەتتى. كېيىن ئاتا- بوۋىسىنى ھازىرقى بىر داڭدار دارۋازلار ئائىلىسىگە ئاپىرىپ چاتتى. مەن ئەمدى تېگىگە يەتتىم دەپ ئويلىدىم. ئۆزىمۇ دائىم يۈرەك زەئىپلىك كېسىلىنىڭ دورىسىنى ئىچىپ يۈرەتتى.

قورققان بالا ئاخىر كەلدى. ئۇنىڭ يېشىنى پېنسىيە يېشىغا توغرا كەپتۇ دەپ يۇقىرىغا دوكلات يوللىشىپتۇ. ئۇ بىر بالىسىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىپ ئاندىن خىزمەتتىن چېكىنمەكچى ئىدى. ئۇنى ئورنىدىن ئايرىپ خەت- چەك تارقىتىدىغان خىزمەتكە قويدى. ئۇ كۈنى ئۇ قوشۇملىرىنى پۈرۈشتۇرۇپ بىر توپ ئورگىنالنى ئالدىمغا تاشلىدى. كۆرۈپ باقمىسام قاتتىق خاپا بولغىدەك ئەلپازى بار ئىدى، ئامالسىز قارىدىم. بىر پارچە ئەرز ئىكەن.

ئۇنىڭدا تۇغۇلغان يىلىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغا كەلگۈچىلىك بولغان خىزمەت تارىخى بولۇپ، ئۆتكەن ھەرىكەتلەر، ئۆزىنىڭ تۇتقان يولى، تارتقان خورلۇقلىرى تەپسىلىي يېزىلغانىدى. «ئۇنىڭ ھېچقانداق قابىلىيىتى بولمىغان بىلەن ئەرز يېزىشقا خېلى ئېپى بار ئىكەن» دەپ ئويلاپ قالدىم. ئازراق يەل بېرىپ قويسام، مەغرۇرلىنىپ «چوقۇم ھەل قىلىمەن، ئاداققىچە ئېلىشقىنىم ئېلىشقان» دەپ ۋارقىراپ چىقىپ كەتتى. ئورگىنال قىرىق ۋاراقتەك بار ئىدى. مەن ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قاتتىق بوشاپ كەتتىم. كاللامغا نۇرغۇن خىياللار كېلىۋالدى. ئۇنىڭغا قاراپ ئەمدى بەزى ئويلىغانلىرىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئىشتىن چۈشكىچە ئورنۇمدا ھېچ ئىش بىلەن شۇغۇللانماي جىم ئولتۇردۇم. چۈشتە تۈزۈك تاماق يېمىگەچكە قورسىقىم ئاچقاندەك قىلغانىدى. بىردەمدىن كېيىن جىمىپ كەتتى.

يېرىم كېچىدە قورسىقىم قاتتىق ئاغرىپ ئويغىنىپ كەتتىم. قورسىقىم ھەم ئېچىپ، ھەم تولغاپ ئاغرىۋاتاتتى. بېشىممۇ قۇم قۇيۇپ قويغاندەك ئېغىر ئىدى. قارىسام يەرگە قۇسۇپ سالپتىمەن. ئاستا قوپۇپ سوغۇق سۇدىن بىر چىنە ئېلىپ ئىچتىم. سۇ ئۈچەيلىرىمدە سوغۇق يىلان ماڭغاندەك سېزىم پەيدا قىلدى. يېرىم ئۇيقۇلۇق ئورنۇمدا ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۆزۈمنىڭ ئۇخلىيالمىدىم. ياتاق ئىسسىق ھەم دىمىق. تالا تېخىمۇ شۇنداق. كۈندۈزدىكى ئىشلارنى ئويلاشقا باشلىدىم. مۇدىر

«دارۋاز» چىچىلىپ چىقىپ كەتتى. ماڭا ھازىر ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىغاندەكلا تۇراتتى. بىر ئويلاپ راستلا ئۇنىڭغا تەزىيە يىغىنى ئاچقاندەك ھېس قىلدىم. لېكىن كاللام گاراڭ. ھېچقايسىسىنى جەزملەشتۈرەلمىدىم. ئىشتىن چۈشۈپ ياتاققا كېتىۋاتسام بىر بوتكىدىن چىققان مۇزىكا قۇلىقىمغا يېقىپ قالدى. كىرسەم باشقا ئادەم يوق ئىكەن. قورساقنىڭ ئاچلىقىغا قارىماي بىر رومكا ئىچىپ باقتىم. ئاجايىپ راھەتلەندۈرۈۋەتتى. ھە راست، بىر ساراڭ كىردى. ئۆزى قېرى، قېرىغاندا ساراڭ بولغان ئادەمنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. ئۇنىڭ كىيىنىشىگە قارىغان ئادەمنىڭ كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولۇپ كېتىدۇ. يوغان ساقال بىلەن كىچىك بالىنىڭ ھەربىيچە فورمىسىنى كىيىۋالغان، ئەينىكى يوق يوغان كۆزەينەك تاقىۋالغان. مەن ئۇنىڭغا: «تاغا، بىر رومكا ئىچىپ قويامسەن» دېسەم، «لائىلاھە...» دەپ ياقىسىنى تۇتۇپ ئىمان ئېيتقىلى تۇردى. ئارقىدىن ئالدىمدىكى رومكىنى بۇلاپ دېگۈدەك ئېلىپ گۈپپىدە كۆتۈرۈۋەتتى. ئاندىن پىرە ئويناپ سەكرەشكە باشلىدى. كۆڭلۈم بىردىنلا ئېچىلىپ قالدى. ھە راست، ئۇ بىرنەرسە دېگەندەك قىلغان، نېمىدېگەن بولغىيتتى. كاللام ئاغرىپ كەتتى. شۇ چاغ بەك خۇشال بولۇپ كەتكەنىدىم. ئۆمرۈمدە مۇنداق خۇشال بولۇپ باقمىغان بولغىيتتىم. ئۇ ئۈچ رومكا ئىچتى. تولا ئۇسسۇل ئويناپ ھېرىپ ئولتۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭدىن نېمە سورىدىم؟ راست، ئۇ گەپ قىلىپ بېرەۋاتاتتى. ھە راست، ئۇنىڭدىن نېمىشقا ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ يىراق بىر يېزىلىق ئىكەن. ئۇ ئۆتكەن يىلى كېۋەز تېرىپتۇ. بوران چىقىپ سۇلياۋ يوپۇقنى ئېچىۋېتىپتۇ. مىڭ بالادا يەنە قايتا تېرىسا ئەمدى غوزىلىغاندا مۆلدۈر يېغىپ غوزىسىنى تۆكۈۋېتىپتۇ. ئامالسىز ۋەزىپە ئورۇنلىيالماپتۇ. ئەترەت قويلىرىنى پاختا تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىگە تۇتۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ «ئەرز قىلىمەن» دەپ شەھەرگىچە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شەھەر كۆڭلىگە يېقىپ كېتىپ ساراڭ بولۇۋاپتۇ. ئۇنىڭغا قارىسام گېپى راستتەك تۇراتتى. كېيىن ئۇ مەست بولۇپ قالدى، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يىقىلغان پېتى ئۇيقۇغا كەتتى. راست، ئۇ يەنە بىرنېمە دېگەندەك قىلغانىدى. نېمىدېگەن بولغىيتتى. قورساقلىرىم ئېچىپ كەتتى. كانايلىرىم قۇرۇپ كەتتى. پۇتۇن بەدىنىم قارا يەرگە چۆمۈپ كېتىپتۇ. يەيدىغان ھېچنەرسە يوق. مىڭ تەستە قوپۇپ يەنە بىر چىنە سۇ ئىچتىم. بايا ئىچكەن سۇ پۇتۇنلەي تەر بولۇپ چىقىپ كەتكەندەك تۇراتتى. مىڭ تەستە يەنە ئورنۇمغا كېلىپ ياتتىم. بىردەم ئۇخلىغاندەك بولۇپ يەنە ئويغىنىپ كەتتىم. ئەتراپقا قۇلاق سالدىم. توك سائىتىنىڭ سەت غۇڭۇلدىشىدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى. سىرت راستتىنلا جىمجىت، ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشقانىدى. تەرلەپ كەتتىم. ياق، بەدىنىمدىن سۇ قۇيۇلۇۋاتىدۇ. يۈرىكىم ئېغىر سوقۇۋاتاتتى. ئەمدى ئورنۇمدىن تۇرالىغۇدەك ماغدۇر قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. يۈرىكىمنىڭ ئېغىر سوقۇشى، مېڭەمنىڭ غوڭۇلدىشى، ئاشقازىنىمنىڭ ئاچچىق ئېچىشىشى. مەن بۇلارنى ئۇنتۇشۇم كېرەك. مېنى ئۆگدىتىپ داۋالاۋاتقاندەك خىيالىي تۇيغۇدا بولۇپ قالدىم. مەن بىر مەيداندا تۇراتتىم. ئەتراپىمدا كەپتەرلەر قىمىرلاپ يۈرەتتى. ماڭسام ئۇچۇپ كېتەتتى. ئارقامغا قارىسام يول يوق. ئالدىمدىمۇ يوق. ھەممە يەرنى كەپتەر قاپلاپ كېتىپتۇ. ئاسمانغا قارىسام، ناھايىتى ئېگىزدە بىر ئادەم خادىمۇ تۇتماي دارۋازلىق قىلىۋېتىپتۇ. قاراپ ھەۋەس قىلدىمغۇ دەيمەن، ئۇنىڭ مېڭىشى ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى. شۇڭا شەرەپ تۇيغۇسىدا مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. مەن خىيالدىن قۇتۇلاي دېدىم. كەڭ ئاسمانغا قارىدىم. ئاسماندا بۇلۇتلار يوق ئىدى. كۆڭلۈمدە ئاسماندا ھېچنەرسە يوق. ھېچنەرسە ئويلىمايمەن دەپ ئويلىدىم. ئاسمان سۈزۈك ھەم كۆك. چەت- چەتلىرىگە قارىسام ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى. نېمىدېگەن راھەت. ياق، بىرنەرسە تۇرىدۇ. مەن ھېچنەرسە يوق دەپ شۇ يەرگە قارىغانىدىمغۇ؟ ھاۋادا بىرنەرسە لەيلەپ يۈرەتتى. مېنىڭچە، ئىشخانا مۇدىرى ئەمەس ھەم ئۇنداق بولۇشنى خالىمايمەن. ئاپئاق يۇمران بۇلۇتمىدۇ؟ ئۇ بىردە يوغىنايتتى، بىردە كىچىكلەيتتى. ئەجەب ئېچىم سىقىلدى. نېمىشقا كۆرۈنمەيدىغاندۇ؟ ھە، بەك تونۇش چىراي، قېپىالىڭاچ. تولغان جەزبىلىك، ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدۇ. ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرىدۇ. ھەي باقەم، سېنى... بىرنەرسە تاراققىدە قىلدى. مەن مۇدىرنىڭ كۆزەينىكى دەپ ئويلىدىم. ئۇ ئارقىدىن تاقىر بېشىنى ئۆزاق سىلىدى. مەن ئاسماننى يۇتتۇرۇپ قويدۇم. كېچە نېمىشقا تاڭ ئاتمايدىغاندۇ؟ مەن يەنىلا ئەمەلىي نەرسە ئويلاي. راست، ھېلىقى ساراڭ «نېمىشقا بالدۇرراق ساراڭ بولۇۋالمىغاندىمەن» دېگەنىدى. مەن ئۇنىڭدىن «ھەي تاغا، سەن ساراڭ ئەمەس، نېمىشقا ساراڭ بولۇۋالدىڭ؟» دەپ سورىدىمغۇ دەيمەن. ئۇ نېمە دېگەنىدى. راست، «شەھەرگە كېلىپ باقماپتىمەن. بىر كېلىپ كۆڭلۈم ئۆسۈپ كېتىپ ساراڭ بولۇۋالدىم» دېگەن. ئۆزىنى زاڭلىق قىلىپ قاقاقلاپ كۈلگەن. كۈلگەندە كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتكەن. ياق، يىغلىدىغۇ دەيمەن. سۇ ئىچىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن قوپقۇدەك ماغدۇرۇم يوق. بىرنەرسە ئويلىشىم كېرەك. راست، نېمە ئىش بۇ؟! مومامنىڭ جايىنامىزىدا ياشار ۋىلىقلاپ كۈلۈپ تۇرۇۋالغۇدەك... ھەي، كاللام نېمە بولدى. باشقا بىرنەرسە ئويلاي. ئۇ مېنى سۆيەتتى. مەن ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدىم. دىل كىرىپ قالارمۇ؟ «ئاكا، ماڭا خەت يازغىن، مېنى كۆرگىلى بارغىن». مەن ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالدىم. دىل چىرايلىق ئاغزىنى ئېچىپ تۇراتتى. بىر قوزىچاق تۆگۈلۈپ شۇنداق ئۇماق ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ نېمىدېگەن ساددا، ئۇماق. نېمىدېگەن تولا تەردۇ. ھەي، خۇدا، مېنىڭ نامىزىمنى چۈشۈرەرمۇ؟ چۆچۈپ كەتتىم. بىرى داردىن يىقىلىپ چۈشتى. ھەي باقەم... مەن تام تەرەپكە سۇرۇلدۇم. لېكىن ھېچ مىدىرلىغاندەك قىلمىدىم. خۇددى

يوغان ئۆمۈچۈك قاپسىۋالغاندەك. مۈستەھكەم تۈكلۈك پۈت قىسىۋالغاندەك. مەن سىقىلىپ كەتتىم. بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتتىم. ئەمدى بىر نەرسە ئويلىمىسام، ئۇخلىسام بولاتتى. چوڭ ئانام چىشسىز يوغان ئاغزىنى ئېچىپ يوداۋاتاتتى. شېرىن بىر ئۇيقۇ كېلىش ئالدىدا تۇرغاندەك تۇراتتى. ئۇگدىتىپ داۋالاۋاتقاندەك. چۈشۈمدە چوقۇم ھۆر- پەرىلەر بىلەن بىرگە بولىمەن. ئەمدى ھېچنەرسىنى ئەسلىيەلمىدىم. كاللامغا ئۇيقۇغا قانداق غەرق بولۇش توغرىسىدىكى پىكىردىن باشقا نەرسە كەلمىدى. ئۇيقۇ قەلب يارىسىنى تۈگىمەس ئەللەيلىرى بىلەن بەزلەيدىغان، قالايمىقان خىياللاردىن ئازاد قىلىدىغان مېھرىبان ئۇيقۇ. ئەمدى پەقەت كاللام مۈئەللەقتە ئۈزۈپ يۈرەتتى. دىمىقچىلىق، دارۋاز، ھەي باقەم، دېگەن ئاۋاز. بەدىنىم پۈتۈنلەي ئۇنتۇلدى. ئەمدى ئازابتىن قۇتۇلغاندەك تۇيغۇغا كەلدىم. قانداق تاتلىق، گۈگۈمدەك، كۆزدەك مېھرىبان. مەن ئۇخلىشىم كېرەك، بۇ شېرىن بىر ئۇيقۇ...

**1993** - يىل ئاپرىل

# ئۆستەڭ بويىدىكى چەۋەنداز

كۈن چىققىلى خېلى بولغان ۋاقىت. ھاۋا ئەتىگەندىلا ئىسسىشقا باشلىغان ئىدى. زەپەر ئۇيقۇغا قانمىغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، دەلدەڭشىگەن پېتى كوچىغا چىقتى. ئارام ئېلىش كۈنى بولغاچ كوچىدا ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. قولىدىكى ۋېلسىپىتنىڭ رولى ئېغىرلىشىپ بىردەم ئۇيانغا، بىردەم بۇيانغا تارتىپ كېتىۋاتاتتى. ۋېلسىپىتنىڭ رولىدا كونىچە خۇرۇم سومكا ئېسىقلىق ئىدى. سومكىنىڭ بىر تەرىپىگە قىزىل سىر بىلەن يېزىلغان «ئەڭ ئالىي يولىيورۇق...» ① دېگەن خەتنىڭ تۇتۇق ئىزىنى كۆرگىلى بولاتتى□.

زەپەر ئانچە ئۇزۇن ماڭماي يول بويىدىلا ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى. بۇ تۇرقىدا ۋېلسىپىتنى ھەيدەپ بۇ يەردىن ساق ئون ئىككى كىلومېتىر يىراق بولغان چوڭ ئۆيىگە بارالىشى تەس ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا دوختۇرخانىدىكى ئايالىنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايى، قېتىپ قالغان كۆز قارىچۇقى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئالدىغا يەنە بىرنەچچە قەدەم ماڭدى. رولى ئوڭ تەرەپكە قايرىلىپ كېتىپ ۋېلسىپىت تۆپىسىگە يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. يۈرەكلىرى قورقۇنچتىن ئېغىپ كەتتى. جايىدا توختاپ ئۆز-ئۆزىگە: «زەپەر، بۇ تۇرقۇڭدا ماڭالمايسەن، يەنە جىق ئەمەس، ئەللىكنى، ياق يۈزنى ئىچسەڭ شەمەردەك يۈرۈپ كېتەلەيسەن» دەپ سۆزلىدى. شۇنىڭ بىلەن جان كىرىپ تام ياقىلاپ، ئىچىدە ئادەم يوق بوتكا ئىزلەپ ماڭدى. سەھەردىلا بوتكىلار ئاۋاتلىشىپ كەتكەن ئىدى. قايسىسىغا كىرىشنى بىلمەي كېتىپ بارسا، بىرى ۋېلسىپىتنىڭ ئارقىسىدىن تارتتى. قارىسا، ئاخشام بىرگە هاراق ئىچكەن دوستى□.

ــــ كەل دوست، كەل، ئاخشام مېنى سەن ئاپىرىپ قويدۇڭمۇ، سېنى مەن ئاپىرىپ قويدۇممۇ؟ نېمە، سەنمۇ ئۆز پېتىڭ قوپۇپسەندە! ياشا، ئۆلمە□!

ۋېلسىپىتنى تامغا يۆلىدى. خۇرۇم سومكىنى قوپاللىق بىلەن رولدىن سۇغۇرۇپ ئالدى□.

ــــ ئاستا، ھەي، ئاۋۇنىڭ ئىچىدىكى چاپايوپ②، دىققەت قىل، ھېلى مەست كاللاڭنى ئېلىۋەتمىسۇن□!

بوتكا ئىچىدىن قىقاس- سۈرەن ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. بەزىلەر قاقاقلاپ كۈلدى. ئىچەرمەن دوستلىرىنىڭ تولىسى بار ئىكەن. «ئاپلا، چاتاق چىقتى دېگەن شۇدە!» دەپ پېشانىسىگە بىرنى سالدى. ئەمدى كېتىشكە ئامال يوق ئىدى. ئۈنىڭغا ئەگىشىپ كىردى.

ــــ كېلە، كېلە، خۇدايىم بەرگەن ئوغۇل بالىدە، ئەتىگەندە جۆيلۈپ مېڭىۋاتىسناۋا... ھا... ھا...

غېجەك لەقىمى بار كامىل ھەممىدىن بەك خۇشامەت قىلىپ ئۈنىڭ قولىغا ئېسىلدى. ھەممىسى ۋارقىرايتتى:

ــــ يەنە غېجەك، ھە بولە.

ــــ تومۇرنىڭ ئوچۇقىدا يۈزنى قۈيە!

ــــ ئاھا، ئوغۇل بالىدە، ئەركەك، كۆرمىگەن يېرى يوق، شەھەر كۆرگەن ئەركەك...

ماختاش سادالىرى ئىچىدە يۈزنى »ئاتتى«. بىردەمدە يەرلىك كۈچلۈك ھاراق ئۈچەيلىرىنى قىزىتتى، كاللىسى ئېچىلىپ روھى كۆتۈرۈلدى. كاللىسىدىن ھەممە نەرسە ئۆچۈرۈلۈپ كەتكەندەك سورۇن بىلەن بولدى. ئايالىمۇ ئۈنتۈلدى.

ــــ ئاخشام ئالدىدا قايسىڭ قاچقان بولساڭ بۈگۈن مېھمان قىلىشنى شۇ كۆتۈرە ئالدۇ.

ــــ يەنە غېجەك قاچتى.

ــــ ياق، مامۇت توڭگۈز قاچتى.

ــــ ھەي مەن ئەمەس، ئويلاپ بېقىڭلار، ئاخشام ھېكايە ئېيتىشقان، راست ئالدا يۇمۇر ئېيتىشتۇق.

ــــ راست. يۇمۇر، ئاجايىپ قىزىق يۇمۇردىن بىرنى ئاڭلىغان. تولا كۈلۈپ مەستلىكتىن يېشىلىپ كەتكىلى تاسلا قالغان.

ــــ نېمە يۇمۇر ئىدى. كىم ئېيتقان، دەپ باقامسىلەر؟

ھەممىسى بىر- بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى.

ــــ بولدى، گېپىمنى بۆلمە، ھېكايە ئېيتىشقان. ئاندىن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى قىزىق ئىشلارنى سۆزلىدۇق. ھە، راست ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. بىزنىڭ ئارىمىزدا كىم بو خاڭپەي③ ئىدى؟ قاچقىنى شۇ! قالغانلىرىمىز پوخاڭپەي④ چىقىپ قالغان!

ھەممەيلەن بارىكاللا ئېيتىشىپ چاۋاك چېلىشتى.

ــــ ياق، خاتالاشتىڭلار، مەنغۇ شۇ بو خاڭپەي، يەنە ئىنقىلاب بولسا يەنە شۇنداق بولىمەن. ئەمما بىراق، ئەقىللىق يولداشلار، خەلقنىڭ ھاراق بوتكىلىرى بولمىسا خەلقنىڭ ھېچنەرسىسى بولمايدۇ⑤.

ــــ نۆل، نۆل يەتتە، مەن رامبو ئاڭلىدىڭمۇ، بۇ يەردە يالغان گەپ بەك ئاۋۇپ كەتتى. سارايېۋغا دۈشمەن تانكىلىرى كىردى. كۆۋرۈكنىڭ ئەگمىسى نېمىگە ئوخشايدۇ؟

ــــ قوڭغا، مانىڭغا، ئانىڭغا...

ــــ ھە، دەل توغرا، خۇلاسە كالام، ئاخشام كىم »خوتۇنۇم دوختۇرخانىدا تۇغۇتلۇق ئىدى« دېدى، دەل شۇ!

ــــ ياق، ياق! ئاخشام پۇلنى كىم تۆلىدى؟ مانا مەن شۇ ئاكاڭ قارىغاي، ھە، قايسىڭ تۆلىدىڭ؟!

ــــ شۇنداقمۇ دەيلى، ئەمىسە خوتۇنىدىن قورققانلار مېھمان قىلسۇن، قانداق؟

ــــ توغرا، توغرا دەيدۇ. سەن مېھمان قىلىسەن. خوتۇنۇڭ نېمىشقا تۇغۇتلۇق بولىدىكەن. بۇ سورۇننىمۇ دەل ئۆزۈڭ داۋاملاشتۇر، كىم سېنى خوتۇنىنى دوختۇرغا كۆرسەتسۇن دەپتۇ.

يەنە ئالقىش ياڭرىدى. تىزلىرىغا ئۇرۇپ، يەرنى تەكشى ئاۋازدا تەپتى.

ــــ ھېساب، ئوغۇل بالىچىلىق، جىك گەپنى قىلسام مېنىڭ جىددىي ئىشىم بار. ھەر قايسىڭ قانچىلىك ئىچىشسەڭ ماڭا ھېساب! مەن كەتمىسەم بولمايدۇ.

ــــ ئەمىسە يەنە يۈزنى ئىچىپ نەگە بارساڭ بار. قانداق دېدىم؟

ــــ راست دەيدۇ. ياق ئىككى يۈزنى ئىچسۇن، بولمىسا كەتمەي ئولتۇرسۇن.

نېسى گېپىنى ئاڭلاپ، قېرى دۇكاندارنىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتتى. ئەسلىدىكى قورۇقلىرى ھەسسىلەپ ئاشتى. كۆپتىن يۈز گراملىق كۈرۈشكىدا تىترەپ تۇرۇپ نۆۋەت بىلەن قۇيۇشقا باشلىدى.

ــــ خوشە، چاپايوپ، ھۇررا!

ــــ ھۇررا چاپايوپ، ھۇرررا!

بوتكا ئىچى لەرزىگە كەلدى. زەپەر يەنە ئىككى يۈزنى ئىچتى.

ــــ ھايات گىتلېر، مەن ئىشمنى تۈگىتىپ كەلگۈچە خەير- خوش دوستلار.

ئۇ بىر چاس بېرنۇېتىپ تالاغا چىقتى. خېلى دەرمانغا كېلىۋالغان ئىدى. ۋېلسىپتىنىڭ دىيىگىنى تاققىدە تەپتى ھەم پۈتىنىمۇ چەبدەسلىك بىلەن ئارتىلدۇردى. كىچىك بىر ئېرىقتىن سەكرىتىپ ئۆتتى. ئۇتتۇر تاغ تەرەپتىكى يولغا قايرىلغاندا يەنە بىر يېقىن دوستى ئۇچرىدى. ئۇ تام ياقىلاپ بېشى ساڭگىلىغان ھالدا قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. »ئاپلا« دەپ توختىدى. كۆرۈشكەندىن كېيىن دوستى قىزارغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئەپ قاچتى.

ــــ ھەي تورۇزا، نېمە بولدۇڭ؟ خوتۇنۇڭ يەنە خاپا قىلدىما، قىلىقنى بىلگەندىن كېيىن قويۇۋەتسەڭلا بولمىدىمۇ؟

ــــ نېمە جاھان بۇ ھەي! قۇرۇپ كەتسۇن!

ــــ ھەي چاپايوپ! ئاپلا، بىزنىڭ چاپايوپ، مېنىڭ چاپايوپۇم.

ئۇ ۋېلسىپتنى دەرھال كەينىگە بۇردى.

ــــ زەپەر نېمە بولدۇڭ، بىردىن ئۆڭ- سۆلۈڭ يوق بولۇپ كەتتىغۇ؟

ــــ مۇشۇ يەردە بىردەم ساقلا، ئاندىن دەپ بېرىمەن.

ئايروپىلاندا باردىمۇ ياكى ۋېلسىپتتىمۇ بىردەمدە باردى. كىرىشىگىلا ئۇلپەتلىرى قايتىدىن تۇرۇپ كۆرۈشتى. قارىسا سومكا جايىدا، قولىغا ئېلىپلا يۈرىكى سەل ئورنىغا چۈشتى. لېكىن باشقىلار سومكىغا ئېسىلدى.

ــــ سەن كەتكىلى بىر كۈن بولدى. نەگە بارسەن؟

ــــ ياق يېرىم كۈن بولدى. خۇدالىق ئالەم، يالغان سۆزلىمەيلى، رىزقىمىز كەم بولىدۇ.

ــــ ھەي، قانجۇق خۇمسىلار، مەن ماڭغىلى بىر سائەت بولدى. ياق، بولمىدى.

ــــ رۇخسەت يوق. ئۆرۈۋەتكەن تامنى تۆلەڭ، چېچۋەتكەن پوقنى تۆلەڭ...⑥ ــــ ھەي، ئىتنىڭ بالىلىرى! ياق، نېمە دېسەم بولار. بۇ سومكىدىكى كىم، بىلەمسىلەر؟ بۇ دېگەن چاپايوپ!

ــــ نېمە، ھا، ھا، يەنە جۆيلۈشكە باشلىدى. قۇيە يۈزنى!

سورۇن يەنە قىزغىنلىشىپ كەيپىيات ئۆرلىدى. زەپەر ئورۇندۇقتىن بىرنى تارتىپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇردى. سومكىنى تىزىغا قويۇپ چىشى چۈشۈپ كەتكەن سىيرىتمىنى تەستە ئاچتى.

ــــ قاتار بولۇش، بىردىن، بىردىن كۆرۈشسىلەر.

ئۆلار بىر- بىرىدىن كېلىپ ئاق يۆگەك ئىچىدىكى بالىنى كۆردى. بالىنىڭ رەڭگى ئاپتاپتەك نۇر چېچىپ تۇراتتى. ھەممىسى شۆكلەپ جايىدا ئولتۇردى. زەپەر سومكىسىنىڭ ئاغزىنى ئەتتى. »ئامىن« يەنە غىجەك ئاۋازىنى تىترىتىپ توۋلىدى. ھەممەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈردى.

زەپەر سومكىنى كۆتۈرۈپ تالاغا ماڭدى. دۇكان ئىچىدە بىرى گۈلدۈرمامىدەك بوك ئاۋازدا قىرائەتنى باشلىۋەتتى. سومكىنى ۋېلىسىپىت ئالدىغا ئاستى- دە، بىر ئىرغىپ مىنىپ يۈرۈپ كەتتى.

دوقمۇشتىن قايرىلىپ خېلى ئۈزۈن ماڭغاندا دوستى ئۇچرىدى. بۇ كۈن خېلى قىزىغان ۋاقىت ئىدى. ئۇ يول بويىدىكى پاكار سېدىنىنىڭ تېگىدە چاتىرىقىغا بېشىنى تىقىپ ئولتۇراتتى.

ــــ قوپە ئاداش، يۈزنى ئېچىلى.

يېقىنلا يەردە بىر قاۋاق بار ئىدى. ئۈتتۇر شۇ يەرگە كىردى. قاۋاق ئىچى ئازادە ئىكەن.

ــــ مەن ئەتىگەندىن بېرى جىق ئىچىۋەتتىم. سەن نېمە ئىچىسەن؟ ئاق ئىچەمسەن، پىۋىمۇ؟

ــــ بولدىلا، زەھەرنى زەھەر ئالىدۇ، ئاقلا ئىچەي.

ــــ ھە، ئەمدى دېگىنە، نېمە بولدۇڭ؟

ــــ نېمە بولاي، شۇ خوتۇن خەق دېگەننى، خەپ! بۇرۇنقى پەيلىم بولسا تېرىسىنى تەتۈر سويغان بولاتتىم! شۇ بالىنىڭ يۈزى. ئەي خۇدا، كۆزۈڭ كۆرمەمدىغاندۇ! خەپ، خەپ!

ــــ سەن يەنە بىرنى كۆتۈرۈۋېتە، مەن بىلەن تەڭلىششكە خېلى بار. خوشە چاپايوپ!

ــــ خوش، خوشە چاپايوپ!

ــــ ئاجايىپ چاغلار ئىكەن، كۆلىغا چۆنلىيەنگە⑦ كىرگەندە ئاي ھاي، قالتىس چاغلار ئىكەن. سەن تەمبۇر چالساڭ كىشلەر بىر- بىرىنىڭ تۆپىدە ئولتۇرۇۋېلىپ ئاڭلىغان، ئېسىڭدىمۇ، خەققە پۈت تىققۇدەك ئورۇن يوق. بىر ئېسىل ياتاق، ئاھا، نوچى ھاراق.

ــــ ئۇ گەپنى دېسەڭ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ يىغلايمەن. كەينىمىزگە كىرىۋالغان ھەر مىللەتتىن نى- نى قىز بالىلار... ھەي مانا بۈگۈنگە كەلگەندە بىر تېجىمەل قانجۇقنىڭ قولىدا خارلىنىۋاتىمەن.

ــــ ئۇغۇ شۇ، نى ئىشلار ئۆتۈپ كېتىدىكەن. تىيەنئەنمېن مەيدانىدا ماۋجۇشنى كۆرىمىز دەپ ئادەم قايىنمى ئىچىدە چۈشۈرۈپ قويغان كەشمىزنى ئىزلىگىنىمىز يادىڭدىمۇ؟ دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئاياغ بىر كامىنانىڭ خامىنىدەك كېلەتتى.

زەپەر دوستى بىلەن تاغدىن- باغدىن پاراڭ قىلىپ بىر چاغدا سائەتتىگە قاراپ چۆش بولغانلىقىنى بىلدى. »ئاپلا، پۇراپ قالمىغىدى« دېگەن خىيال كاللىسىغا كېلىپ رەڭگى يەنە ئۆڭدى. ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تالاغا ماڭدى.

ــــ قارا، مەن چاپايوپنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ھازىر قىرىۋاينىڭ⑧ قېشىغا ئېلىپ چىقمىسام بولمايدۇ. سەن چاپايوپ، بىردەم ئىچكەچ ئولتۇر، مەن چاپايوپنى يەرلىككە قويۇۋېتىپ يېنىپ كېلىمەن. ھايت گىتلېر!

چاس بەردى. سومكىنى ئېلىپ ۋېلىسىپىتكە ئاستى، تاغ باغرى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. دوستى ئۆزى بىلەن ئۆزى «خەپ، بىر كۈن كېلەر خەپ» دەپ غۇدۇراپ قالدى.

تاغ باغرىغا يېقىنلاشقانسېرى يول تىكلىشەتتى. تومۇزنىڭ تازا كۆچەيگەن پەيتىدە شۇ يېشىدا بۇ سەپەرنى داۋام قىلىش ئۇنىڭغا خېلى ئېغىر كەلدى. چېپىلداپ تەرلىدى. ئىچىدە »چېپىلداپ تەرلەپ تاپقاندىن كېيىن چېپىلداپ تەرلەپ قويسام نېمە بوپتۇ. ھېچ بولمىغاندا ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن تەر چىقىپ كېتىدۇ« دەپ خىيال بىلەن ماڭدى.

تاغنىڭ بىر تەرىپى دەريا بولۇپ، دەريا بويىدىكى يول تاغنى كېسىپ ئۆتەتتى. دەريادا ھازىر سۇ يوق )تاشقىن مەزگىلدىلا سۇ بولاتتى( تاغنىڭ ئارقىسىلا ئۆلارنىڭ يۇرتى. ئۇ يەر تاغنىڭ بۇ تەرىپىدەك ئىسسىق ئەمەس ئىدى. ئۇنى ئويلاپ بالدۇرراق سۆگەت سايىسى، مۇزدەك بۇلاق سۈيىگە ئۆلىششقا ئالدىرىدى. ئالدىدا يەنە بىر داۋان بار ئىدى. مېڭىپ چىقتى. دۆڭگە چىققاندىن كېيىن ئۆزىنى پەسكە قويۇۋەتتى. تازا چۈش ۋاقتى بولغاچقا بۇ يوللاردا ئادەممۇ يوق دېيەرلىك ئىدى.

ئاخىرى مىڭ تەستە سايغىمۇ ئۆلاشتى. پەستە بىر كۆز بۇلاق بار ئىدى. يۇقىرىدىن كەلگەن سۇ بۇلاق سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ شەھەر تەرەپكە دەريانىڭ قېشىدىكى ئېرىق بىلەن ئاقاتتى. سومكىنى سۆگەتنىڭ پۇتىقىغا ئىلىپ قويدى. ئاندىن سىيرتمىسىنى ئېچىپ پۇراپ باقتى. بۇرنىغا بىرنەرسە پۇرىغاندەك قىلدى. يەنە ئىشىنەلمىدى. يەنە پۇرىدى. يۈرىكى يەنە قالايمىقان سېلىپ رەڭگى تاتاردى. يىپنىدىن پىچىقنى ئېلىپ بىر تۇتام پىچان ئورۇپ سومكا ئىچىگە سالدى. بوۋاقنىڭ يۈزىنى نېپىز ياپتى. بالىنىڭ يۈزىگە تۇيۇقسىز سۆيگۈسى كېلىپ كەتتى. »بىر يۈيۈنۈپ چىقىپ ئاندىن سۆيەي« دەپ كىيىملىرىنى سېلىپ بۇلاقنىڭ ئايىغىغا چۈشتى. سۇ ئاران تىزىغا كېلەتتى.

موزدەك سۇغا ئۆزىنى ئاتتى. مېڭە تومۇرلىرى چاراسلاپ كەتتى. ئارقىدىن شۇنداق خۇشياقتى. چىقىپ كىيىملىرىنى كىيىپ ھاردۇق يېتىپ، بىردەم يانپاشلىۋېلىپ ئاندىن ماڭماقچى بولدى. نېمە بولدى، ھاراقنىڭ تەسىرىدىنمۇ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى ھەم چۈشىدە ئۆستەڭ بويىدا بىر چەۋەنداز ئۆزۈن قىلىچى بىلەن ئۇنى نوقۇپ ئويغاتماقچى بولۇۋاتقۇدەك، ئۆزى ئۇنى چاپايوپ ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغۇدەك، لېكىن ئۇ يۆگىمەچ بۇرۇت چەۋەنداز «ھەي چاپايوپ، قوپ!» دېگۇدەك.

زەپەر چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. قارىسا دەرەخنىڭ كۆتىكى كاسىسىغا سانچىلىپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ھەم سائىتىگە قاراپ ئانچە ئۇخلىمىغانلىقىنى بىلدى. سۆگەت پۇتىقىدىن سومكىنى ئېلىپ، پىچاننى قايرىپ بىر سۆيدى. قېنىپ بىر پۇرىۋالدى. «نېمە پۇراق بولسىمۇ مەيلى، قۇسۇقتىنغۇ سېسىق پۇرىماس» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى. ئۇ سۆگەت، توغراقلار ئارىلاش ئۆسكەن ئۆستەڭ بويىدىكى يولدا بىر خىل سۈرئەت بىلەن ماڭدى. ئۆيىگە يېقىنلاشقانسېرى ھاراق يەنە قايتىدىن تۇتۇشقا باشلىدى. يامان يېرى، مەيلى بۇ چۈك ئۆيىگە ياكى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كەلسۇن، ساق يۈرگەن ئادەم ئۆيىگە كېلىپلا مەست بولۇپ قالاتتى. ئۇنداق قىلمىسا بولاتتى، ئاپلا دەپ قالدى. پۇتلىرىدىكى بايىقى دەرمان يوقىلىپ، مەھەللىگە كەلگەندە ئىرغاڭلاپ مېڭىشقا باشلىدى.

ئىشىك ئالدىدا يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. ئىشكنى تېپىپ ئاچتى. سومكىنى ئېلىپ ۋېلىسپىتنى بىر تېپىپلا ئېرىققا كىرگۈزۈۋەتتى. سومكىنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ ھويلىغا كىردى. كۆڭلى بۇزۇلۇپ تووۋلىدى.

ـــ ئاللا، چاپايوپ كەلدى ئانام، ئاللا نەۋرەڭ كەلدى ئانام، ئاپتىپىم ئۆچتىمۇ دادام...

ئۆي ئىچىدىن چۈرقىرىشىپ ئانىسى، ئاندىن دادىسى يەنە باشقا تۇغقانلىرى ھويلىغا چىقتى. ئانىسى سومكائىچىدىن يۆگەكنى ئالدى. بالىنى باغرىغا تېڭىپ بىر قولىدا زەپەرگە ئېسىلىپ ھازا ئاچتى. بىردەمدە قولۇم- قوشنىلار يىغىلدى. تومۇزنىڭ پېشىن ۋاقتى، جىمجىت يېزىنىڭ تىنچلىقىنى يىغا ئاۋازى بۇزدى. لېكىن زەپەرنى ناھايىتى قاتتىق بىر ئۇيقۇ قىستاۋاتاتتى. پۇتلىرى ئاران تۇراتتى. ئانىسى ئۇنىڭ مەستلىكىنى ئاللىبۇرۇن بىلگەن ئىدى. قوشاققا ئۇنىمۇ قېتىشقا باشلىدى.

ـــ ئىچمىسەڭ بولمامدۇ بالام، شۇ نىجىسنى نېمىشقا ئىچىدىغانسەن بالام.

ئانىسى بالىنى دادىسىغا بەردى. دادىسى قوشۇملىرىنى تۈرۈپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

ـــ ھۇ ئېشەك سۈيدۈكى ئىچكەن كاپىر. بالىنى ۋاقتىدا ئەكەلمەي پۇرىتىپ قويغىنىنى! بولۇش، يۇيۇپ تاراپ پېشىندىن كېيىن يەرلىككە قويىمىز.

ھەممە ئۆزىگە لايىق ئىشلارنى قىلىشقا تۇتۇندى. ئانا ئوغلىنىڭ ھالىنى بىلگەچ ناماز چۈشۈرگەندە چېنىپ قالمىسۇن دەپ سوغۇق ساراي ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ كەتتى.

زەپەرنىڭ يېنى يەرگە تەگدى- دە، ئۇخلاپ كەتتى. قولۇم- قوشنا، جامائەت يىغىلىپ ئۇنى ساقلاپ ئويغىتالمىدى.

ـــ ئاۋۇ توڭگۇزدىن سوراپ باق، بالىغا ئىسىم قويغانمۇ؟

ئانا كىرىپ مىلىك تەستە ئۈنىڭغا گەپنى ئۇقتۇردى.

ـــ ئۇ، بالام چاپايوپ، ئىسمى چاپايوپ، ـــ دېدى.

ئانا چىقىپ دېدى.

ـــ تۇزۇكرەك سورا، ئاۋۇ مەست كاللىدىن!

يەنە مىلىك تەستە سورىدى. يەنە شۇ گەپ. چىقىپ بىر بولۇڭدا تۇرۇپ ئېرىگە شۇ گەپنى دېدى.

ـــ سەپراس، بالىنىڭ ئىسمى مۇھەممەت چاپايوپ. قالۇ ئىننالىللاھى ۋە ئىننائىلەيھى راجىئۇن⑨.

ناماز چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن جەمەتنىڭ شام گۈرنىڭ بىرىگە دەپنە قىلىندى.

زەپەر شۇ ئۇخلىغانچە ئەتىسى ئويغاندى. بىر كېچە قارا بېسىپ چىقتى. چۈشىدە ئۆستەڭ بويىدا بىر بوۋاق ئۇزۇن قىلىچ تۇتۇپ، ئۇنى سۈرۈپ يۈرگۈدەك...

ئىزاھاتلار

①مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا سومكىلارغا ماۋجۇشىنىڭ يول يورۇقلىرى يېزىپ قويۇلاتتى. ئەسەردىكى شارائىت مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى ئاخىرلاشقاندىن 15 يىل كېيىنگە توغرا كېلىدۇ .

②سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن شۇ ناملىق فىلىمنىڭ باش پېرسۇناژى، فىلىمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن. بۇ فىلىم 70- يىللاردا جۇڭگودا كۆپ قويۇلغان.

④③مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى ئىككى گۇرۇھنىڭ نامى .

⑤مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىكى شوئارغا دارىتمىلاپ ئېيتىلغان سۆز.

70 ⑥- يىللاردا جۇڭگودا كۆپ قويۇلغان، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى تېمىسىدىكى بىر ئالبانىيە فىلىمىنىڭ مۇزىكىسىغا ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى توقۇۋالغان قوشاق.

⑦مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىكى قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ ئالاقە باغلاش پائالىيىتى.

⑧دادىسىنى دېمەكچى.

⑨قۇرئان ئايىتى، مەزمۇنى «ئاللانىڭ دەرگاھىدىن كەلدۇق، ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز».

# مازار چاشقىنى

سىرتتا شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. قاڭقى مەمەت تامچە ئۆتۈپ تۇرغىلى بولماس بولۇپ كەتكەن ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا شۈمشىيىپ ئۇخلاۋاتاتتى. يامغۇر تامچىلىرىنىڭ داسقا، قاچىغا تېمىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھۆرى موماي بىر بۇلۇڭدا چەكچەيگىنىچە تىترەپ ئولتۇراتتى. يامغۇرنى تىللاپ غۇتۇلدىغان چاغدا يۈزىدىكى قورۇقلار تەك مىدىرلايتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرمايلا ھاسىسىنى ئۇزىتىپ نەۋرىسىنى تۇرتتى. قاڭقى قوپمىدى. موماي ئۇنىڭ بېشىغا بىر سېلىۋىدى، ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى.

- ھەي تاز، قاچانغىچە ئۇخلايسەن، قوغۇنلار يېرىلىپ تۈگەيدىغان بولدى.

موماينىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قاڭقى كىگىز، پالاز، تاغارلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئەلەڭلەپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ پالاخشىپ قوغۇنلۇققا باردى. قوغۇنلارغا يەتكەن يەرگىچە ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى ياپتى.《قوغۇن تازا پىشىدىغان چاغدا يامغۇر ياغقىنىنى》 دەپ غۇتۇلدىدى. قوغۇنلار ئەمدى سارغىيىشقا باشلىغان، ئۆزىمۇ تېخى بىرەرنى يەپ باقمىغانىدى. مۇشۇنداق يېغىۋەرسە قوغۇنلارنىڭ ھەممىسى يېرىلىپ كېتەتتى.

- چۈنەكلەر سۇغا توشۇپ كەتتى، قوغۇنىنىڭ تەمىمۇ قالمايدىغان بولدى،- دېدى ئۇ يېنىدا بىرى باردەك ئاۋازىنى چىقىرىپ. ئەتراپنى يامغۇرنىڭ پىلەكلەرگە شارىلداپ ئۇرۇلغان ئاۋازى قاپلىغان، ھاۋانىڭ قاپىقى بەك تۇرۇكلۇك ئىدى. قاڭقى مەمەت چاپىنىنى، ئىشتىنىنى سىلىپ قوغۇنغا ياپتى. بىر ئۇيان، بىر بۇيان چېپىپ يۈرۈپ ھاردى- دە، يالىڭاچ پېتى ئولتۇرۇپ قالدى. 《قوغۇن يېرىلىپ كەتسە، ساتمىسا قىمارغا پۇلنى نەدىن ئالىدۇ. بۇدا ماموت كورۇكتە ئۇتتۇرغان پۇلنى چۇقۇم قايتۇرۇپ ئالىمەن》 بىر تۇرۇپ ئۇ موماينىڭ پۇلنى تارتىۋىلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. ھېلىمۇ ياخشى موماي بازارغا بارالمايدۇ، ئۇ ئىچىدە خوش بولدى. ئارقىدىنلا چىرايى تاتاردى. شۇ موماي دائىم قارغىغاچ ئۇتتۇرۋاتىمەن، دەپ موماينى ئىچىدە تازا تىللىدى. ئۇ موماينىڭ تېخىچە ئۆلمىگەنلىكىگە ھەيران بولاتتى.

چاقماق چىقىپ ئەتراپنى يورۇتىۋەتتى. يىقىندىكى قوغۇنلار پىچاق ئۇرۇۋەتكەندەك يېرىلىپ كەتكەندى. ئۇ يامغۇرنىڭ ئۇرۇۋاتقانلىقىنمۇ ئۇنتۇپ قالدى. مامۇت كورۇك ئانىسى ئۆلگەندىن كىيىن ئانىسىنىڭ تىقىپ ساقلىغان تىللالىرىنى تېپىۋىلىپ باي بولۇپ كەتتى. قاڭقى مومىسىنىڭ تىقىپ قويغان نەرسىسى بارلىقىدىن گۇمانلىناتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سىزغان سىزىقىدىن چىقماي كۈرۈپ باقاي، دەپ ئويلاپ باقاتتى. لىكىن ئارقىسىدىنلا يەنە بۇ ئالجىغان مومىينىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم ساراڭ بولۇپ قالىدۇ، دىگەن يەرگە كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇرۇن ئۇ مومايىنى كۆپ خاپا قىلغان. ئەمدى ياخشىچاق بۇلۇۋالسا چىنىپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە... ئۇ تەڭقىسلىقتا قالغاندەك ئەتراپقا ئىتتىك قارىۋالدى، چىشلىرى كاسلداپ كەتتى. ئۇنىڭغا سوغوق ئۆتكەندى. تۇيۇقسىزلا ئىتقا كۆزى چۈشتى. كاتىكى سۇغا تۇشۇپ كەتكەن ئىت سىرتتا تىترەپ تۇراتتى. تۈكلىرى قۇتۇر دۇمبىسىگە چاپلىشىپ كەتكەن بولۇپ، قۇيرۇقىنى چاترىقىغا قىستۇرۇۋالغاندى. قاڭقىغا ئىت توڭلاپ ئۆلۈپ قالىدىغاندەك تۇيۇلدى. ئىت ئۆلۈپ قالسا، قوغۇنلۇققا ئۇنىڭ ئۆزىنى باغلاپ قويسا... قاڭقى ئۆزىنى يالىڭاچ ھالدا زەنجىرگە باغلاقلىق قىياپەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋىدى، تىخىمۇ توڭلاپ، تىترەپ كەتتى. ئۇ چاغدا ئىت چۈشىنلىرى ئۆلىشۋالسا قانداق قىلار؟ ئىتنىڭغۇ قۇيۇقى بار. قاڭقى قانداقمۇ قورۇيالىسۇن؟ ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. چاپاننى ئېلىپ، يېرىلساڭ يېرىل، دەپ پىلەكلەرنى پىتىقلاپ ئىتنىڭ قىشىغا باردى. ئۇ ئىتنىڭ مۇنچىۋالا قېرىپ كەتكىنىگە ھەيران بولدى. ئىتنىڭ ئۇستىگە چاپاننى ياپتى. بىچارە ھايۋان ئانچە خوشال بولغاندەك قىلمايتتى، ئۇ چاپاننىڭ توگمىسىنى ئىتنىڭ قۇرسىقىدىن ئېتىپ قويدى. ئاندىن يۇگۇرۇپ بېرىپ يىپىپ قويغان ئەسكى كىگىزنىڭ بىر بۇرجىكىدىن تۇتۇپ پىلەكنى مالتىلاپ ئىچىگە كىرۋىدى، ئۇ تەرىپىدىن بېشى چىقىپ قالدى. ئۇ مەيلى بېشىم يېرىلمايدۇ، دەپ بېشىغا پىلەكنى تارتىپ ئۇخلاپ قالدى.

ھۆرى موماي يامغۇر سەل پەسەيگەندە ئۇسساپ كەتتى. شۇ چاغقىچە بىرمۇ خەمەك- سويما تۇتقۇزمىغان قاڭقى تازنى مىڭنى تىللىدى. كونا تور رومىلىنى ئارتىپ پاتقاق كېچىپ قوغۇنلۇققا باردى. قارىسا كىگىز، پالاز، تاغار... لار قالايمىقان يېپىقلىق تۇرۇپتۇ. قوغۇنلارنىڭ يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى ئىلغا قىلالمىدى. ئۇنىڭ كۆزى تۇن قاراڭغۇسىدا ئەتراپنى ئارانلا پەرق قىلالايتتى. ھامىنى يىگەندىكىن يېرىلمىغاننى يەي، دەپ كىگىزنىڭ بىر بۇرجىكىدىن چىقىپ تۇرغان بىرىنى تاپتى. تىزنىنى قۇيۇپ بىرنى تارتتى. غەيرى بىر ئاۋاز چىقىپ كىگىز ئاستىدىكى پىلەكلەر مىدىرلاپ كەتكەندەك بولدى. موماي بىرلا چىقراپ ئورنىدىن تۇردى. ھاسىسىنى پىرقىرتىپ چۆرۈۋەتتى. نىملەرنىدۇر دەپ ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي ئۆيىگە قاراپ بەدەر قاچتى. قاڭقى كىگىز ئاستىدىن سۇغۇرۇلۇپ قارىغاندا، قاراڭغۇلۇقتا ئالچاڭلاپ قىچىپ كېتىۋاتقان《ئەرۋاھ》نى كۆردى. قاڭقىنىڭ يۈرىكى 《 قارت 》 قىلىپ قالدى. قورقۇپ كىگىزنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

قاڭقى پاتقاقلىقتا بەدەن شەكلىنى قالدۇرۇپ قوپتى. دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ ئىشتانلىرىنى كىيدى. چاپىنىنى ئىتنىڭ تېگىدىن تارتىپ ئېلىشقا كۆزى يەتمەي، ئۆيگە قاراپ ماڭدى. يول بەكمۇ پاتقاق ئىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كۆردىكى، موماي بىر دۆۋە ئەسكى- تۈسكى نەرسىنىڭ تىگىدە كۆرۈنمەيلا قالغاندى. قاڭقى ئۆيۈقتىن بىر زاغرىنى ئېلىپ تاۋاقىقا چىلىدى. چاي يوق ئىدى. ئۇ مومايىنى ئىچىدە راسا تىللاپ، سوغوق سۇ قۇيدى، ئاندىن بىردەم ئولتۇرۇپ قوغۇنلۇققا چىقىپ كىگىز- كېچەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ كەلدى. يولدا مومايىنىڭ كالىچىنى تېپىۋالدى. ئۇ چاي ئىچكەچ بۇ قېرى قاچاندا قوغۇنلۇققا بارغاندۇ، دەپ غۇتۇلدىدى.

تاڭ تېخى يورۇمىغان، ھاۋا يەنىلا سوغوق ئىدى. ئۇ ئادىتى بويىچە مومايىنىڭ قېشىغا كەلدى. موماي قورۇپ كەتكەندەك بولۇپ قالغان ئۆپكىسىنى تىترىتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. قاڭقى ئۇنىڭ بەد بەشرە تۇرقىغا بىردەم قاراپ تۇردى. ئاندىن ئاستا تۇرتتى.

- ھەي موما، قوغۇنلۇققا نىمشقا باردىڭ؟ - دەپ سورىدى. قاڭقى مامۇت كورۇكنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، مومايىنىڭ ئۇخلىغاندا گەپ سورىسا جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى تاسادىپەن بىلۋالغاندى. موماي ئاغزىنى تامشىتىپ قۇيۇپ جىمىپ قالدى. قاڭقى يەنە سورىدى.

- ھەي، ھۆرەك، قوغۇنلۇققا نىمشقا باردىڭ؟

- سويما يىگىلى.

- نىمشقا كالىچىڭنى چۈشۈرۈپ قويدۇڭ؟ - قاڭقى ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپرەك سورىدى.

ـ جىن باركەن، قورقۇپ كەتتىم.ـ  دېدى موماي، قاڭقى بۆرۈن تولا سورىغان سۇئالنى يەنە سورىدى.

ـ هۆرەك، تىللانى نەگە كۆمدۈڭ؟

ـ  تىللا يوق.

ـ قاسىمباي بىر كوزا تىللا بىرىپتىكەن، نەگە كۆمدۈڭ؟

ـ يوق يەپسەن.

قاڭقى چۆچۈپ كەتتى. ئەمما مومايىنىڭ مىدىرلىماي ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئارامغا چۈشتى. ئۇ ئىڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى: ئۆتكەندە مامۇت كورۇك 《قاڭقى، سەن قاچان ئۆتقان؟ سەن ئۆتتۇرمساڭ بىز كىمدىن ئۆتىمىز؟! 》 دەپ مەھەللىلىك بالىلار ئالدىدا ئەجەب مازاق قىلدى.ـ هە. خەپ كورۇك، مەن سىنى بوغۇز قىلۋەتمىسەم....

قاڭقى ئويلۇنۇپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالدى. بېشىغا تاققىدە قىلىپ تەگكەن كالتەك ئاۋازى بىلەن تەڭ ئويغىنىپ، دىرىگىدە ئورنىدىن تۇرۇپ قوغۇنلۇققا قاراپ چاپتى. بىر هازا هەپىلىشىپ چۈنەكلەرگە يىغىلىپ قالغان سۇنى چىقاردى. راسا هارغان چاغدا يىرىلىپ كەتكەن قوغۇندىن بىرنى ئىلىپ يەي دەپ شۇنداق كۆتۈرىشىگە قوغۇن ئىچىدىن بىر پاقا سەكرەپ چىقتى. ئۇ ئەمدى پاقىغا ئامەت كەپتۇ.ـ دە، دەپ پۇتى بىلەن پاقىنى يىراققا ئىرغىتىۋەتتى. قولىنى قوغۇننىڭ يېرىقىدىن ئىچىگە تىقىپ ئۆرۈقىنى سىرىپلا ئىلىپ تاشلىدى.ـ  دە يۇز.ـ كۆزلىرىنى ئالا بۇلماچ قىلىپ قوغۇننى بىردەمدە سوقۇپ بولدى. هۆزۆرلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىتقا قارىدى. ئىتنىڭ تۇكلىرى سەل كۆپۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ چاپىننى لايغا مىلاپ رەسۋايى ئەزىم قىلۋەتكەن، ئۆزى قوغۇنلۇقنى بىر كىم كۆتۈرۈپ كەتىسمۇ تۇيمىغۇدەك هالدا ئۇيىقۇغا كەتكەنىدى.

هۆرى موماي شۇ كۈندىن تارتىپ قوپالماي قالدى. قاڭقىنى ئىشقىمۇ بۇيرىمايدىغان بولدى. هويلىدىكى ئۆچكىگىمۇ بىر نەرسە بەرمىدى. قاڭقىنىڭ قىمار ئويناشقا دەسمايىسى قالمىدى. ماموت كورۇك هەي قاڭقى تاز، تونوگۆن كاكىلدىڭمۇ؟ دەپ ئۇنى زاڭلىق قىلدۇ. هەممىدىن مۇهىمى مومايدىن بايلىقنى سوراپ بىلىۋېلىشى كىرەك.

ــهۆرەك، قاسىم باي نىمەڭ؟ ـ دېدى قاڭقى.

ــيارىم.

ــنەچچە ئەرگە تەگدىڭ؟

ــبەشكە. مەن ئىشچان، چىرايلىق ئىدىم، ـ دېدى موماي. قاڭقى ئۇنىڭ بەدبەشرە تۇرقىغا قاراپ ئالىيىپ قويدى.

ــئەمسە تىللانى نەگە كۆمدۈڭ؟!

ــيوق يەپسەن.

قاڭقى چۆچۈپ كەتتى. لېكىن موماي ئويغانمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە سۇئال سوراپ سىلىشىدىن قورقۇپ قوغۇنلۇققا چىقىپ ئۇخلىدى. ئاسماندىكى جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئۇنىڭ كۆزىگە بىر كوزا تىللادەك كۆرۈنۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ ئۆزى ئەزەلدىن تىللا كۆرۈپ باقمىغانىدى. پاشىلار غىڭىلدايتتى. سوغوق ئارىلاش مەيىن شامال زەيكەش پۇرىقىنى ئىلىپ كىلەتتى. چۈنەكلەردە پاقىلار كۇرۇلدايتتى. پاشىلارنى ئۇچۇراالمىغان قانداق شامال بۇ! قىرى ئىت غىڭشىپ قوياتتى. قاڭقى چۈشىدە بىر ئەسكى تامنى بىرنى تەپسە بىر كوزا هەرە چۈشۈپ ئۇنى قوغلىغۇدەك، موماي چىشسىز ئاغزىنى يوغان ئىچىپ قاقاقلاپ كۈلگۈدەك.

تاڭ ئاتتى. ئۇ چۈشنى بىردەمدە ئۇنتۇپ قالدى. ئۆيىگە بېرىپ چىنىگە زاغرىدىن بىرنى چىلىدى. ئاندىن ئىككى قوشۇق قوي مىينى سىلىپ، چاي قۇيۇپ دۇملەپ قويدى. ماموت كورۇك قايسى كۈنى شۇنداق پەيزى بىر شەيتان هارۋا سىتىۋاپتۇ. هەي كورۇك، ساڭا داداڭ دۆتا قىلىپتىكەن. ماڭا دادام نىمشقا دۆتا قىلمىغان بولغىيدى؟  ئۇ دادىسىنى بەك غۇۋا ئويلايتتى. ئىشقىلىپ دادىسىنى ئويلىسا، قىماردا ئۇتتۇرۇپ ئانىسىنى ئۇرغان ۋاقتى كۆز ئالدىدا پەيدا بۇلاتتى. لىكىن چىرايى تازا ئىنىق

ئەمەس ئىدى. قاڭقى قوي مېيىنىڭ پۇرىقىدىن ھۇزۇرلىنىپ چاينى ئىچتى. ئاندىن مومىسىغا نان چىلاپ قويدى. تۈنۈگۈن بىر موماي ئۇت كۆچۈرۈپ قويغاندىن بېرى ھۆرەك خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

قاڭقى كۈندۈزدە قوغۇنلارنى ئۈزدى، سانىنى كەم مەلۇم قىلدى. كەچ پېشىن بىلەن قوغۇنلارنى سېتىپ بولدى. پۇلنىڭ يېرىمىنى ئېلىۋېلىپ قالغىنىنى بەردى. موماي قاڭقىغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قۇيۇپ، كۈندە نەچچە قېتىم قاراپ باقىدىغان ساندۇقىغا سېلىپ قويدى. ساندۇقتا بىر پارچە كېپەنلىك رەخت بىلەن ئاق رومال ۋە كونا- يېڭى كىيىملەر بار ئىدى. ئاندىن بۇلتۇرقى جىگدىدىن ئازراق بار ئىدى. قاڭقى ساندۇقتىكى نەرسىلەرنى بىر نەچچە قېتىم ئوغۇرلاپ قىمار ئوينىغان، مومىينىڭ ئېسى جايىدا بولمىغاچ تازا تۇيالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ بۇلار ئاخىرەتلىكىم دەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. قاڭقىغا موماي ئۆچلۈكىدىن ھىچ نەرسە دەپ بەرمەي ئۆلۈپ قالىدىغاندەك كۆرۈندى.

كەچتە قاڭقى ئۆيگە كىردى. موماي تېخىمۇ سەتلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ چىشسىز ئاغزى كۆك قۇرۇتتەك لۆمۈلدەپ تۇراتتى. قاڭقى دائىم ئۇنىڭ شۇنداق ئورۇق، تاياقتەك تۇرۇپمۇ ياشاۋاتقانلىقىغا ھەيران بولاتتى. ئۇنىڭ ئۆپكىسىدىن قۇرۇق تېرىنىڭ تاراقلىشىدەك ئاۋاز چىقاتتى. ئۇ بېشىنى يانغا بۇرىۋالدى. قاڭقى بۇگۈن نىمە سورايدىغانلىقىنى تازا ئويلىدى. ناۋادا سورىۋالمىسا بۇ پىخسىق موماي سىرلىرىنى گۆرگە ئېلىپلا كېتىدۇ. قاڭقى شۇ قۇتۇر كورۇكنىڭ ئالدىدا ئۆمۈر بۇيى بېشىنى كۆتۈرەلمەي ئۆتىدۇ. كورۇك دائىم شەھەرگە قاتناپ تۇرىدۇ. قاڭقى شۇ چاغقىچە بىرەر قېتىممۇ بېرىپ باقمىدى. قىمارغىمۇ دەسمايە بولمىسا، دۇئا بولمىسا ئۆتقىلى بولمايدىكەن! مومايغا دۇئا قىلىپ قوي، دىمەكچى بولدى، ئۆلۈمىنى تىلىدىك دەپ ھاسا تەڭلىشىدىن قورقتى. شۇنداقتىمۇ سورىماي تۇرالمىدى.

- ھۆرەك، سەن ئۆلۈپ كىتىسەن، تىقىپ قويغان نېمەڭ بولسا دەپ قويۇپ كەت، بىكار ئارماندا كېتىسەن.

مومايدىن ئاۋاز چىقمىدى. قاڭقى تۇرۇپلا قالدى. موماي دائىم دەرھاللا جاۋاب بېرەتتى. خېلى بولدى، ھىلىقى كۈنى قوغۇنلۇقتىن قىچىپ كىرگەندىن بۇيان، شۇنداق تەرسا مىجەز بولۇۋالدى. قاڭقى ئاۋازىنى مۇلايىم چىقىرىپ يەنە سورىدى. مومىينىڭ كانىيىدىن خارت- خۇرت قىلغان ئاۋاز چىقىپ كەتتى. ئۇ نىمە ئىش؟ دىققەتتە تىڭشۇدى، موماي تەستە نەپەس ئېلىۋىتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ھوشىدىن كەتكەندەك بولدى. يۈزىدىن ئىسقا ئوخشاش كۆكۈش بىر نەرسە كۆتۈرۈلدى. قاڭقى داڭ قېتىپ قالدى. كۆزىگە ئىشىنەلمىدى. مومىينىڭ كالپۇكلىرى لۆمۈلدەشكە باشلىدى. ئىس يەنە كۆتۈرۈلدى.

- قاڭقى مەمەت، - مومىينىڭ ئاۋازى جانسىز تىترەپ چىقتى، - مەن ساڭا بىر نەرسە قالدۇرۇپ كېتىمەن، شەرتىم مېنى ئۆلگەندىن كېيىن قاسىم باينىڭ قېشىغا قويىسەن. ئاندىن قەبرەمنى قاتۇرۇپ ھەر پەيشەنبە يوقلاپ تۇرىسەن!

قاڭقى مەمەتنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى. مومىينىڭ ئويغاق ياكى ئۇيقۇلۇق ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. تېخى قاسىم باينىڭ قېشىغا قويغۇدەكمىشمەن، بۇ ئالجىغان موماي نىملەرنى دەۋاتىدۇ، دەپ غۇدۇڭشىدى، بىر تۇرۇپ ئاڭلاپ باقمايمەنمۇ دەپ ئويلىدى.

- قاڭقى مەمەت، تىڭشا ھەم ئىسىڭدا مەھكەم ساقلا، مەن ئۆلۈپ بىر يىلدىن كيىن گۆرۈمنى ئاچقىن. چۇقۇم كەچتە. كېپىنىمنى بەك يىرتۇۋەتمە، ئاندىن سول پۇتۇمنىڭ ئوشۇقىنى ئالىسەن، ئۇنى قولتۇقۇڭغا ئېسىۋالساڭ ئوشۇق سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزىدۇ!- دېدى موماي.

موماي جىمىپ كەتتى. قاڭقى مومىينىڭ راست دەۋاتقانلىقىغا ئىشىنەلمىدى. ئۆزىنى قاسىم باينىڭ قېشىغا كۆمدۈرمەن دەپ شۇنداق ئالجىۋاتامدۇ يا؟ مەيلى نىملا بولسۇن، سىناپ بىقىش كېرەك. مومىينىڭ غۇۋا تىنىقى بارلىقىنى بىلگەندىن كيىن، كۆڭلى بىر ئاز ئارامغا چۈشتى. ماموت كورۇكنىڭ ئانىسى ئوشۇق قۇيۇپ كەتكەندىمۇ؟ ئۆزىگىمۇ بۇ توغۇرلۇق گەپ قىلىپ بەرمىگەن ئىدىغۇ؟ سوراپ بىقىش خەتەرلىك. ئەڭ ياخشىسى كۈتمەكتىن باشقا ئامال يوق. قاڭقى مەمەت مومايغا گۇمان بىلەن قاراپ قۇيۇپ قوغۇنلۇققا ماڭدى. بېرىپلا سويمىدىن بىرنى يېرىپ يىدى- دە، بىردەمدىلا ئۇخلاپ قالدى. چۈشىدە گۆرگە كىرىپ قارىسا مومىينىڭ قورسىقىدا بىر كالىدەك يىلان تۇرغۇدەكمىش، ئوشۇقنى ئالغىلى قويغۇدەكمىش، قاڭقى ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى. قېرى ئىت روھسىز بىر نەچچىنى قاۋاپ قويدى. ئاسمان يۇلتۇزلار بىلەن توشۇپ كەتكەن، قاڭقى مەمەتنىڭ كالپۇكىنى پاشا چېقىپ دورداىتىپ قويغانىدى.

قاڭقى ئويغانغاندا كۆن خېلى ئۆرلىگەندى. ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە ماڭدى. يولدا ئىزلارغا دىققەت قىلىپ ھېچ نەرسىنى پەرق قىلالمىدى. ئۆيگە پىتىنالماي تەستە كىردى. موماينىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولغاندەك بولدى. چاينى ئەزمىلىك بىلەن ئىچتى. قوي مېيىنى كۆپ سالدى. مومايغىمۇ نان چىلاپ قاچىنىڭ ئاغزىنى كۆمتۈرۈپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن ئەسنەپ كەتتى، مومايىنى تۇرتتى. ئۇ مىدىرلىمىدى، يەنە تۇرتتى. قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ كېلىپ تىڭشىدى. ھېچ ئاۋاز چىقمىدى. ئىتتىك قوشنا ئايالنى چاقىرىپ كىردى. ئۇ ئايال يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ مومايىنى ھۆرىخان ئاچا، دەپ چاقىردى. پىشانىسىگە قولىنى ئاپىراي دىگەندە يوغان بىر چىۋىن غۇڭ قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللا توۋا كۆتۈرۈپ ھازا ئېچىشقا باشلىدى. قاڭقى ئىشىك تۈۋىدە ھاڭۋېقىپ قالدى. قوشنىسى مومايىنى پەرشتىدەك سۈپەتلەپ قوشاق قوشۇشقا باشلىدى. ئاۋازى شۇنداق يېقىملىق ئىدى. ھۆرى موماينىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىردەمدە يېقىن ئەتراپتىكىلەر ئاڭلاپ بولدى. ئۇلار كېلىپ ھەممىسى بىر ھەرە توپىدەك غۇڭغۇلداپ ھازا ئېچىشتى. قاڭقى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئۇ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي ئۆياققا بۇياققا چۆرگىلەپ يۈردى. يىغلاي دىۋىدى كۆزىگە ياش كەلمىدى.

جامائەت مومايىنى ئۇلۇغ كۈندە ئۆلۈپتۇ، دەپ نامازدىن كېيىن قويماقچى بولدى. قاڭقى باشقا گېپى يوقلۇقىنى ئېيتتى. پېشىن نامىزىدىن كېيىن موماينىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ جىنازا يولغا چىقتى. جىنازا ئالدىدا قاڭقى يالغۇز كېتىپ باراتتى. ماموت كۈرۈك ئۇنىڭغا يىتىشۋېلىپ يېنىدا گەپ قىلماي ماڭدى. باشقىلار ئۇنىڭغا پاختىلىق چاپان، كونا قۇلاقچا كيدۈرۈپ، بېلىگە ئاق بەلباغ باغلاپ قويغانىدى. قاڭقى بىر تۇرۇپ بۇ قېرى ئەجەپ ئىسسىق بىر كۈندە ئۆلدى. بىر يىل قانداق توشار، دەپ ئويلىسا، بىر تۇرۇپ موماي ئۆلىدىغان چاغدا ئالجىپ ئالا جوقا گەپ قىلغان بولغىيدى، دەپ ئويلايتتى. يول توپا بولغاچ ئۇزۇن سەپنىڭ ئارقىسىدا چاڭ- توزان ئەگىشىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ تەرلەپ ماجالى قالمىغلى تۇردى. شۇ تاپتا پاقا شوراپ قويغان بولسىمۇ بىر قوغۇن بولسا ئەجەپ ياخشى بۇلاتتى، دەپ ئويلىدى. مەھەللە سىرتىغا چىقىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن مازارلىققا بارغىلى بولاتتى. قاڭقى ئانچە- مۇنچە ئۇندەرىگەندەك ئانامەي، دەپ ۋارقىراپ قوياتتى. لېكىن ئۆزىنىڭ ۋارقىراۋاتقانلىقىغا كۆڭلىدە ئىشىنەلمەي كېلىۋاتاتتى. پاختىلىق چاپان شۇنداق ئېغىر، ئاسماندا قۇياش بارلىق زەھرىنى ئۇنىڭغىلا سانجىۋاتقاندەك قادىلىپلا تۇرۇۋالدى. مىيىت ئۇزاتقۇچىلار ھېلىدىن- ھېلىغا جىنازا كۆتۈرۈشكە ئالمىشىپ تۇراتتى. قاڭقى بىر تۇرۇپ بۇگۈن ئۆلگىنىمۇ ياخشى بولدى، ئۇلۇغ كۈن بولغاچقا كۆپ ئادەم كەلدى، دەيتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزى تونۇمايدىغانلارمۇ كۆپ ئىدى. قارىغاندا موماينىڭ تەڭتۇشلىرى خېلى باردەك قىلاتتى. ئۇلار چورۇقنىڭ ئۇچىدا توپىنى كۈرەپ، توزۇتۇپ ماڭاتتى. قاڭقى پات- پاتلا ئانامەي، دادامەي، دەپ قۇيۇپ، يىڭى بىلەن تەرلىرىنى سۈرتۈپ كېتىپ باراتتى .

مەھەللە كىچىك بولسىمۇ زاراتگاھلىقى خېلى چوڭ ئىدى. ئۇلار قەبرىلەرنى ئارىلاپ، كولاپ قويغىلى خېلى بولغان بىر گۆرنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇنىمۇ موماي ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئوخشايدۇ، ئەتراپىنى يانتاق، جىن تاۋۇزى قاپلاپ كەتكەنىدى. بەزى چوڭراق قەبرىلەرگە ئالا- تاغىل بايراقلار سانجىپ قۇيۇلغانىدى. ئىككى ئادەم گۆرنىڭ ئىچىگە سەكرەپ كىردى. ئىككى ئادەم مىيىتنى جىنازىدىن چىقاردى، كىگىزدىن يەشتى، ئاندىن تاشقارقى گۆرگە چۈشۈردى. بىرى مومايىنى ئىچكىرىكى گۆرگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. گۆر كولانغىنىغا ئۇزۇن بولغاچ تاشقارقى گۆردە تۇرغانلار توپىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. قاڭقى توپا بېسىققاندا قارىۋىدى، كېپەنلىكتىكى موماينىڭ ئېچىپ قۇيۇلغان يۈزى پارقىراپ كەتكەندەك بولدى.

موماينىڭ قىرىقى توشقاندا قاڭقى مەھەللە- كويدىكىلەرنى يارما ئاش ئېتىپ ئۇزاتتى. شۇ كۈنگىچە ئاق بەلباغ تۈنۈگۈسىز بولۇپ، پاختىلىق چاپان قۇرۇتلاپ كەتكەنىدى. ماموت كۈرۈك قوناق ياردەم قىلدى، ئۆيگە ئانچە- مۇنچە تاماق ئەپكىرىپ بېرىپ تۇردى. شۇنداقتىمۇ قاڭقى《خەپ كۈرۈك، بىر يىلمۇ توشار》 دەپ ئىچىدە خەپلەپ يۈردى. قاڭقىغا بېشىغا تېگىدىغان ھاسا ۋە خورەك ئاۋازىلا كەملەپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇ كەچتە بۇرۇنقىدەكلا يۇلتۇزلارنىڭ ئاسماندا جىمىرلاشلىرى، پاقىنىڭ كۇرۇلداشلىرى، پاشىنىڭ بىر كۈن بىر يېرىنى يەنە بىر كۈن يەنە بىر يېرىنى دوردايتىپ قۇيۇشلىرى... ئىشقىلىپ قاڭقى قوغۇندىن ئازراق پۇل قىلىۋالدى. ئەمدىكى ئۈمىدى يەنە گۆردە قالدى. بۇ موماي تىرىكىدە ئۆچ ئالالماي ئۆلگەندىن كېيىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن مېنى ئالداۋاتامدۇ يا، دەپمۇ ئويلاپ كېتەتتى. زادى شۇ قۇتۇر ئوشۇقتا نىمە كارامەت باردۇر؟ قاڭقى بىرى پېشىدىن تارتقاندەك مازارلىققا باردى. موماينىڭ قەبرىسىنى پەرق قىلالماي كۆپ جىلە بولدى، ئەتراپ قورقۇنۇچلۇق ھەم سۈرلۈك ئىدى. شىرىققىدە قىلغان ئاۋازلا قاڭقىنى تىترىتىپ، جېنىنى ئېلىشقا يېتىپ ئاشاتتى. ئۇ ئەمدى گۆرنى ئېچىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى ھىس قىلدى. كۆز ئالدىدا شۇنداق سەت ئالۋاستىلار پەيدا بۇلاتتى، يوقىلاتتى. بەزىسى مومايغا ئوخشايتتى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى. ناۋادا بىر ئاۋا 《توختا ! 》 دىسىلا قاڭقى ئۆلۈپ قالغان بۇلاتتى. بولدى، قېرى قاغىنىڭ گۆرىگە

كىرمەيمەن. بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسىمۇ، قوغۇنىنىڭ پۇلىنى تىقىۋالمەن، ئىتنىڭ ئورنىغا مېنى باغلامدىكەن تېخى... قوغۇنلۇقتا كەلگەندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسەبىيلەرچە پىچىرلاۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر كۈنى كەچتە شۇنداق قىچىپ كىلىدىغان، ئاغزىدا بىر نىمىلەرنى توختىماي پىچىرلايدىغان بولدى. مازارلىقتا باراتتى، قاچاتتى، باراتتى، يەنە قاچاتتى، قەبرىلەر ئارلىشىپ كەتتى. ئۇ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇنداقتا قانداق بۇلىدۇ؟ كۈندۈزدە ئۇ تۇيدۇرماي بىرىپ بىر نەرسىنى بەلگە قىلىۋاتاتتى. كەچتە يەنە يۈتتۈرۈپ قوياتتى. كۆپ ۋاقتى مازارلىقتا ئالاقىزادىلىكتە ئۆگەيتتى، كۆپ ئورۇقلاپ كەتتى. چىرايىدىن توپا ئۆرلىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر يىل توشمايلا ئۆلۈپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ قورقۇپ قالدى.

بۇ كۈنى ئاي قاراڭغۇسى بولغان ئىدى. قاڭقى تىمسىقلاپ بىرى پېشىدىن تارتقاندەك مازارلىققا باردى. خۇپتەن نامىزى ئوقۇلۇپ بولغىنىغا خېلى بولغان ۋاقىت ئىدى. ئەتراپ تىمتاس، يىقىن جايدىن قوينىڭ مەرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاڭقى نىشانىنى پەرق قىلالمىدى، ئادىشىپ قالدى. كېيىن يەنە تام ياقىلاپ كىرىش ئېغىزىغا كەلدى. ئاندىن نىشانىنى ئۇدۇللىشىۋلىپ ماڭدى، بىر ئادىشىپ يەنە توغرىلىۋىدى. ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى. قەبرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىردەم ئارام ئالدى، ئاندىن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ توپىنى تارتىشقا باشلىدى، توپا يۇمشاق، نەمخۇش ئىدى، يۈرىكىقاتتىق سوقۇۋاتاتتى. ھەر سوققاندا ئۆزىنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلاتتى. ئاغزى قۇرۇپ كەتتى. پۈتۈن ئىچ باغرى، ئۆپكىسىنى مازار توپىسى قاپلاپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئازلا قالدى، مۇنكىر- نەكىر، يەنە بىر پەستىن كېيىن... دەپ پىچىرلايتتى. ئىچكىرىكى گۆرنىڭ خىشى كۆرۈنگەندە چېكە تۇمۇرى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك سوقۇپ كەتتى. ھەي، كاساپەت تۇمۇرلىرىم ئېتىلىپ كەتمىگىدى، دەپ پىچىرلىدى. بىردەم ئولتۇرۇپ ئارام ئالغۇسى كەلدى، لېكىن ئالدىرايتتى. بىر نەرسىنىڭ خارتىلدىغان ئاۋازى ئۇنى ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى. ھوشىنى يىغىپ دىققەت بىلەن تىڭشىدى، كۆزىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئاۋاز گۆردىن چىققاندەك قىلمايتتى، شۇندىلا كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ كۆزىنى ئاچتى. گۆرنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بىر ئىت ھاسىراپ تىلىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. قاڭقى مەمەت چالمىدىن بىرنى تېپىپ پەملەپ تۇرۇپ ئاتتى. قورقۇپ تىترەپ كەتكەچكىمۇ تەگكۈزەلمىدى. ئىت قېچىپ كەتتى، ئاندىن يىراقتا تۇرۇپ ھۇۋلاشقا باشلىدى. قاڭقىنى سۈر بېسىپ پۈتۈن بەدىنى تەرلەپ كەتتى. بىسمىللا، دەپ خىشقا قولىنى ئۇزاتتى ۋە دەرھال تارتىۋالدى. گۇناھلىق ئىش قىلىۋېتىپمۇ شۇنداق دىسە بۇلامدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. بولدىلا، ھەممىسى مومايغا ھىساب، ئۇ خىشقا قولىنى ئۇزاتتى. خىشقا چاپلىشىپ قالغان توپا شۇررىدە سىيرىلىپ چۈشتى. بىرنى، ئىككىنى ئالدى. گۆر ئىچىدىن سېسىق پۇراق ئېتىلىپ چىقتى. قاڭقى تۇمشۇقىنى پېشىدە ئورۇۋېلىپ، كۆزىنى يۇمۇپ تۇردى. ۋاقىت ئاستا ئۆتەتتى. لېكىن بىر تۇرۇپ تاڭ ھازىرلا يورۇيدىغاندەك، كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئاخىرى تۇمشۇقىنى تۆشۈككە ئاپىرىپ باقتى. پۇراق ئاۋۋالقىدىن سۇسلاپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ بۇرنىنى پۈركەپ، بىر قولى بىلەن سىيلاپ- سىيپىلاپ خىشلارنى سۆكۈشكە باشلىدى. خىش بەك يوغان بىلىندى، ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە خىش بۇنچە چوڭ ئەمەستەك ئىدى. ھېرىپ ھالىم قالمىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. قولىنى تۆشۈك ئىچىدە ئايلاندۇرۇپ بېقىۋىدى ئۆزى پاتقۇدەك ئېچىلغانلىقىنى ھىس قىلدى. گۆرگە بىر تەرەپتىن شىرىلداپ توپا ئېقىپ كىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ كەينىچە كىرىشكە باشلىدى، تىنىقلىرى توختاپ قالدى. چېكە تۇمۇرلىرى ئۈزاق- ئۈزاقتا بىر سوققاندەك، كاللىسى تىترەپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. گۆرگە كىرىپمۇ بولدى، ئۇھ دەپ هاردۇق ئالدىيۇ، شۇئان كۆڭلى ئېلىشىپ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن سۇبھانالللا، دەپ كۆزىنى ئاچتى. ئالدىدا پارچە سۆڭەكلەر تېرىلىپ ياتاتتى. ئەجەپ ئىش، شۇنداق ئاسان قۇرۇت يەپ كەتكەندىمۇ؟ خۇدا ماڭا ئىچ ئاغرىتقان ئوخشايدۇ، دەپمۇ ئويلاپ قالدى. ئىچ باغرىغا توپا- تۇمانلىق سېسىق پۇراق سىڭىپ كەتتى. تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ دەل ئۆلۈكنىڭ قۇرساق تەرىپىدە ئولتۇرغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ ئىتتىك قوپتى. لېكىن بېشى گۆرنىڭ تورىسىغا تىگىپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. كاللىسى ئوت- تەتۈر چۆرگىلەپ، گۆر دۈم كۆمتۈرلگەندەك بولدى، ۋارقىراپ تاشلىۋىدى، كانىيىدىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى. گۆر ئاغزىدىن قاپقاراڭغۇ تۈن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاغزى شۇ قاپقاراڭغۇ تۈننىڭ دەھشەتلىك ئاغزىدەك، ھازىرلا ئۆزىنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ ئېغىز ئىچىدە كۆكۈش نۇر چېچىپ تۇرغان ئىككىنەرسە كۆرۈندى. ئۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى، بىردەم قىمىرلىماي تۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھېلىقى ئىتنىڭ كۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بىر ئاز جانلاندى. ئۇ ئەتراپقا سەپسىلىپ يەرنى قارىسىغا سىپلاشقا باشلىدى. كۆزى غۇۋۋا ئاقىرىپ تۇرغان بىر پارچە سۆڭەككە چۈشتى. ئۇ ئوشۇقتەك تۇراتتى ھەم باشقا سۆڭەكلەردىن پەرقلىق ئىدى. ئۇنى ئالماقچى بولدى. لېكىن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. بىر تۇرۇپ مومايىنىڭ ئۆزىنى ئالدىغىنىنى جەزىم قىلاتتى، بىر تۇرۇپ بالدۇر كېلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق بولدى، دەپ ئويلايتتى. قاڭقىنىڭ گۆردىن

سۈغۇرلۇپ چىقىشىغا ئىت بەدەر تىكىۋەتتى. ئۇ ئوشۇقنى يانچۇقىغا سېلىۋالدى. قايسى پۇتىنىڭكىنى ئالغاندىمەن دەپ دەرگۇمان تۇرۇپ قالدى. قايتا كىرىشكە ماجالى قالمىغاندى. خىشلارنى كەلسە- كەلمەس تىزىپ، توپىنى ئىتتىرىشكە باشلىدى. قانداقلا قىلسۇن ئەسلىدىكىگە ئوخشتالمىدى. باشقا يەردىكى قۇرۇق توپىدىن چاپىنىغا ئۇسۇپ ئەپكىرىپ گۆر ئۈستىگە چاچتى، يەنە ئوخشىمىدى. ئاخىر ئۆيىگە قاراپ بەدەر قاچتى. ئاخىر ئىككىسى ئىككى تەرەپكە قاچتى. بىر پەستىن كېيىن ئىت ئۆزىنى قوغلىمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ، كۆكۈش كۆزلىرىنى پارقىرتىپ قاراپ قالدى.

قاڭقى شۇ چاپقىنىچە ئۆيىگە كەلدى ۋە سوغوق سۇدىن راسا ئىچتى، ئىچ- باغرىدىكى توپا- تۇمانلار پاتقاققا ئايلىنىپ كەتكەندەك بولدى، بىردەمدە لايدەك ئېزىلىپ ئۇيقۇغا كەتتى. چۈشىدە، قاسىم باينى كۆردى. ئۇ ئېتىكاپ ئالدىدا تۇراتتى. چاپانلىرى يىرتىق، بەدىنىمۇ مايماق كۆرۈنەتتى. جامائەت ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ بولسا ئوشۇقى يوق پۇتىنى كۆرسىتىپ جامائەتكە زارلىناتتى، قاقشايتتى. ئاقساپ مڭىپ قۇياتتى. ھاسىسىنى شلتىپ قوياتتى. جامائەت غۇڭۇلداپ سۆرىلەرنى تەكشى ئاۋازدا ئوقۇيتتى، بەزىلەر ياقىسىنى، پېشىنى چىشلەيتتى، ئۇيۇقنىڭ يىنىدىكى جىن چىراغ غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. قاسىم باي يەنە ئوشۇقنى كۆرسۈتۈۋاتاتتى...

قاڭقى ئويغۇنۇپ قارىسا، كۈن خېلى ئۆرلىگەنىدى. كۆزىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ چۈشنى ئويلىدى. نېمىدىن بىشارەت بېرىدىغانلىقىنى ئۇقالماي ئۇزاق ئولتۇردى. قوينىدا بىر ئوشۇق تۇراتتى.

ئۇ بىر كۈن كەچكىچە يۈرەكزادە بولۇپ يۈردى. بىردەمدىلا ئاغزىنىڭ ئەتراپىغا قوناق چىقىپ كەتتى. ئۇ قىچىشۋاتقان قوقاقنى تاتىلىغاچ ئورۇق ئۆچكىگە قاراپ ئولتۇرىۋەردى. ئورۇقلاپ كەتكەن ئۆچكە كىچىك بالا يىغلىغاندەك مەرەپ قۇياتتى، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلەتتى. ناماز شام بولغاندا ئۆچكە قاتتىق مەردى. قاڭقى چۆچۈپ قارىغانىدى، ئۇ قاسىم بايغا ئوخشاپ قالدى. ياشاڭغۇراپ تۇرغان كۆزلىرى، بىر تۇتام ساقىلى... قاڭقى بىر ۋاراقلاپلا ئۆيىگە قېچىپ كىردى. سۇبھانالللانى شۇنچە تەكرارلىسىمۇ ئۆچكە مەرەشتىن توختىمىدى. ئاغزىدا دەل شۇ، نەق ئۆزى، ئۆچكە، دەپ بىر بۇلۇڭغا توگۇلۇپ كىرىۋالدى، ئاخىرى ئۇخلاپمۇ قالدى. چۈشىدە قاسىم باي ئاقساق پۇتىنى خالايىققا كۆرسىتىپ زارلايتتى، قارغايتتى. بىردە ئۆچكىگە ئايلىنىپ مەسچىتتەچۆرگىلەپ يۈرەتتى، مەرەپ قۇياتتى. قاڭقى بولالمىدى. ھويلىدا ئۆچكە مەرەۋاتاتتى. ئۇ ئاستا مېڭىپ مازارلىققا باردى. گۆر ئوچۇق ئىدى، كۆمگەندەك قىلىۋاتاتتىمغۇ دەپ ئويلىدى. ئىشنىڭ تېگىگە زادى يېتەلمىدى. قويندىكى ئوشۇقنى گۆر ئىچىگە تاشلىۋەتتى.

كۈن شۇنداق ئۆتتۈۋەردى. قاڭقى ئاچ قالمىدى، لېكىن قىمارنى شۇنىڭدىن كېيىن ئوينىمىدى. ھازىر كىچىچە ماموُت كورۇكنىڭ ئالتۇنلىرىنى ئۇتۇپ چۈشەپ چىقىدىغان بولدى. قاسىم باي چۈشىدە كۆرۈنمىدى. يۈزىدىكى قوقاقلار بارا- بارا يوقاپ كەتتى. قېرى ئۆچكە ئەمدى قاسىم باي ئەمەستەك تۇراتتى. ئۇ ئۆينىڭ بىر ئېغىزىدىن باشقىلىرىنى تاشلىۋەتتى، مەھەللە ئېغىزىدىكى كۆل بېشىدا قارتمۇ ئوينىمىدى. كورۇك نەچچە قېتىم دوغا چاقىرغان بولسىمۇ خەپ، شۇ ئوشۇقنى بىر ئالاي، شۇ چاغدا كارامىتىڭنى بىر كۆرەي، دەپ ئىچىدە خەپلەپ يۈرىۋەردى، قوشنىلىرى بۇ قاڭقىغا جىن چاپلاشقاندەك تۇرىدۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۆيلەپ قويساق بولاتتى، دەپ ئۇنىڭغا ئەردىن چىققان يېتىم جۇۋاننى سايە قىلدى، قاڭقى ئۇنىمىدى. قېرى ئايالار ئۇھ تارتىپ ھەي سېنىڭ يېشىڭدا... بۇ بالىنىڭ بىرەر كەمتۈك تەرىپى بارمىدۇ يا ؟! دېيىشىپ ئامالسىز باش چايقاپ قىلىۋېرىشەتتى. بۇ گەپمۇ ئاستا- ئاستا يېتتى. بىراق، قاڭقى ئۈستىدە تەڭتۇشلار ئارىسدا باشقا گەپلەر ئاۋۇپ قالدى. ماموُت كورۇك بۇ دورام تېخىمۇ يايراپ كەتتى، بىر كۈنى يۈزىدىن- يۈزىگە ئوغۇل بالا دىگەن شۇ يەردىن كەتكۈزۈپ قويسا... ھەي، ھەتتا قىمارمۇ ئويناالمايدۇ، دېدى. ئامال يوق. قاڭقى چىداپ يۈرۈۋەردى.

ئۇ بىر كۈنى قوپۇپ ئويلىنىپ قالدى. نېمىشقا سازلىقنى ئۇنتۇپ قالغاندىمەن؟ ئۆچكىنى تاشلاپلا شۇ يەرگە بارمايمەنمۇ؟ ئۇ زەيكەشلىككە قاراپ ماڭدى. ئۇ يەر ئۈچ- تۆت چاقىرىم كېلەتتى، بۇرۇنلاردا تولا بارىدىغان. قاڭقى كەڭ سازلىقنى بىر كۆرۈپلا شۇنداق ئازادلىشىپ قالدى، كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كەتتى. كۆڭلۈگە ئورنىشۋالغان توپىلار ئېقىپ چىقىپ كەتكەندەك بولدى. بىرەر بۇلاقنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ كىتىپ قالماي دەپمۇ ئويلىمىدى. ساز سۈيىگە چۆمۈلۈپ قىن- قىنىغا پاتماي ئويناپ كەتتى. قاڭقى يەنىلا يىغلاپ تاشلىدى. بىلىقلار ئۇنىڭ بەدىنىنى غىدىقلايتتى، سازلىقنىڭ ئەتراپى قۇمۇش بىلەن قاپلانغانىدى، باشلىرىدا ئېغىر تۇزغاقلار ئىغاڭلاپ تۇراتتى، ئاندا- ساندا غازنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاڭقى موماينىڭ ئوشۇقنى ئۇنتۇپ كەتتى، سۇدىن چىقىپ شور يەردە ياتتى. قاڭقى قوپۇپ ساز سۈيىنىڭ يېنىغا باردى. ئۈششاق بېلىقلار تەرەپ- تەرەپكە قېچىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار ئاستا- ئاستا قاڭقىنىڭ ئالدىغا كەلدى، لەشلەرنىڭ ئارسىغا كىردى. ئۇ چەبدەسلىك بىلەن

لەشنى يۇلۇپ قۇرۇق يەرگە ئاتتى. ئاندىن كۆتۈرۈپ سىلكىدى. باشمالتاقتەك پارقىراق زاغرا بېلىقلار، بۇدۇرۇققىنە بېلىقلار يەرگە سەكرەپ چۈشتى. قاڭقى ئۇلارنى تېرىۋىلىپ ئۇزاق قاراپ كەتتى. يۇمۇلمايدىغان كۆزلىرى، سىيلىق بەدىنى، قۇيرۇقلىرى... قاڭقى ماڭا سايە قىلىشقىنى مۇشۇ بېلىقتەك بولسا كاشكى، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭچە ئۇ كۆرگەن ھەم ئېسىدە قالغانلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن چىرايلىقى شۇ بېلىق ئىدى. ئۇ بېلىقلارنى سۇغا سېلىپ قويدى. بېلىقلار دەسلەپ تازا ئىشىنەلمەي تۇردى. كېيىن ھايت دېگۈچە كۆزدىن يوقالدى. ئۇ قايسى بىرلىرىنىڭ قايسى تەرەپلەرگە كەتكەنلىكىگە ئۇزاق سىنجىلاپ قاراپ تۇردى. يۈرىكى ئېغىپ كىتىۋاتقاندەك ھىس قىلدى. ئاندىن ئارقىمۇ- ئارقا بىر نەچچە قىتىم يەنە شۇنداق قىلىپ ئوينىدى. بېلىقلارغا قاندىغاندەك ئەمەس ئىدى. قوش چاڭگىلىغا سۇ ئېلىپ بېلىقلارنىڭ ئالقىنىنى غىدىقلىشىدىن ئۇزاق، سۇ سىرغىپ تۆگەپ كەتكۈچە ھۇزۇرلىنىپ تۇردى.

كەچكى شەپەق كۆل يۈزىنى قىزارتىۋەتكەندە قۇشلارنىڭ ئاۋازى كۆپەيدى. سازلىق ئوتتۇرسىدىكى دۆمبەﷲردىن ياۋا ئۆردەكنىڭ غاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. قاڭقى بىر دۆڭلۈكنىڭ ئاستىغا كەلدى، دۆڭنىڭ ھەممە يېرىدە ۋىلىقلاپ كىچىك- كىچىك بۇلاقلار چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بىر بۇلاق كۆزىنى كۆمدى. لېكىن سۇ بىردەمدە كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. ئىشقىلىپ بۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئوينىغان ئويۇن. ئۇ چاغدا مامۇت كۈرۈك بىلەن بىللە ئوينايتتى. كۈرۈك ھازىرغۇ ئاينىپ كەتتى. قاڭقى قورسىقى ئىچىپ كوركىراشقا باشلىغاندا، ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

قاڭقى يېرىم كېچە بولغاندا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇيقۇسى قاچقاندى. ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئويلاندى. كۆز ئالدىدا بېلىقلار پەيدا بولمىدى. بۇلاقلار بۇلدۇقلاپ تۇرمىدى. ئۇ ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ مازارلىققا قاراپ چاپتى. بىر نەرسە پېشىدىن تارقاندەك بولدى. ئۇ چاققانلىشىپ كەتتى. بىردەمدە ئۆزىمۇ ئۇقماي ئۆزىنى گۆرنىڭ خىشنى تارتۋاتقان ھالدا كۆردى. ئىچكىرىدىن زەي، سېسىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ گۆر ئىچىگە پۇتچىلاپ چۈشتى. مىيت ساقلا تۇراتتى. ئۇ باشقا گۆرنى كولاپ قالغاندىمەنمۇ، دەپ ئەندىشە قىلدى. كېيىن كېپەنلىكنى ئاستا تارتىپ سالدۇرۇشقا باشلىدى، تۇرۇلۇپ قىلىپ كۆچەپ بىر تارتتى، تۇيۇقسىز بىر نەرسە كېلىپ ئېڭىكىگە تەگدى. ئۇ ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. قاڭقى ئاجايىپ چوڭقۇر ئازگاللغا چۈشۈپ كېتىپ باراتتى، چۈشەتتى، چۈشەتتى. زادى تېگى كۆرۈنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ۋاي، دەپ ئىككى قولىنى شىلتىۋىدى، قولى نەم توپىغا تەگدى. قاڭقى ئۆزىنىڭ قانداقسىگە گۆر ئۈستىگە چىقىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي ھاڭۋىقىپ تۇرۇپ كەتتى. بىر نەرسىنىڭ ئېڭىكىگە تەگكەنلىكى ئېسىدە. ئېڭىكىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. تاشقىرىقى گۆرگە سىيرىلىپ چۈشۈپ خىشنى ئېگىز- پەس تىزدى. توپىنى جان- جەھلى بىلەن تارتىپ چۈشۈرۈشكە باشلىدى. ئىچىدە ئىت موماي، ۋاقىت توشمىدى، دەپ تەپكىنىڭمۇ- ھە؟ قېرى قاغا، مەمەت قاڭقىنىڭ ھالىنى بىلمەمتىڭ! سەن قېرى، ئۆلۈك تۇرۇپمۇ قانداق تەپتىڭ؟! دەپ سۆزلەيتتى. راست قانداق تەپكەندۇ؟ ئويلا، ئويلا ئۆيگە بەدەر قاچتى. ئۆيدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدى. ئاندىن ئارقىسىغا يېنىپ ئۆيگە كىردى. ئۆچكە مەرىۋىدى، يۈرىكى تېخىمۇ سېلىپ كەتتى. ئۇ ھارغانىدى. تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى. چۈشىدەچاچلىرى چۇۋۇق، كېپەنلىرى يىرتىق بىر موماي قاڭقىنى سۆرەپ چىقتى. ئەتىسى ئېڭىكىنىڭ مايماق بولۇپ قالغانلىقىنى ئەينەكتىن كۆردى.

قاڭقى شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ۋاقىتقىچە مازارلىققا قورقۇپ بارالمىدى، گۇمانلاندى. مومايىنىڭ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىنى تېخىمۇ جەزىملەشتۈردى. لېكىن ئۇمۇدىنى ئۈزەلمىدى. قارا قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرى مازارلىقتا دېلغۇل بولۇپ ئۇزاق- ئۇزاق تۇردى. قېرى ئۆچكىنى سىتىۋەتتى. ئىت ئۆلۈپ قالدى. ئۇنىڭ چىللىدىن چىقالمايدىغانلىقىغا ئۆزىنىڭمۇ كۆزى يەتكەنىدى. مامۇت كۈرۈك بۇلتۇر شەھەرگە كىرىپ كەتكەن پېتى قايتىپ چىقمىدى. كىشلەرمۇ ئۇنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدى. بىراق مەھەﷲ- كويدىكىلەر قاڭقىنى ساراڭ دەپ بىلىدىغان بولدى. بولمىسا مومىسىنىڭ گۆرىنى قازاتتىمۇ؟

ھەش - پەش دېگۈچە قوغۇن پىششىقى بولۇپ قالدى. ئويلىسا شۇنداق تەسكە چۈشكەن كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئۆزىمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. قوغۇننىڭ باش بۇرنىنى قورقماي ئۆزى يەۋالدى. بازارغا ھەپتىدىن كېيىن ئەكىرسە قىمارغا لايىق ئازراق بىر نەرسە چىقىرىۋالدۇ. ئۇ كىچە - كىچىلەپ ئاسمانغا قاراپ ياتاتتى. خىيالىغا بېلىققا ئوخشاش چىرايلىق قىزلار كىرىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇلار كۆپرەك جىنغا ئوخشايتتى. پاشا غىڭشىپ ئۇخلاتمايتتى. ئەتراپىنى پاقا، چېكەتكىنىڭ ئاۋازى بىر ئالغانىدى. غۇر- غۇر شامال زەيكەشنىڭ، قوغۇن پىلەكلىرىنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ كېلەتتى. قاڭقى كۆزى ئەمدى ئۇيقۇغا بېرىپلا ئويغىنىپ كەتتى. بىرى ئۇنى تۈرتكەندەك قىلغانىدى. خېلى ئويلاپ كۆردى. ۋاقىتنى تەپسىلى ھېسابلىدى. ئاندىن مازارلىققا ئۇچقاندەك باردى، كولىدى، بەك چوڭقۇر كولىدى. بۇ قىتىم ئازمىدى. تېگىگە يەتكىلى

بولمايدىغاندەك تۇراتتى. ئاخىرى قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، گۆر ئېچىلدى. قاڭقى ئوشۇقنى ئالغىچە يۈرىكىم يېرىلىپ كەتمىسىلا بولاتتى، دەپ ئويلىدى. بۇ قېرى موماي يەنە بىرەر توزاق قۇرۇپ ئولتۇرغان بولمىسۇن، ئاۋايلاش كېرەك. ئىڭىكىمگە تەپكەن قېرى... ياكى ئۇرغاندۇ. سەت ئالجوقا، ياق، تۇۋا، پەرىشتىدەك قېرىغان مومام، ئېسىل مېھرىبان چوڭئانام ئىدى. كۆيۈمچان، بىلىقتەك مومام. ئۇ گۆرنىڭ ئېچىگە كىردى، ئىسكىلىت تىرىلىپ تۇراتتى. مېيىتنىڭ سول تەرىپىنى تەستە پەرق قىلدى. ئوشۇق پارقىراپ نۇر چىچىپ تۇراتتى، ئۇ ئالدى، قوللىرى كۆيۈپ كەتكەندەك بولدى. سۆڭەكلىرى تىرىلىپ كەتتى. ئاھ مومايىنىڭ ئوشۇقى، سېنى بىر يىل كۈتتۇم، مازار چاشقىنىدەك ھەممە يەرنى كولاپ بولدۇم. قاڭقى ھوشۇقنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ كەتتى، يۈرىكىگە تاڭدى، ئاندىن گۆردىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. چىقىپلا يىتىپ قالدى. كۆڭلى كەتكەندەك بولدى. ئاھ خۇدا، قوغۇنۇمنى تېرىسام بولمامتى، بىلىقمنى، بۇلىقىمنى ئوينىسام بولمامتى. ماڭا قايسى كۈنلەرنى كۆرستەر ئەمدى بۇ ئوشۇق، مېنى راستىنلا مۇرادىمغا يەتكۈزەمۇ؟ !

ئاۋات شەھەرنىڭ كوچىسىدا قاڭقى تىنەپ- تەمتىرەپ يۈرەتتى. ئۇ خۇش بولۇپمۇ كەتمىدى، ماگزىنلارغا كىردى، چىقتى. ماگزىن ئەينىكىگە قارىسا ئۆزىنىڭ شۇ يىرگىنىشلىك بەدبەشىرىسى، مايماق ئېڭىكى، قارا ئورۇق يۈزى... بۇلار ئوشۇقا تۆلىگەن بەدەل. ئۇ ئاخىرى نېمىگە ئېرىشەر؟ قاڭقى بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ قانداقلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ مەتودەك دوقۇرۇپ يۈرۈۋەردى. بىر چاغدا بىرى دولىسىغا قاقتى. قاڭقى چۆچۈپ كەتتى. قارىسا بىرى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىغا بىر سومكىنى تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە سومكىنى قالايمىقان تاشلاپ قويماڭ، بىكار يۈتۈپ كىتىدۇ، دەپ كىتىپ قالدى. قاڭقى ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولغۇچە ئۇ ئادەم كۆزدىن غايىپ بولغانىدى. ئۇ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

قاڭقى ئوشۇقنى ئېلىپلا بۇ يانغا ماڭغانىدى. ئۇ ھېچنەرسە ئويلىماي، پەقەت شەھەرگە بارساملا بولدى، دەپ كېچىلەپ ماڭغانىدى. ھازىر نېمە قىلارىنى ئۇقماي تۇرۇپ قالدى. سومكا خېلى ئېغىر تۇراتتى. مۇنداق چىرايلىق سومكىنى ئۇ بۇرۇن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، ئېچىپ قاراپ بېقىشقا پېتىنالمىدى، تەستە مېڭىپ كوچىغا چىقتى. نەگىلا قارىسا مىغىلداپ تۇرغان ئادەم، قاراپ باقايچۇ دەپ خىلۋەترەك بىر يەرنى تەستە تاپتى. سومكىنى يەرگە قويدى. لېكىن ئاياغ ئاۋازى ئاڭلىنىپ توختاپ قالدى. بىر ئايال ئۇنىڭ كۆزىگە يىقىملىق قارىدى. بېلىقىا ئوخشىمىسىمۇ بەك پۇزۇر ئايال ئىكەن دەپ ئويلىدى ئۇ، يۈرىكى پۇكۇلداپ كەتتى. كۆزىنى ئېلىپ قاچىسىمۇ ئايال ئۇدۇل كېلىۋەردى. قاڭقىغا سالام قىلدى. قاڭقىمۇ سالام قايتۇردى. ئاغزىنى تەستە مىدىرلىتىپ سومكا سىلىنىڭمۇ؟ دېمەكچى بولۇۋاتقاندا ئايال:

- سەرادىن كەللىمۇ؟ - دەپ سوراپ قالدى.

- ھەئە، بۇ... - دەپ قاڭقى تۇرۇپ قالدى.

- بۇرۇن كېلىپ باققانمۇ؟

- ياق، كەلمىگەن، تەلەي سىناي دەپ بىر كەلدىم. راست مامۇت كۈرۈك. بىز دوست ئىدۇق. شۇنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم.

- كىم؟ مامۇت ئىسىملىك ئادەم تولا، كۈرۈك دېگەن ئادەمنى ئاڭلاپ باقماپتىمەن.

- زەيكەشتىن كەلگىلى بىر يىل بولمىدى. ئېگىز قاڭشارلىق ئادەم.

- ھە، راست مامۇت ھاجىم. قويسىلا يىگىتچاق. مەن بۇرۇن ئۇنى ياخشى كۈتكەنىدىم. ھازىر مەندىن چاندى. نىمە، بىرەر مەدىكارچىلىقى بولسا قىلىپ بېرەي دەپ كەلگەنمۇ؟ يا باشقا ئىشقىمۇ؟

- ياق، مەن ئۇنىڭ بىلەن قىمار ئوينىغىلى كەلدىم.

ئۇ ئايال بىردەم قاراپ قالدى. ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدىغاندەك تۇرۇپ كەتتى. قاڭقى بۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە نېمىشقا مۇنداق يىقىنچىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى بىمالال تۇتۇۋاتقانلىقىغا ھەۋىسى كەلدى.

- نېمە ھۈنەر قىلدىلا؟

- ھۇنىرىم يوق. قىمار ئوينايمەن،- دېدى قاڭقى. شۇ تاپ ئۇ سومكىسىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى.

- گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دەيدىكەنلا. لېكىن بۇ تۈرقلىرى بىلەن شەھەردە ھېچ ئىشنى بىر باشقا چىقىرالمايلا. بەك تەس. ناۋادا خالىسام بىر ئاي ئىچىدە بۇ شەھەردىكى ھەرقانداق ئادەمدىن قېلىشمىغۇدەك پەيزى يىگىت قىلىۋېتىمەن، - دېدى.

- نىمە شەرت بىلەن؟ - دېدى قاڭقى ئېڭىكىنىڭ ئۇڭلىنىشىغا ھەرگىز ئىشەنمەي.

- سومكىدا نېمە بارلىقىنى بىلەمدىلا؟- دەپ سوراپ قالدى ئايال.

- ياق، - دەپ جاۋاب بەردى قاڭقى.

- ئۇنداقتا بىلمەيلا قويسىلا. ئۇ سومكىنىڭ سىلىنىڭ ئەمەسلىكىنى بىلىمەن. مەن بىر كۈن پېيىدا يۈردۈم. قىزىق، كېيىن سىلىنىڭ قوللىرىغا چۈشۈپ قالدى. شۇنى بەرسىلە، باشقا نەرسە تەلەپ قىلمايمەن،- دېدى.

قاڭقىنىڭمۇ مۇنداق يۈرۈۋەرگىسى يوق، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۈرۈكنى تېپىشى كېرەك ئىدى.

قاڭقى يېڭى كىيىملەرنى كىيدى. ھېلىقى ئايال تاماق ئېتىپ بېرەتتى، كېچىچە ئۇنىڭ بەدىنىنى يۇمشاق قوللىرى بىلەن ئۇۋۇلاپ چىقاتتى، مونچىغا چۈشۈرەتتى. تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرەتتى. مېڭىش- تۇرۇشنى ئۆگىتەتتى. ئىشقىلىپ قاڭقىغا ئۆزىنىڭ ئەمدىلەتىن ئايىقى چىقىۋاتقاندەك بىلىندى. كۆپ ئۆتمەي تېرىلىرى يۇمشاپ، رەڭگىمۇ ئاقىرىشقا باشلىغانلىقىنى ھىس قىلدى. ئۇ كۈندۈزى راسا ئۇخلايتتى. كېچىچە بەك ھېرىپ كېتەتتى، ئايالنىڭ ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئەركىلەشلىرى ئۇنىڭ ھالىنى قويمايتتى. تاماقلار شۇنداق مەززىلىك ئىدى. يوتقانلار، ئولتۇرىدىغان يەرلەر... ئىشقىلىپ قاڭقى مەمەت چەكسىز ھۇزۇر ئىچىدە ياشاۋاتاتتى. سومكىنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتتى. مومايغا بىر نەچچە قىتىم دۇئا قىلدى. چۈقۇم مازىرىنىڭ قېشىغا مەسچىت سالدۇرىمەن، دەپ ئۆزىگە قەسەم بېرەتتى، كېيىنرەك مازارلىقنىڭ بەك يىراق ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ مەسچىت سالدۇرغانىنىڭ پايدىسى يوق، شۇنداق تۇرىۋەرگەن تۈزۈك، ياق، بىر گۈمبەز سالدۇراي، كۈرۈك ھاجىم بولغاندەك مەنمۇ ھاجىم بولۇپ قالسام مومايىنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبىزى بولسا، مېنىڭ ئىناۋىتىمگىمۇ پايدىسى بار دىگەنلەرنى خىيال قىلدى. ئاخىرىدا، مومام بۇ ئايالنىمۇ ئاتايىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانمۇ يە؟ دەپ چوكاننىڭ كۆزىگە ئۇزاق قاراپ كەتتى. لېكىن مەنىلىك قاراش ۋە جىلۋىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى ھېس قىلالمىدى. نېمىدىگەن راھەت، ھۇزۇر، جەننەتمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا سىرلىقلىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ، بېلىقمۇ ئۇ ئايالدەك سىلىق ئەمەس دېگەن يەرگە كەلدى.

ۋاقىت بەك تېز ئۆتۈپ كىتىۋاتاتتى. قاڭقىنىڭ بۇ يەردىن زادى كەتكۈسى يوقتەك ئىدى. بىر كۈنى قاڭقى مەمەت ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ئايال نۇقۇپ ئويغىتىپ قالدى. ئاندىن، بازارغا چىقمىز، دەپ يېڭىلا ئېلىپ كىرگەن كاستوم- شىمنى كىيگۈزدى. قولىدىن يىتىلەپ تالاغا ئېلىپ چىقتى. قاڭقى سىرتقا چىقىپ، كۆزىنى ئاچالمايلا قالدى. ئۇنىڭ پەقەت چىققۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا خۇددى جەننەت ئىشىكىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك، ئەمدى قايتا كىرەلمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى. يۈرىكى ئاغاتتى. قاڭقى مەمەت گاراڭلىقتا قايسى ئۆيدىن، قايسى كوچىدىن قانداق بازارغا چىقىپ قالغانلىقىنى ئۇقالمىدى. بىر يەرگە كەلگەندە ئايال:

- ھەي سەھرالىق، ئەمدى ئۆزۈڭ مېڭىپ باق!- دەپلا غايىپ بولدى. قاڭقى يۈرىكىنىڭ شۇررىدە ئېرىپ كېتىشىدىن ئۆزىنى ئاران ساقلاپ قالالىدى، ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىدى. قاڭقى ماگىزىن ئەينىكىدىن ئۆزىنى قايتا كۆرگەندە ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئايالدىن مىڭ مەرتە رازى بولدى . ئۇنى سېغىندى.

ئۇنى پەرىشتە، دەپ ئاتىدى. كوچىلاردا خېلى ئازادە مېڭىپ يۈردى. كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىدىن مەغرۇرلاندى. لېكىن ئۇ ئايالنىڭ ئىسمىنىمۇ ئۇقمايدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆپ ئەپسۇسلاندى. ئۇنىڭ قېشىغا كەچتە كەتكۈسى كەلدى. بىراق نىشاننى پەرق قىلالمىدى. بۇلار خۇددى خىيالدەك، ياكى بىرى سۆزلەپ بەرگەن چۆچەكتەك تۇراتتى.

ئۇ بىر نەچچە كۈن لاغايلاپ كۈن كەچۈردى. بۇ كۈنى توخۇ سوقۇشتۇرۇش مەيدانىغا كېلىپ قالدى. ئوتتۇرىدا بىر چوڭ، بىر كىچىك خورازنى بىر- بىرىنى قان قىلىپ سوقۇشتۇرۇپتۇ. بىرى دو چىقىدىغان بامۇ ! دەپ قاڭقىنىڭ كۆزىگە قارىدى. قاڭقى تەمتىرەپ قالدى. تەۋەككۈل قىلىپ نەچچىنى دېسە شۇنچىگە دو چىقتى. قاڭقى كىچىكىگە تۇردى. ئۇ بايۋەچچە چوڭىغا تۇردى. ئەتراپتىكىلەر قاڭقىنىڭ ئەخمەقلىكىگە قاراپ ئۇنى كالۋا دەپ قويىدى. ئىككى خوراز راسا سوقۇشۇشقا باشلىدى. كۆپ

ئۆتمەي چوڭ خوراز سەل ھېرىۋىدى، كىچىكى تۇيۇقسىز ئارقا- ئارقىدىن سەكرەپ ئىككىنى تەپتى. چوڭى ئۇڭدىسىغا چۈشۈپ قوپالمىدى. تىپىرلاپ يېتىۋەردى. كىشىلەر قاڭقىنىڭ مۇنداق ئالدىن بىلەرلىكىدىن ھەيرانۇ ھەس بولۇشتى. ئۇنى ئىنتايىن تەجرىبىلىك قىمارۋاز، دەپ ماختاشتى. ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلدى. كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ ئۆلپەتلىرى كۆپىيىپ كەتتى. ئۆزىمۇ خېلى پۇل تۇپلىۋالدى، لېكىن ھىلىقى ئايال ئىزدەپ كەلمىدى. ئۇ ئۆيىمۇ سېتىۋالدى، باشقىلارنىڭ مەسلىھىتى بىلەن بىر كىچىك دۇكانمۇ ئېچىۋالدى. شۇنداق قىلىپ قاڭقى بەزىدە ئەزەلدىن مۇشۇ يەردە ياشاپ كېلىۋاتقاندەك، بۇرۇنقى كۈنلىرىنى تېخى ئاخشام چۈشىكەن چۈشىدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتىۋەردى. قاڭقى بىر كۈنى دۇكاندا ئولتۇرسا بىرى كىرىپ كۆرۈشتى. زەڭ قۇيۇپ قاراپ ئالدىدا مامۇت كورۇكنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى، تەرلەپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇمىغىنىغا ھەيران قالدى. ئۇلار بىردەم سودا- تىجارەت توغۇرلۇق پاراڭلاشتى. ئاخىرى قاڭقى مېنىڭ ئىسمىم قاڭقى مەمەت، زەيكەشلىك دىگەندە ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. لائىلاھە... دەپ ياقىسىنى چىشلەپ، ئارقىسىغا قارىماي بەدەر كىتىپ قالدى. قاڭقى ھەي مېنىڭ نامىمنى ئاڭلاپ بىر ئويناپ باقاي دەپ كەپتىكەن ئەمەسمۇ، ھەي، چاتاق قىپتىمەن ئەمەسمۇ، دەپ ئەپسۇسلاندى. ئاردىن كۆپ ئۆتمەي كورۇك يەنە كەلدى. بۇ قېتىم ئۇ شۇنداق دوستانە ئىدى، تېخى قاڭقى دەپمۇ قويدى. قاڭقىمۇ ئۇنى كورۇك دەپ قويدى، لېكىن ئىككىلىسى ئەتراپقا قاراپ قۇيۇشتى.  قاڭقى كورۇكنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى، ئولتۇرۇپ چاي ئىچىپ پاراڭلاشتى. مەھەللە- كويلاردىكى دوستلىرىنى سورىدى. ئاخىرى گەپ تاپالماي بىر- بىرىگە قاراپ قېلىشتى. مامۇت كورۇك مەن سىنى كۈتۈۋېلىشىم كېرەك، دەپ ئۆيىگە باشلاپ تۇرۇۋالدى، قاڭقى تۇزۇت قىلدى، ئۇنىمىدى، كورۇكمۇ قويۇۋەتمىدى. كوچا ئايلىنىپ خېلى ئۇزۇندا بىر ئۆيگە كىلىشتى. كورۇك ئىشكىنى بىرخىل رىتىمدا خېلى قاقتى. ئىشكىنى بىر موماي چىقىپ ئاچتى. ئۆي ئىچى ئاجايىپ ھەيۋەت، سالقىن، ئازادە، ئۆزىگە لايىقلىقى بار ئىكەن. گۈل نەقىشلىك تام- تورۇسلار، ئېسىل ئۆي جابدۇقلىرى... ھەي، دەپ قالدى قاڭقى، كۆڭلىدە شۇ كورۇك ئەجەب بېيىپ كېتىپتۇ، كونا ھۈنەرنى تاشلىغان ئوخشىمامدۇ، دەپ ئويلىدى، ئىچىدە يەنە خەپلەشنىمۇ ئۇنتۇمىدى. كورۇك ئايالىنى ئەكىلىپ كۆرسەتتى. قاڭقىنىڭ بىر قاراپلا يۈرەكلىرى پۇلاڭلىشىپ كەتتى. تولغان ساغرلىرىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالدى. كورۇك بولسا پەخىرلەنگەندەك تۇراتتى ۋە ھە، مەزەگە باقىلى، دەپ توختىماي تەكلىپ قىلاتتى. گەپ ئارلىقىدا مامۇت ئۇنىڭدىن شەھەرگە قانداقسىگە كېلىپ قالغانلىقىنى كوچىلاپ سوراۋەردى. قاڭقى ئالتۇن مەندىلا بار دەپ ئويلىما، جۇمۇ، دەپلا قويدى.

ئۇلار شۇنداق يىقىن ئۆتىۋەردى، قاڭقى ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ يۈرىۋەردى. ئاخىرى كورۇكنىڭ ئاغزى قىچىشتى. بىر كۈنى ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ مېھمان قىلدى. ئاندىن ئىچىمىز پۇشۇۋاتىدۇ، دەپ قارتا ئەكەلدى، بىكارلىق ئويناشتى. مەززىسى يوقكەن دەپ ئازراقتىن ئۇل تىكىشتى. بارا- بارا كۆپەيتتى. كورۇك شۇ كېچىدىلا قاڭقىغا نۇرغۇن ئۇتتۇرۇۋەتتى. قاڭقى بەك تەستە مومايىنى مىڭنى تىللاپ يۈرۈپ ئاران بىر قېتىم ئۇتتۇرۇپ بەردى. كورۇك كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ خىرىسمۇ قىلدى، بىراق ئاقمىدى.

كېيىن ئۇلار خېلى كۈنلەرگىچە بىر- بىرىنى ئىزدەشمىدى، ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇلغا كورۇكنىڭ ئىچى ئېچىشتى. ئاخىرى يەنە ئۆزى كېلىپ تەكلىپ قىلدى. قاڭقى ئوينىمىدى. كورۇك ئۇنىمىغانىغا قويمىدى. ئۇلار ئاز- پاز ئويناپ قويۇشتى. قايتىدىن يىقىن دوست بولۇپ قالدى. قاڭقى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بىمالال كىرىپ چىقىپ تۇراتتى. بىر قېتىم كورۇكنىڭ ئايالى ناز بىلەن قېشىدىن ئۆتكەندە قاڭقى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنى كۆرسە يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كېتەتتى، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمىدى، پەيت كۈتتى، ئامال بولمىدى، نەپسى تاقىلداپ كەتتى، ئىشق ئوتى قىيناپ ھالىنى قويمىدى.

بىر كۈنى قاڭقى مەمەت چوتاچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كورۇكنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇمۇ نېمىگە كېلىشكەنلىكلىرىنى بىلىپ، چوتاچىلىرىنى ئادەم ئەۋەتىپ ئەكەلدۇردى. ئالدىدا قوساقنى ياخشى تويغۇزۇشتى. كېيىن ئايرىم ئۆيگە كىرىپ ئويۇننى باشلاشتى. بۇ دۆرەم ئوشۇقتا ئويناشتى. دەسلەپتىن تارتىپ كورۇك ئۇتتۇرىۋەردى. پۇللىرىنى تىكىپ بولدى. ئاغىنە دەپ قاڭقىدىن قەرز ئالدى. يەنە ئۇتتۇردى. ئوشۇق ئاتسىلا چۇ، ياكى ئالاچۇ چۈشەتتى. قىماردا بۇرۇن خېلى نامى چىققان بۇ كورۇكنىڭ نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي بېشى قاپاق بولۇپ كەتتى. ساڭا باش ئىگەمدىمەن قاڭقى تاز، دەپ دو چىقىۋەردى. تاڭغا يىقىن ئۆينىمۇ باھالىتىپ ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئاران تەستە ئېسىگە ئالالىدى. قاڭقى يۈرىكى توختاپ قالغاندەك سالقىن ئويناتتى، ئۇنىڭ ئۇششۇقلۇق قىلىشلىرىغا پىسەنت قىلمايتتى. ئۆي خېتى ۋە كورۇكنىڭ ھۆججىتى قاڭقىنىڭ قويىنىدىن چىقىپ تۇراتتى. كورۇك تەن بەرمەي يەنە ئوغۇل بالىچىلىق، دەپ ۋارقىراپ قوياتتى، ئاۋازى شۇنچە زەئىپ

ئىدى. ئۇ قاڭقىدا نېمە كارامەت بارلىقىنى زادىلا ئۇقالماي قالدى. ئاخىر ئۆزىنى كاچاتلاپ يىقىلدى، يالۋۇردى. بىز بىر يۇرتلۇق، كىچىكىمىزدىن بىرگە ئۆسكەن، دوستلۇقىمىزنىڭ يۈزىنى قىل، دېدى. قاڭقى گەپ قىلماي تۇرىۋەردى. ئۇ ئاخىرى ھەي دەيۈز كاپىر ! كۆڭلۈڭدىكىدەك بولسۇن، خوتۇنۇمنى تىكتىم، دەپ ۋارقىردىۋ، سولىشىپ سۆزىنىڭ ئاخىرى پەسلەپ كەتتى. ئىككى تەرەپىنىڭ بازبازچىلىرى گۇۋاھ بولدى. قاڭقى مەمەت ئۇتقان پۇل، ئۆي- جاينىڭ ھەممىسى بىلەن كۇرۇكنىڭ خوتۇنىغا دو چىقىدىغان بولدى. كۇرۇك ئۇتسا ھەممىگە، خوتۇنغىمۇ ئىگە بولىدىغان بولدى. كۇرۇك تەرلەپ تەپچىرەپ چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى، چىقىپ تەرەت ئېلىپ بىر ۋاق نەپىمە ناماز ئوقۇدى، سۆرىلەرنى ئوقۇپ ئۆزىگە ھۈرۈپ تۇردى، قاڭقى ئىچىدە ھۆرى مومام بىلىقتەك مومام... دەپ پىچىرلايتتى. ئاخىرى باشقىلارنىڭ دەۋتى بىلەن كۇرۇك يا شاھى مەردان دەپ ئوشۇقنى ئاتتى- دە، دەرھال بۇزۇۋەتتى. ئۇششۇقلۇق قىلىپ، قولۇم تىترەپ كىتىپ چۈشۈپ كەتتى، دەپ تۇرىۋالدى، كۆپ تولاشتى. قاڭقى بولاپتۇ، دەپ يول قويدى. قاراپ تۇرغانلار قاڭقىنىڭ مەردلىكىدىن ھەيران قېلىپ بارىكاللا ئېيتىشتى. كۇرۇك ئوشۇقنا سۆرە ئوقۇپ ھۈرىۋەردى، باشقىلار يەنە ئالدىراتتى. ئاخىرى ئاتتى- دە، ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. كۆرۈپ تۇرغان چوتاچىلار قېتىپ قالدى. بىرى كۇرۇككە سۇ چېچىپ تۇردى.

قاڭقى كەلگەنلەرگە چوتانى ئايىماي بەردى. كۇرۇكنىڭ ئادەملىرىنىمۇ كەڭ قوللۇق بىلەن رازى قىلدى. كۇرۇك ھوشىغا كېلىپ مىڭ تەستە خوتۇنىنى تالاق قىلدى. خوتۇنىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ، بىر كوپلېت بېيىت ئوقۇدى:

ئەي دىلرابا ئۆلەرمەنمۇ ئوتۇڭدا كۆيۈپ،

دوزاختىمۇ يۈرمەس ئىدىم مۇنچىلا كۆيۈپ.

ئاخىرىنى چۈشۈرەلمەي ياقىسىنى پارە- پارە قىلىپ قار- يامغۇر يىغلاپ كەتتى. شېرىكلىرى ئوغۇل بالىچىلىق، دەپ ئۇنى تەستە يۆلەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. قاڭقى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي خوتۇنىنىڭ خانىسىگە ئېتىلدى. باشقىلار ھاي، شەيتانغا ھاي بەرسىلە، نامەھرەم، ئىددەت دەپ ئۇنى تەستە تۇتۇۋالدى.

قاڭقى مەمەت ئۈچ ئاينى شۇنداق تەستە، كۈن ساناپ ئۆتكۈزدى. شۇ خوتۇنىنىڭ ۋىسالىدا كۆيۈپ ھالسىزلاندى. ئاخىرى ۋاقتىمۇ توشۇپ، تۆت ئادەمنى گۇۋاھ قىلىپ ئۇنى ئۆزىگە نىكاھ قىلدۇرۋالدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىنى بېھىشتىكى كۈنلەر، دەپ ئاتايدىغان بولدى. ئۇنىڭ قىزغىنلىقىدىن مەست- خاراموش بولۇپ يېتىۋەردى. ئۇ بەڭنى تەڭ چېكىشىپ بېرەتتى. چوتاچىلىرى قاڭقىنى ئىزدەپ كېلىپ قىمارغا قىزىقتۇرالمىدى. ئۇ كۈندۈزى خوش ياقسا دۇكان ئاچاتتى. بولمىسا ئۆيدە خوتۇنىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇۋېلىپ ئۇخلايتتى، ياكى ئۇنى چىمدىپ ۋارقىرىشىدىن ھۇزۇر ئالاتتى. يىلمۇ ئۆرۈلدى، خوتۇنى ئېغىر ئاياق بولدى. قاڭقىنىڭ ئىشقى ھەسسىلەپ ئېشىپ باراتتى. ئۇنىڭ نېمە گېپى بولسا ئاڭلايتتى، ھەرقانداق تەلىپىنى ئىجاۋەت قىلاتتى. لېكىن دائىم كىمنىڭ بالىسىدۇ! مېنىڭمۇ ! ياكى كۇرۇكنىڭ ياكى ئۈچ ئاي ئىچىدە... دەپ ئۇزاق ئويلىناتتى. يۈرەكلىرى پۇچىلىناتتى. سوراپ بېقىشقا ئاغزى كۆيەتتى. بەزىدە شۇ چاغلاردا نەدە بولغىيتىڭ؟ دەپ قايتا- قايتا سوراپ قوياتتى. خوتۇنى ئۇنىڭ قىماردا مۇنداق تەلىيى كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ تۇرۇۋالاتتى. قاڭقى گەپنى ئېلىپ قېچىپ نەچچە قېتىم جاۋاب بەرمىدى. ئايال دۇتارنى شۇنداق مۇڭلۇق چالاتتىكى، تارىلار تىلى باردەك سايراپ كېتەتتى. قاڭقى كېچە- كۈندۈز ئەيشى- ئىشرەتلىك ھايات كەچۈرۋاتاتتى، شۇ شېرىن كېچىلەرنىڭ تاڭغا ئۇلاشقانلىقىنى كۆرگەندە ئەپسۇسلىنىپ كېتەتتى. ئايالنىڭ قۇچىقىدىن چۈشكىسى كەلمەيتتى. ئۇ كېچىكىدىن كەتمەن چېپىپ جاپالىق ياشاپ كۆنگىنىگە قارىماي مۇنداق راھەت تۇرمۇشقا بەك ئىجىل بولۇپ كەتتى. شۇ ئوشۇقى قولتۇقىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. پات- پات خوتۇنىنىڭ بىر يەرلىرىگە پېتىپ، ئۇنى چىرقىرتىپ سالاتتى. بىر قېتىم بۇ ئوشۇق خوتۇنىنىڭ كۆكرىكىگە پېتىپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقىدا بىر چىرقىراپ، ھەي مەمەت، بۇ نېمىنىڭ ئوشۇقى؟ يا بۆرىنىڭ ئوشۇقىغا ئوخشمايدۇ، چوشقىنىڭمۇ، ئىتنىڭمۇ، دەپ سورىدى. قاڭقى دەسلەپ تەرلەپ كەتتى. تەڭقىسلىقتا قالدى. كېيىن سورىمايلا قويساڭ بولاتتى. بۇ بىر قېرى چوشقىنىڭ ئوشۇقى، بىراق ئامەتنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭدا. بۇ بولسا ھەممىنى قىلغىلى بولىدۇ، دېدى. خوتۇنى بىر ھازا ئاغزىنى ئېچىپ

ھەيران بولۇپ تۇردى. كېيىن چوشقىنىڭ دەپ يىرگەنگەندەك بولدى، تەتۈر قارىۋالدى، ئاندىن ئىتتىك ئۆرۈلۈپ ئۇنى قۇچاقلاپ مەمتىم، گۆھرىم، دېگىنىچە سۆيۈپ كەتتى. قاڭقى مومىسىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى، ئۇخلىسىمۇ چۈشىگە كىرمەيتتى.

يىل ئۆتۈپ كەتتى. قوغۇن پىششىقا باشلىغان بىر كۈنى تالادا شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى، قاڭقى مەمەت يېرىم كېچىدە مەستلىكتىن تەستە يېشىلدى. خوتۇنى تۇغقىلى كەتكەچكە ئۆيدە يالغۇز قالغانىدى. قارىسا گىلەمنىڭ بىر مۇنچە يېرىگە قۇسۇۋېتىپتۇ. قوپۇپ سوغوق سۇدىن راسا ئىچكەنىدى، بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىپ كەتتى، تالادا يامغۇرنىڭ تال بارىڭىغا شارىلداپ قۇيۇلۇۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بېشى گاراڭ ھېچ نەرسە كاللىسىغا كىرمەيتتى. بىر چاغدا ھويلىدا بىرىنىڭ پاتقاق كېچىپ يۈرگەنلىكىنى تۇيدى، كاللىسى سەل سەگەكلەشتى. زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە تىرىشىپ ئۇزاق ئويلاندى. كىمدۇ بۇ يامغۇرلۇق كېچىدە ئۇنى ئىزدەپ كەلگەندۇ؟ ئىشكنى ئېتىشنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ يا؟ بىردەمدىن كېيىن ھەربىر ئىشكنى ئىتتىرىپ باققان ئاۋاز كەلدى. بەزى ئىشكلەر غىچ قىلىپ ئېچىلىپ يەنە يېپىلىپ قالاتتى، قەدەم ئاۋازى رىتىمسىزدەك قىلاتتى. خوتۇنى قايتىپ كەلدىمىكىن دېسە بۇ مۇمكىن ئەمەس. مانا قەدەم تاۋۇشى يىراقلاپ كەتتى. قاڭقى مەمەت يۈرىكىنىڭ دەھشەتلىك سىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بىردە توختاپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. مەستلىكى ئاللىياقلارغا يوقاپ كەتتى. ئىشىك ئىتتىرىلدى، ئېچىلمىدى. قاڭقى خىرقىراپ 《كىم ؟!》 دەپ توۋلىدى. ئىشىك ئىتتىرگەن ئاۋاز يوقاپ كەتتى، جاۋابمۇ بولمىدى. ئاردىن شۇنداق ئېغىر بىر مىنۇت ئۆتتى. ئىتتىرگەن ئاۋاز قايتا ئاڭلاندى. ئاخىرى ئىشىك ئىلگىكى ئۆزلۈكىدىن شاراقشىپ چۈشۈپ كەتتى، ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى. تالادىن سوغۇق شامال ئارىلاش يامغۇر پۈركۈپ ئۇسۇپ كىردى. بۇسۇغىدىن پەرەنجىگە ئورۇنۇۋالغان بىرى ئۇك پۇتىدا ئاتلاپ كىردى. ئۇنىڭ تۇرقى بەك سەت ئىدى. قاڭقى داجىپ تامغا چاپلىشىپ قالدى. كىرگەن كىشىنىڭ ئەر ياكى ئاياللىقىنى بىلىپ بولمايتتى، بىر پۇتى تېخى تالادا ئىدى. قاڭقى ئۇ كىشىنىڭ ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئۇنىڭ دۈمچەك تۇرقى تۇنۇشتەكلا قىلاتتى. قاڭقى ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇ بىردە ئەرۋاھقا ئوخشىغاندەك كۆرۈنەتتى، ئۇچىسىدىن يامغۇر تامچىلاپ تۇراتتى. قاڭقى مەمەت چىراغ يېپىنى تەستە تاپتى ۋە چىراغنى ئىتتىك يېقىۋەتتى. ئالدىدا ئاق كىيىمى تىتىلىپ كەتكەن بىرى تۇراتتى. ئۇنىڭ سول پۇتى توگۈكلۈك ئىدى. ئوشۇقىنىڭ پەس تەرىپى ساڭگىلاقلىق، بوشلۇقتا ئېسىلىپ تۇراتتى. قاڭقى مومىسىنى بىردىنلا تونۇدى، ۋارقىراپ تاشلىدى. ئاۋازى چىقماي قالدى. موماي ئاقساقلاپ، زورۇقۇپ قاڭقىنىڭ ئالدىغا كەلدى. چىرايى بەك مىسكىن كۆرۈنەتتى. ئاغزىنى ئۆمەللىدى.

ـ ھەي، دەيۈز ھارىمى، ئەھدىڭگە ۋاپا قىلغىنىڭ، مېنى ئۇنتۇمىغىنىڭ قېنى؟! ئوشۇقۇمنى قايتۇرۇپ بەر! ـ دېدى. قاڭقى مەمەتنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالدى، بىر نېمە دېيىشكە ئۇرۇنۇپ باقتى. قولتۇقىدىن بىر نەرسە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ھاسا پىرقىراپ كېلىپ ئېڭىكىگە تەگدى...

كېيىنكى ئىشلار تازا ئېسىدە يوق. ئېڭىكى تۇزلىنىپ قاپتۇ. يەنە شۇ سارىيىدا يېتىپتۇ . قاڭقى جۆيلۈپتىمەن دەپ ئويلاپ قالدى. لېكىن بىردىن قولتۇقىنى سيلاپ بېقىپ تاتىرىپ كەتتى. 《 توۋا، بۇ ئىت قېرى، گۆردىن قانداق چىققاندۇ؟ 》 دەپ ئويلىنىپ كەتتى. لېكىن ھېچ نەرسىنى ئۇقالمىدى. ھېچقانداق جاۋاب تاپالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىشلار تەتۈرسىگە ئايلانغىلى باشلىدى. بۇرۇن ئۆزىگە ئۆتتۈرۈۋەتكەنلەر ئەمدى دېيىشۋالغاندەك ئۇنى ئىزدەپ كېلىۋەردى. قالغىنى يېرىم يىلغا ئاران توشىدى. خوتۇنى تولا يىغلاپ يۈرۈپ خېتىنى ئالدى. قاڭقى ئورۇقلاپ قۇرۇپ كەتتى. ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۆجىزە بولۇپ قالدى.

قاڭقى سازلىقىقا كەلدى. سازلىقنىڭ يىراق چېتى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەتراپتا قومۇش تورغاقلىرى ئېغىر بېشىنى لىڭشىتىپ تۇراتتى. قومۇش تېگىدە كىچىك بېلىقلار ئاغزىنى سىرتقا چىقىرىپ ماكىلدىغان ئاۋاز چىقىراتتى. ياۋا ئۆردەكلەر كۆرۈنمەيتتى. ساپسېرىق بىر قۇش يېقىن ئەتراپتا قۇيرۇقىنى لىكىلدىتىپ ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ تۇراتتى. بۇلاقلار ئوخشاشلا پۇرقىراپ چىقىۋاتاتتى. قاڭقى سەل چوڭراق بۇلاقتىن بىرنى تېپىپ ئوچۇمىغا سۇ ئېلىپ ئىچتى. سۇنىڭ سوغوق تەمى بىر ۋاقىتلاردىكىگە شۇنداق ئوخشاپ كەتتى. قاڭقى يىغلاپ سالدى. قىرغاق تۈۋىگە كەلگەندە كىچىك بېلىقلار گۇررىدە تارقاپ كەتتى. قاڭقىنىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى. بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇردى. ئۇلارنى لەش بىلەن قوشۇپ قىرغاققا ئاتقۇسى كەلمىدى. ئۇ شۇ پېتى ئۇزاق تۇردى. ئۇ ئويلىناتتى. ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. بىردەم ئىشىنەتتى. قايتا گۆر قازماقچى، بارلىق شۇ مازاردا ياتقانلارنىڭ ئوشۇقىنى ئۈشتۈپ ئېلىپ بازارغا ئاپىرىپ ساتماقچى بولاتتى. ئېڭىكىنى تۇتۇپ باقاتتى. قوقاقنىڭ يارا ئىزلىرى تېخى بار ئىدى.

قاسىم باي توكۇر پېتى كېلىپ چۈشىدە ئۇنى سۆككەنلىكى ئېسىگە كەلدى. بىر ۋاقىتتا شىپىرلىغان ئاۋاز كەلدى. قاڭقى بىر قاراپ مامۇت كورۇكنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. قاڭقى قىمىرلاپمۇ قويمىدى. بۇ ۋاقىت ھاۋا بىر ئاز سەلكىنلەپ قالغانىدى، كورۇك ۋارقىرىدى. قاڭقى قاراپمۇ قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن مامۇت كورۇك قاڭقىغا يېقىنلاپ كەلدى. قولىدا پىچاق تۇراتتى. قاڭقى ئوغۇل بالا بولساڭ پىچاقنى تاشلىۋەت ! دەپ ۋارقىرىدى. ئارقىدىن يەنە بىر نەچچىنى ۋارقىرىدى. مامۇت كورۇك پىچىقنى يەرگە سانجىپ قويدى. ھايت- ھۇيت دېگۈچىلىك ئارلىقتا قاڭقى كورۇك بىلەن پومداقلىشىپ كەتتى. ئۇشۇققىچە، تىزغىچە ئالىدىغان دۆڭ سۇدا خېلى مۇشتلاشتى. بىر- بىرىنى تۇنۇۋالغۇسىز بولۇپ كەتتى. يۈز- كۆزىنى لەش، قارا لاي قاپلاپ كەتتى. زەيكەشنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ كەتتى. يەنە چىقتى. ئاخىرى ماجالى قالمىدى. ئاخىرى بىر- بىرىنى قويۇۋەتتى. قاڭقى سۆرىلىپ قىرغاققا چىقتى. ئارقىدىن كورۇك چىقتى. ئۇلار بىر- بىرىگە ئۇزاق قاراپ كەتتى. بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى. قاڭقى تېكىننىڭ چېچىغا چاپلىشىپ قالغان كىچىك بېلىقلارنى كۆردى. يەنە كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كەتتى...

**1990- 6- 28**

# ئۇ خەلقلەر

**1**

رەشىت ئوت كولىغۇچنى يەرگە توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ ئولتۇراتتى. مەشكە شۇنچە يېقىن ئولتۇرسىمۇ دۈمبە تەرەپتىن سوغۇق ئۆتۈپ مۇرىسىنى قورۇيتتى. ئۇ قىزىپ كەتكەن تىزلىرىنى سىيلاپ قويدى. ئوت مەشنىڭ ياپقۇچىدىن تورۇسقا ئۈچ ھالقا نۇر چۈشۈرۈپ، ئۆينىڭ يۇقىرى تەرىپىنى يورۇتقان. مەشنىڭ كۆل تارتىش ئېغىزىدىن چۈشكەن ئوت شولىسى يەرنىڭ خېلى يېرىنى يورۇتۇۋەتكەن ئىدى. ئۆي ئىچى جىمجىت، بەزىدە مەشتىكى كۆمۈرنىڭ ئانچە- مۇنچە پاراسلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئۇدۇلدىكى كارىۋاتتا گۈلقىز تىپتىنچ ئۇخلاۋاتىدۇ ياكى ئۇ ئويغاقتۇر. ئۇ مۇشۇنداق ياتقىنىغا خېلى ئۇزۇن بولدى. ئۇنىڭ كېلىشى بۇ ئائىلىنىڭ تەرتىپىنى بۇزۇۋەتكەن ئىدى.

رەشىت ئۇنىڭ دەسلەپ ئېلىپ كېلىنگەن ۋاقتىنى ئويلاپ قالدى. ئۇ چاغدا ئايالى مەڭدەپ تۇرۇپ قالغان، يىغلىيالماي قاتتىق قىينالغان ئىدى. ئۇنىڭ شۇ بىرلا بىر تۇغقىنى بار ئىدى. ئۆزىمۇ نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى ئۇقالماي تېڭىرقاپ قالغانىدى. ئەمەلىيەتتە رەشىت ئۇنىڭدىن بەكرەك قايغۇرغانىدى:

- بولدى، قايغۇرمىغىن. ئۆزەڭنى بېسىۋال- دېگەنىدى ئۇ.

ئايالى:

- نېمە دەيدىغانسىز، مېنىڭ مۇشۇ بىرلا سىڭلىم تۇرسا، تېخى ئانامۇ بولمىسا، مەن قانداق قىلارمەن... - دەپ يىغلاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى يىغىغا ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇ توختىماي ئېسەدەيتتى.

گۈلقىز ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتاتتى. مەكتەپ تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ بىر ئاي بۇرۇن (ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇن بولغاندۇر) مەشق جەريانىدا يىقىلىپ كېتىپ هوشسىز بولۇپ قالغانلىقىنى، نەچچە ئورۇندا داۋالىتىپ ساقايتالمىغاچقا ئۆيدە قاراشنى ئۈقتۇرغانىكەن. بۇ ئىش تاسادىپىي يۈز بەرگەچ ئۇلار بەك گاڭگىراپ قالدى. گۈلقىزنىڭ يېنىك ئاتلېتىكىدا ئارتۇقچىلىقى بولغاچ تەنتەربىيە فاكۇلتېتىغا نومۇر ئېتىبارى بىلەن قوبۇل قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ ئوقۇشقا ماڭغان چاغدىكى خوشلۇقى هېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە. رەشىت تەستە ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرغاندا، كالتە ئىشتان بىلەن يۈگۈرۈشتىن قايتىپ كەلگەن گۈلقىزنى كۆرەتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزارغان، پۈتۈن بەدىنىدىن هاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان هالدا مۇسكۇللىرىنى بوشاتقاچ: «بۈگۈن تەخمىنەن مۇنچە كىلومېتىر يۈگۈرۈپتىمەن» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ مۇرىسى كەڭ. بەدىنى تولۇق، ناهايىتى ساغلام كۆرۈنەتتى. بىر قېتىم يۈگۈرۈشتىن قايتىپ كېلىپ :

- ئاكا، مەن ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشنى قىسقا ئارىلىقتا يۈگۈرۈشتىن ياخشى كۆرىمەن. ئەكسىچە قىسقا ئارىلىقتا يۈگۈرۈشتە نەتىجەم ياخشى، بۇ قانداق بولغىنى؟- دەپ سورىغان. ئۇ شۇ چاغ بويۇنلىرىنى ئالدى كەينىگە ئېگىپ، ئايلاندۇرغان ئىدى. ئۇ چاغ ئۇنىڭ چاچلىرى قانداق بولغىيتتى. ئۇ ئېسىگە ئالالماي بىئارام بولۇپ كەتتى. ئۇ شۇ چاغ:

- مېنىڭ قارىشىمچە، سىز بالېت ئارتىسى بولسىڭىز نەتىجىڭىز ياخشى بولاتتى.- دېگەنىدى. ئۇ قاپاقلىرىنى سۈزۈپ:

- بولدى قويىڭە ئارتىستلىقنى،- دەپ ئۆيگە كىرىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ ساغلام يوتىلىرىنىڭ هەرىكىتى، ئۇنىڭ تىزلىرىنى ئېگىشكە تاقاشقىدەك كۆتۈرۈپ تىنىمسىز يۈگۈرۈشلىرى ئۇنى بەك زوقلاندۇراتتى. گۈلقىز ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، دادىسى قايتا ئۆيلەنگەندىن بۇيان مۇشۇ ئۆيدە ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قىزى ئىككى ياشتا، گۈلقىز 15 ياشتا بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىشى قىزنى بەك خۇش قىلىۋەتكەنىدى.

خەۋەر قىلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇلار گۈلقىزنى نوسۇلكىدا كۆتۈرۈپ ئېلىپ كىردى. سىنىپ مۇدىرى ۋە ئۈچ قىز ساۋاقدىشى بار ئىكەن. گۈلقىز كۆزىنى ئېچىپ ياتقان. كۆزىدە هېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. ئايالى ئىشەنمىگەندەك ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىيلاپ بېقىپ، سىلكىپ بېقىپ، ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپ كەتكەنىدى. ئۇ يەنە بوي تارتقانمۇ قانداق شۇ تۇرقىدا تېخىمۇ ئۇزىراپ كەتكەندەك تۇراتتى. بىردەمدە ئاڭلىغان قوشنا- قولۇملار يىغىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمگە هازا ئاچقاندەك يىغلاشتى. ئۇلار ياخشى گەپلەرنى قىلىپ تەسەللى بەردى. ئايالى يىغىدىن توختىمىدى. ئۇ قىزلارغىمۇ ئېسىلىپ ئۇزۇن يىغلىدى. رەشىت شۇ چاغ ئۇ قىزلارنىڭ ئازابلىق هالىتىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئەسلى يېقىن دوستلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى. ئۇلار گۈلقىزدەكلا ساغلام، ئېگىز بوي قىزلار ئىدى.

ساۋاقداشلىرىدىن بىرى:

- گۈلقىز دائىم ‹بىزمۇ ئولىمپىك مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشالارمىزمۇ؟›، دەيتتى. ئەمدى سەن قانداق بولۇپ قالدىڭ....- دەپ مىشىلداپ، باشقىلارغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار كىتەشىدە بىز چوقۇم دائىم كىلىپ يوقلاپ تۇرىمىز.- دەپ ۋەدە بەرگەنىدى.

رەشىت مۇرىسىنىڭ خېلى توڭلاۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى. كولىغۇچ بىلەن مەشىنىڭ ئۈستىنى تەكشىلەپ كۆمۈر سالدى. بايىنىڭ كۆمۈرى دەرهاللا گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى. مەشىنىڭ ئېغىزىدىن تورۇسقا چۇشۇپ تۇرغان نۇرلار هەرىكەتكە كېلىپ ئۆي ئىچىنى خېلى يورۇتۇۋەتتى.

ئۇ چاغدا كىچىك قىزى ئاچىسى ياتقان ئۆيگە كىرىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە ئويۇنچۇق ئېلىپ كەلگەن- كەلمىگەنلىكىنى قايتا- قايتا سوراپ، جاۋاب ئالالمىغاچقا تېلىقىپ يىغلاپ كەتكەنىدى. قىزى ئۇنىڭ قۇچىقىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

ـ دادا، ئاچام نېمىشقا گەپ قىلمايدۇ؟ ئۇ ئۆلۈپ كەتتىمۇ.ـ  دەپ سورىغانىدى.

ـ ياق قىزىم، ئاچاڭ ئاغرىپ قالدى.

ـ ئەمىسە نېمىشقا گەپ قىلمايدۇ؟

ـ ئۇ ئۇخلاپ قالدى.

ـ نېمە؟ قارىسام كۆزى ئۇچۇق تۇرامدۇ؟ بىلىقمۇ كۆزى ئۇچۇق ئۇخلايدىكەن،ـ  دېگەنىدى.

ـ بولدى بالام، سورىمىغىن، بىچارە ئاچاڭ ئەمدى شۇنداق ياتىدۇ.ـ  دېگەنىدى ئۇ.

ئايالى كۆزلىرى قىزارغان، چاچلىرى چۇۋۇق هالدا روهسىز ئولتۇراتتى. شۇ چاغ، ئايالى كۆزىگە سەت، بىشەم، گۆلقىز بولسا تېخىمۇ ساددا، مەسۇمە كۆرۈنگەنىدى. ئۇ ئەمدى بۇرۇنقى شوخلۇقلىرىنى، هەركەتلىرىنى قىلالمايدۇ. بۇلارنى ئويلاپ ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئاغرىق كىرىپ كەتتى .

رەشىت ئورنىدىن تۇرۇپ چىراقنى ياقتى. گۆلقىزنىڭ كۆزى يۇمۇقلۇق تۇراتتى. بايا چىراق نۇرى كۆزىنى چېقىپ كەتمىسۇن دەپ ئۆچۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ ئولتۇردى.

ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگىلى بولمىدى. يەرلىك تىۋىپلار كۆرۈپ بېقىپ ئامال قىلالمىدى. كونىلىق قىلىپ پىرىخۇنلارغىمۇ ئوقۇتۇپ باقتى. هېچ ئۈنۈمى بولغانەدەك ئەمەس، بىرىنىڭ دېيىشىچە، گۆلقىز شېهىتلارنىڭ قېنى تۆكۈلگەن يەردىن ئاتلاپ ئۆتۈپتىمىش، شۇڭا مۇشۇنداق كېسەلگە مۇپتىلا بوپتۇمىش.

ئايالىنىڭ هازىر ئۇنى كۆتۈشى بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشى بولۇپ كەتتى. سىڭلىسى مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقاچ خىجىل بولسا كېرەك. دائىم «بىزگە كۆپ ئاۋارىچىلىق كەلتۈرمەيدۇ» دېگەندەك قاراپ كېتەتتى. ئايالى بۇ ۋاقىتقىچە ئاشخانىنى يىغىشتۇرۇپ قايتسا بولاتتى. يېقىندىن بېرى سودىسى ياخشى بولۇۋاتامدۇ، ياكى نىمە سەۋەپتىنكىن كېيىن قايتىدىغان بولىۋالدى.

دەسلەپ ئايالى ناهايىتى قىسىنغان هالدا ئۇنىڭغا ئاشخانا ئېچىش پىكرىنى ئېيتقانىدى. ئۇ كۆپ ئويلىنىپ نەچچە كۈندىن كېيىن قوشۇلغان ۋە پونكىتنىڭ يول ياقىسىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ بەرگەنىدى. ئاشخانا ئېچىلغىنىغا نەچچە ئاي بولدى. هازىر ئاشخانىنىڭ «ئۇگرە، چۆچۈرە، قايماق چاي بار» دېگەن خەت يېزىلغان، لوزۇنكىدەك ئېسىپ قويۇلغان قىزىل لاتا ۋىۋىسكىمۇ كونىراپ قالدى. ياللىۋالغان بالىمۇ خېلى كۆنۈپ قالدى. ئۇ شۇ ئاشخانىدىلا ئۇخلايتتى. ئۇ ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن بىلەن بۇرۇن تۆت يىل ئاشخانىدا ئىشلىگەنىكەن. ئايالى بەزىدە ئىشنى ئۇنىڭغا تاشلاپ قويۇپ سىڭلىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. لېكىن سودىسى ئاقساپ قالمايتتى. كىرىمىمۇ ئۇنىڭ مائاشىدىن خېلى خېلى ئېشىپ كەتكەن ئىدى. هازىر ئايالىنىڭ بەدىنىدىن خام گۆش، دورا ـ دەرمەك، يۇمغاقسۇت پۇرىقى پۇراپ تۇرىدۇ. مەڭزىلىرى قىزىل، ئۆزىمۇ سەمرىۋاتقاندەك تۇراتتى. بۈنى ئۇ بايا تاماق كۆتۈرۈپ كىرگەندە هېس قىلدى. ئۇ ئالدىراپ كىرىپ :

ـ سىڭلىمغا ئازراق ئىچۈرۈپ قويارسىز.ـ  دەپلا چىقىپ كەتتى .

ئۇ تاماق يىگۈزۈۋېتىپ گۆلقىزنىڭ ئاپئاق چىشلىرىغا دىققەت قىلدى. ئايالىنىڭ چىشلىرى رەتلىك هەم ئاق، لېكىن گۆلقىزنىڭكىدەك چىرايلىق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى يېرىم ئېچىلىپ تۇراتتى. قارىغانسىرى ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئېغىر سوقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستۈنكى لەۋلىرىدە دىققەت قىلمىسا كۆزگە چېلىقمىغۇدەك يۇمران بۇرۇتى بار ئىدى. ئەسلى رەڭگى تېرىسىنىڭ رەڭگى بىلەن ئوخشاش بولغاچ كۆزگە بىر قاراشتا  چېلىقمايتتى. بۇ ئۇنىڭ بۇرۇنقى شوخ، جۇشقۇن خۇسۇسىيىتىگە ماسلىشاتتى. ئۇنىڭ سىيلاپ باققۇسى كەلدى. لەۋلىرى قىرلىق، ئۈستۈنكى لەۋ ئېرىقچىسىمۇ قىرلىق. بۇرۇن كۆمۈرچىكىنىڭ ئۇدۇلىدىن لەۋ بۇرجىكىگە كەلگەندە تەبىئي غايىپ بولاتتى. سەل ئالدىغا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئېڭىكى ئۇنىڭ كىچىكىدىن مەغرۇر، ئەركە چوڭ بولغانلىقىنى، يەنە بىر قارىسا ساغلام خارەكتىرىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

رەشىت قايتا قارىسا ئۇنىڭ كۆزى يۇمۇق يېتىپتۇ. ئۇ گەپ قىلسا بولاتتى. دوختۇرلار ئۇنى بارا ـ بارا گەپ قىلالىشى مۇمكىن دېگەنىدى. لېكىن مۇشۇ كەمگىچە گەپ قىلىپ باقمىدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇلۇقتا جۆيلۈپ باققانلىقىنىمۇ ئاڭلىمىدى. بەزىدە تاماق سەل قىززىق بولۇپ كەتسە چىرايىدىن ئېپادىسى بولاتتى. ئايالى كىسەلگە ئائىت بەزى ئىشلارنى ئۇنىڭدىن يۇشۇرغاندەك

قىلاتتى. ھازىر ئۇنىڭ چىرايىدىن بىغەملىك چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشكەن ياكى مىنگىت بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بۇنىڭغا ھايۋانلارغا دىئاگنوز قويغاندەك ئېنىق ھۆكۈم قىلالمايتتى. قېيىنى ئانىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمىنى ئويلاپ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ داۋامىلىق ئويلىغۇسى كەلمىدى.

ئۆتكەندە ئايالى قويۇپ چىقىپ كەتكەن تاماقنى ئۆزى ئىچكۈزۈپ قويغان. ھەر بىر قوشۇق ئاشنى پۈۋلەپ ئاغزىغا ئاپىرىپ سوۋۇغان- سوۋۇمىغانلىقىنى بىلىپ ئىچكۈزۈپ قويغانىدى. بۇنى ئايالىنىڭ ئۇسۇلىغا قاراپ شۇنداق قىلغانىدى. بۇرۇن قانداق ئىچۈرۈشنى بىلمەي قىززىق ئىچۈرۈپ سېلىپ گۆلقىز ئۆزىگە قارىغاندەك قىلغاندا سەزگەنىدى. ئۇ گۆلقىزنىڭ شۇ قارىشىدىن ھودۇقۇپ كەتكەن. قانداق تاماق بېرىشنى ئۇقالماي تۇرۇپ كەتكەنىدى. بۇلارنى ئويلاپ، ئۇنىڭ بىر كۈنى گەپ قىلالىشىدىن ئۈمىدلىنەتتى. لېكىن گەپ قىلسا ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقى توغرۇلۇق ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

ھازىر ئۇنىڭ ياتاق يارىسى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدۇ. ئۆتكەندە بازارغا بېرىپ بىر چىپتا تېرىق سېتىۋېلىپ كۆرپە تىكتۈرۈپ بەردى. كۈندە بىر- ئىككى قېتىم ئۆرۈپ قويسىلا بولىدۇ. كېيىن ئويلاپ زاپاس يەنە بىرنى تىكتۈرۈپ قويدى. بىرنى ئىشلىتىۋەرگەندە ۋاقىت ئۆزارغانسېرى نەم تارتىپ قالاتتى. چۈشتىن بۇرۇن تام تەرەپكە قاراپ ياتقانىدى. رەشىت ئۇنى ئاۋايلاپ ئوڭدا ياتقۇزۇپ قويدى.

**2**

رەشىتنىڭ ئادەتتە بىكار ۋاقىتلىرى كۆپ ئىدى. مال دوختۇرخانىسىنىڭ ئامبولاتورىيىسىگە ئەتىگەندە بىر كۆرۈنۈپ قويسىلا بولدى. ھازىر ئۇنچە ئالدىراش كېسەللەرمۇ يوق. يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ قالسا بولدى. ئارام ئېلىشقىمۇ ۋاقتى چىقمايتتى. ھازىر بولسا چارۋا ماللارنى داۋالىغاندا باغلايدىغان قوش تورنىك، تاق تورنىك شەكىللىك دار غېرىبسىنىپ قالغاندەك تۇراتتى. ياز بولغان بولسا ئۇ قارا چىۋىنلارنىڭ ئاپتاپقا قاقلىنىدىغان ياخشى ئورنى بولاتتى. ئادەتتە ئېغىرراق كېسەل كەلسە ئۆيىگىلا ئىزدەپ كېلەتتى.

ئۇ بىر ئىش توغرۇلۇق ئويلاۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. ئايالى دائىم سىڭلىسى ياتقان ئۆيگە كىرىپ، ئىشكنى تاقىۋېلىپ خېلى ئۇزۇندا تەرلەپ- تەپچىرەپ چىقاتتى. ئۇنىڭ چىققان چاغدىكى ھارغىنلىق، بىزارلىق چىقىپ تۇرغان تۇرقىدىن ئۇنىڭ تەستە سەۋرى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. بەزىدە «ئۆي پۇراپ كېتىپتۇ» دەپ سۆزلەپ كېتەتتى. ئايالى سىڭلىسىدىن زېرىككەندەك تۇراتتى. بۇنداق بولۇۋەرگەندە ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايتتى .

ئۇ كۆپ ئويلىنىپ ئاخىر بىر ئەقىل تاپتى. بۇنى ئۇ بوۋاقلارنىڭ بۆشۈكىگە ئورنىتىلىدىغان جاكتىن ئىلھام ئالدى. ئۇ كارۋاتنىڭ كاسا قىسمى توغرا كېلىدىغان يېرىدىن بىر تۆشۈك ئاچتى. بىر پارچە قېلىن رېزىنكىنى كاناىچە شەكىلدە قىلىپ تۆشۈككە مۇقىم قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئاستىغا توم شىلانكا چېتىپ، ئۇنى ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئېرىقچىنى بويلاپ ئۇدۇل سۇ چىقىرىش ئازگىلىغا ئاپاردى. بۇنداقتا ئۇنى تەرەتكە تۇتمىسىمۇ بولاتتى. پەقەت ئانچە- مۇنچە ئۆرىگەن چاغدا تۆشۈككە تۇرىبغا چېتىلغان شىلانكىنى توغرىلاپ سۇ قويۇۋەتسىلا بولدى. ئۇ بۇنى ئايالىنىڭ مەسلىھەتىگە سېلىپ قىلدى .

رەشىت ئۆزىنىڭ ئىختىراسىدىن بەك مەمنۇن بولدى. ئايالىمۇ ئېغىر ئىشتىن قۇتۇلغاندەك ئۇنىڭدىن بەك رازى بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ كەتتى. خۇددى «سىڭلىم يالىڭاچلا ياتىدۇ... مەن ئاشخانىدا...» دېگەندەك مەنە چىقىپ قالدى. ئۇ دەرھال بىر نېمە دېمەكچى بولدى. ئايالى ئارقىدىنلا:

- ياخشى بولدى. ھەر نېمە بولسا ئېشەكنىڭ ئىچ باغرىدىن باشقا نەرسىنىمۇ بىلىدىكەنسىز....- دەپ ماختاپ قويدى .

ئۇ نېمە دەپ ئويلىسۇن رەشىتتىن ئەنسىرەپ ياكى گۇمانلىنىپ، ھەرىكىتىدە ياكى گەپ- سۆزىدە ئىشەنمەسلىك ئىپادىلىمىدى. ئەكسىچە ئۆزى ئۆيگە تېخىمۇ ئاز كىرىدىغان بولدى. رەشىتكە ئايالى خۇددى ‹ئۇ بىر كېرەكسىز ئادەم، مەن ئالدىراش. سەن ئۇنى نېمە قىلساڭ قىلمامسەن› دەپ ئويلايدىغاندەك بىلىنەتتى. ئۇ بۇلارنى ئويلاپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى .

رەشىت ئۇنى ئۆرۈپ قويغاندا ئۇنىڭ چىرايلىق بەدىنىدىن زوقلىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ مۈرىلىرىنى سىيلاپ قوياتتى. ئۇنىڭ تولا يېتىپ قىزىرىپ كەتكەن دۈمبىسىنى ئۇۋۇلاپ تۇردى. بولمىسا تېزلا ياتاق يارىسى بولۇپ قالاتتى. بۇنى ئايالى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆكسى بەك نەپىس، تۇتسىلا نۇقسان يېتىدىغان گۈلدەك نازۇك جىلمىيىپ تۇراتتى. ئوڭدا ياتقاندا ئىككى تەرەپكە سېلىنىپ

تۇراتتى. شۇندىمۇ ئىككى ئارىلىق ناھايىتى يېقىن. كۆكرەك قاپىزى تولۇق ۋە ساغلام ئىدى. توپچىسى يۇقىرىغا قارىغان، خۇددى تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، بوتناپ تۇرغان كىچىك بالىدەك.

بۇ ھاۋا ئىللىشقا باشلىغان مەزگىللەر بولسىمۇ، نەچچە كۈن بۇرۇن چىققان بوراننىڭ تەسىرىدىن چاڭ- توزان يېنىۋاتقاچ ھاۋا تۇتۇق ھەم بىر ئاز سوغۇق ئىدى. مەشتىكى ئوتنى ئۆچۈرمىگەچ ئۆي ئىچى خېلى ئىسسىق ئىدى.

ئۇ گۈلقىزنىڭ چىرايىدىن ئىپادىلىنىپ قالغان قورقۇنۇش ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ- تېنەپ ئۈستىدىكى يىپپىنچىلارنى تۈزەشتۈرگەندەك بولىۋالدى. خۇددى گۇناھلىق ئىش قىلىۋاتقاندەك بىر خىل ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ مۈرىلىرى، تولغان كۆكسى ئۇنىڭ يۈرەكلىرىنى ئىللىق ھارارەتلەندۈرەتتى. شۇ تاپ نېپىز يىپپىنچا ئۈستىدىن ئۇنىڭ ھەممە ئەزالىرىنى ئېنىق پەرق قىلغىلى بولاتتى. بىلەكلىرىنىڭ سىلىنىپ تۇرۇشى، قول بارماقلىرىنىڭ ھالىتى، ئۇزۇن پۇتلىرىنىڭ قانداق تاشلىنىپ تۇرۇشىنى ئېنىق سېزەلەيتتى. كىندىكىگە تۇتىشىپ كەتكەن، ئاپئاق بەدىنىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، يېڭى چىققان يۇمران تۈكلەرنىڭ يوتقاننىڭ بېسىشى بىلەن قايسى تەرەپكە يېتىپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇرۇن يۈگۈرۈپ يىقىلغاندا قالغان يارا ئىزىمۇ تىزىدا ھېلىھەم بار. ئۇنىڭ كىندىكى قانداق؟ راست، گۈلقىزنىڭ كىندىكى بەك چىرايلىق، خۇددى شامال چىققاندا قۇملاقتا پەيدا بولىدىغان كىچىك- كىچىك ئويمەكلەرگە ئوخشايتتى.

كېيىن يەنە كونىلىق قىلىپ باقتى. بىر قېتىم باشقا بىر شەھەردىن بىر پىرىخۇن تېپىپ كەلدى. بۇ ئىشلارغا تەبئىيلا رەشت ئۆزى چاپاتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە گۈلقىزنى ئۇ خەلقلەر ئۆز ئىلىكىگە ئېلىۋالغانمىش. مۇنداق بولسا، ساق بولسىمۇ ئۆمۈر بويى ئادىمزات بىلەن توي قىلالماسمىش. ئۇنىڭ دېيىشچە ئۇ خەلقلەر پەقەت ئادىمزات ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق، پاك قىزلارنى ئۆز ئىلىكىگە ئېلىۋالارمىز. ئۇ داخان، سۈرە ئوقۇپ ئۇۋدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. بوغۇلۇپ- بوغۇلۇپ خېلى جۆيلىدى. رەشت تاپىلغىنى بويىچە دېگەنلىرىنى يېزىۋالدى. ئۇ تۇرۇپ- تۇرۇپ چىرقىراق ئاۋازدا چاقىراتتى .

- كۈيىقاپتىن پالانى دېۋە قېنىسەن؟

ئۇ توختىماي جىن- پەرىلىرىنى چاقىراتتى. ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى سورىدى. ئاندىن شۇنىڭغا قاراپ ئۆزىنىڭ «رېتسىپىنى» دەپ بەردى.

ئۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى قىلدى. لېكىن گۈلقىزدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. ياكى كۆرۈنەرلىك بولمىغاچ بىلەلمىگەندۇ. ۋە ياكى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تولۇق ئادا قىلالمىغاندۇر .

ئايالى سەمرىپ كەتتى. بەزىدە ئۇنىڭ ئېغىز بۇرجەكلىرىدە ھاياسىز بىر خىل كۈلكە جىلۋە قىلىپ قالاتتى. ئۆزى گەپدان بولىۋالدى. ئەر- خوتۇن بولغاندىن كېيىن ئۇنداق كۈلمىسىمۇ بولاتتى. بەدىنىدىن خام گۆش، يۇمغاقسۇت پۇراپ تۇراتتى. بۇرۇن ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ھەر ئايدا ھېساب- كىتاب قىلىپ پايدا- زىيان توغرۇلۇق سۆزلىشىپ تۇراتتى. نەچچە ئاي بولدى. بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىپ باقمىدى. بۇرۇن رەشت گۆش ۋە كېتەرلىك نەرسىلەرنى ئۆزى سېتىۋېلىپ ئەپكېلىپ بېرەتتى. ئەمدى چۆپچەتلىرى ئۆزلىرىلا ئېلىپ كېلىدىغان بولدى. ھازىر رەشتكە ئۇنىڭ بىلەن گۈلقىزنى خۇددى ئايالى بېقىۋاتقاندەك تەسىر بېرەتتى. قىزىمۇ ئانىسىنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ دەرستىن چېكىنىپ كەتتى. رەشت ئامال تاپالماي تاپشۇرۇقلىرىنى ئۆزى كۆرۈپ تۇرىدىغان بولدى. ئايالى كەچ كىرىشىگىلا يانپاشلاپ يېتىپ خورەك تارتىشقا باشلايتتى. ئۇنىڭ ئېغىز بۇرجەكلىرىدە بىر خىل مۇلازىمەت كۈلكىسى قېتىپ تۇراتتى. رەشتكە ئايالى بەك تېز ئۆزگىرىۋاتقاندەك بىلىندى. ئەمدى دائىم ئۇنىڭغا :

- ھەممە ئادەم بىرەر تىجارەتنىڭ يولىغا ئەپلەپ كىرىۋالدى. پەقەت سىزلا مۆرىمەي يۈرۈيسىز، كەچكىچە بىرەر ئات يا كالا كېلىپ قالسا قولۇمغا ئۇزۇن پەلەي كىيىپ ھامىلدار بولدىمۇ يوق دەپ تەكشۈرۈپ ياكى ھېلىقىنداق ئۆز ھالىغا قويماي نەسىللەندۈرىمەن دەپ يۈرۈيسىز. مېنىڭ كۈندە ئەتكەن نەچچە تاۋاق ئېشىم بىلەن بىر ئۆيىنى قامدىغىلى بولامدۇ؟.....- دېگەندەك گەپلەرنى قىلاتتى

بۇرۇنلاردا ئۇ مۇنداق گەپ قىلمايتتى. رەشت ئويلاپ قالدى. دېمىسىمۇ ھازىر كۆپ ئادەم تىجارەت قىلىشنىڭ غېمىدە يۈرۈيدۇ. ئىدارىسىدىمۇ نەچچىسى تىجارەت قىلىمەن دەپ چىقىپ كەتتى .

- تېزەك بىلەن ژىننىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ نەچچىگە كىرەرسەن؟.

بىرى شۇنداق دەپ چاقچاق قىلغان ئىدى. رەشىتمۇ بۇ كەسپىنى قىزىقىپ ئوقۇغانمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ باشقا كەسپتە ئوقۇغۇسى بار ئىدى. ئۇقتۇرۇش چارۋا دوختۇرلۇق كەسپىگە كېلىپ قالغان، شۇندىمۇ ياخشى ئوقۇغانىدى. باشقىلارنىڭ نەزىرىدە بۇ كەسپنى ئۆمۈرلۈك كەسپ قىلىش ئەخمەقلىق ھېسابلانسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. راستىنى دېگەندە خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئۇ كۆپ بوشاپ كەتتى.

**3**

باھارنىڭ يامغۇرلۇق مەزگىلىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. تەبىئەت كۈندىن- كۈنگە يېڭى تۈس ئالماقتا ئىدى. بىر كۈنى قارىغۇ بىر بوۋاينى كىچىك بىر قىزچاق يېتىلەپ ئۆيگە كىرىپ قالدى. بوۋاي گەپ- سۆز قىلماي تۆر تەرەپكە ئۆتۈپ ئۇزۇن خەتمە قۇرئان قىلدى. جىمى مازار ماشايىخلارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ دۇئا قىلدى. ئاندىن: «بۇ ئۆيدە ئېغىر بىمار بار» دەپ گەپ باشلىدى. رەشىت دىققەت قىلسا ئۇنىڭ باشقا دېگەنلىرىمۇ ئەمەلىيەت بىلەن ئوخشاش چىقىۋاتاتتى. بوۋاي تېخىمۇ تەپسىلىي سۆزلەپ :

- ھەر پەيشەنبە كۈنى كەچتە ئۇ خەلقلەر- ئۆتكىنى ئۆتكەنلەر- دەبدەبە بىلەن ئوردىخان پادىشاھىمدىن ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا ھەج تاۋاپقا ماڭىدۇ. ئاجىزە سىڭلىڭىز شۇلارغا يولۇقۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇلار سەپ تارتىپ ماڭغاندا ئەڭ ئالدىدا تېتىر بۇغرالىرى، ئاق كۆڭۈل، ئارسلان سۈپەت ئۇلۇغلىرى ماڭىدۇ، ئارقىدا ئالامان خەلقلەر ماڭىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدا- سەپنىڭ ئەڭ كەينىدە يېتىشەلمەي قېلىپ قالغان ئاقساق- چولاق، ناكار- مېيىپ، ئالا كۆڭۈللىرى ماڭىدۇ. ئالدىدىكىلەر ئادىمزاتقا چېقىلمايدۇ. ئۇلار ئارقىدىسىدىكىلەرگە «ئادىمزاتلارغا تەگمەڭلار» دەپ ئەسكەرتىپ ماڭىدۇ. ساقچىلىرى ھېزى بولۇپ، قامچىلار بىلەن تەرتىپنى ساقلاپ ماڭىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئالا كۆڭۈللىرى ئادىمزات، ھايۋانلارغا چېقىلىپ قويىدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن ئادەم ھەر خىل ئاغرىق- سىلاقلارغا گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭغا خۇدا شىپالىق بەرمىسە بەندە ئامال قىلالمايدۇ. كېسەلنى ئاشۇ خەلقلەر ئۆتكەندە شۇلارغا كۆرسەتسە، خۇدا خالىسا، نېسىپ بولسا داۋاسى بولۇپ قالار... دېدى .

بوۋاي پاكىزە كىيىنىۋالغان، ئاپئاق ساقاللىرى ياراشقان خىزىر سۈپەت كىشى ئىدى. رەشىت تەپسىلىي سورىغاندا بوۋاي :

- ھەر پەيشەنبە كەچ كىشىلەر ئۇيقۇغا كېتىشتىن بۇرۇن سەھراغا يېقىن خىلۋەترەك بىر كوچىغا چىقىپ تۇرسا، ئۇلار ئۆتۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇلار ئادەتتە كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ. خۇدا نېسىپ قىلسا ھاجەتمەننىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ قېلىشى مۇمكىن. مۇشۇ كەملەردە زېمىن بولغىنىپ كەتتى. شۇڭا ئۇلار كۆچۈپ كەتتى. بۇ يەرلەردىن يىراققا كەتتى ياكى ئۆتىدىغان يوللىرىنى دائىم ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. ئۇلارغا يولۇقالىسا ئەڭ ئالدىدىكىلەرگە ئەرز قىلسا، ئارقىدىكى ساقچىلارغا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ساقچىلار ‹قايسىڭ شۇنداق بىر ئادىمزاتنىڭ كېسەل بولۇشىغا سەۋەب بولدۇڭ؟› دەپ ۋارقىرايدۇ. يىلان قامچىنى شىلتىپ ھەيۋە قىلىدۇ. زىيانكەش بۇ قوشۇندىكىلەر ئىچىدە بولسا، ئۇ ئالدىغا چىقىپ گۇناھىنى تىلەپ يىلىنىدۇ. گۇناھ ئادەمدىن ئۆتسە سەۋەبىنى دەيدۇ. قانداق زىيان سالغان بولسا شۇنىڭ تەتۈرىسىنى قىلىدۇ. ئاغزى مايمان بولسا ساق تەرىپىگە ئۇرىدۇ. شۇنداق سەۋەب بىلەن خۇدا خالىسا شىپا تېپىپ قالىدۇ....- دەپ ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشەندۈردى. ئۇ بوۋاي ھېچ بىر جىنكەشكە ئوخشىمايتتى.

رەشىت خۇددى مۆجىزە پەيدا بولىدىغاندەك ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى. بوۋايغا مىڭ رەھمەت ئېيتىپ يارىشىقىنى قىلىپ يولغا سالدى .

رەشىت بۇنى ئايالىغا دېمىدى. ئۆزىچە ھازىر دېمەي ساقايغاندا ياكى ئەھۋالىدا سەل ئۆزگىرىش بولغاندا ھەيران قالدۇرىمەن دەپ ئويلىدى. كارىۋات بېشىدا ئولتۇرۇپ گۈلقىزغا قارىدى. ھازىر ئۇنىڭ يۈرىكىنى يېڭى ئۈمىد قاتتىق ھاياجانغا سېلىۋاتاتتى. ئۇ قىزغا:

- سەن قايتا يۈگۈرەلەيدىغان بولدۇڭ....- دەپ پىچىرلىدى. ئۇنىڭ گېلى بوغۇلۇپ بىر نەرسە دېيەلمىدى. گۈلقىزنىڭ كۆزلىرى يۇمۇق ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇ تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ: ‹ۋىيەي ئاكا، ئادەمگە ئەجەپ قاراپ كەتتىڭىز؟!› دەيدىغاندەك بىلىنىپ يۈرەكلىرى خۇشاللىقتىن ئويناپ كەتتى .

پەيشەنبە ناھايىتى تەستە كەلدى. بوۋاي تاپىلىغان پەرزلەرنى قىلىپ يول بويىدا ساقلاپ تۇردى. كۆڭلىدىن ھەر خىل ئېھتىماللىقلارنى ئۆتكۈزۈپ باقتى. ئالدىدىكى ياخشىلىرى ئۇچرىماي ئارقىدىكى ئالا كۆڭۈللىرى ئۇچراپ يەنە زەخمەت

يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدى. لېكىن، بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بەرسە ئۆزىنى كەچۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ دىققەتتە تۇردى. يولدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. ئۇ يەر- بۇ يەردىن يېڭى چىققان ناخشىلارنى توۋلاپ يۈرگەن باللارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يولدا تۇرغان ھەر بىر ئادەمگە ئۆچلۈكى كەلدى. بىر قاتتىق بوران ياكى يامغۇر يېغىپ ھەممىنى ئۆيلىرىگە ھەيدىۋېتىشنى تىلىدى. خۇددى شۇلار سەۋەبلىك كۈتكەنلەرنى ئۇچرىتالمايدىغاندەك. يەنە كىنوخانا ئالدىدىكى ۋاراڭ- چۇرۇڭ ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. رەشت خېلى كۈتتى. ئۆزى بىلىدىغان بىر نەچچە سۆرىنى ئوقۇپ ئىچىدە خۇدادىن مەدەت تىلىدى. ئۇ خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە مەدەت بېرىشىنى، گۈلقىزغا شىپالىق بېرىشىنى تىلىدى. ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھلىرىدىن ۋە گۈلقىزنىڭ گۇناھلىرىدىن مەغپىرەت تىلىدى .

ئەل ياتقۇدىن ئۆتكەندە يىراقتىن تەكشى دۈپۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇنىڭ كەيپىياتى جىددىيلىشىپ، يۈرىكى قالايمىقان سېلىپ كەتتى. كۆڭلىنى ھەم ئۈمىد ھەم قاتتىق قورقۇنچ چۇلغىۋالدى. ئۇلار يېقىنلاپ قالدى. رەشت جايىدا قاققان قوزۇقتەك قېتىپ قالدى. نېمە دېيىشىنى ئويلاپ، ساراسىمگە چۈشتى. ئۇلار ئالدىدىن ئۆتكەندە كۆردىكى بۇ كېچىلىك ھەربىي مەشقتىن قايتقان ئەسكەرلەر ئىكەن.

ئۇ لەسسىدە بولۇپ سىمتاناپ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇلار خۇددى «ئۇ خەلقلەر» دەك كېتىپ قالدى. يەرنى تىترىتىپ، چاڭ- توزان چىقىرىپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاچچىق ئىككى تامچە ياش ئېقىپ چۈشتى. قوللىرى تىترەپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى. شۇندىمۇ ئۆز- ئۆزىنى ئۈمىدلەندۈرۈپ تۇردى. ئاخىرى كوچىلار جىمىپ، پەقەت چارلىغۇچىلار پەيدا بولغاندا بولماي پۇتلىرىنى سۆرەپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى .

ئۇ ئۆيگە قايتىپ كىرسە ئايالى بىلەن قىزى ئۇخلاپ بوپتۇ. گۈلقىزنىڭ قېشىغا كىرىپ چىراغ ياقماي خۇددى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۇزۇن تۇردى.

رەشت يەنە بىر پەيشەنبىمۇ كۈتتى. كۆپ ساقلىدى. بۇ قېتىم ئولتۇرۇشتىن يانغان بىر توپ قىز- يىگىتلەر ئۇچرىدى. بىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىھۇدىلا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى. يەنە بىرى بىر قاتار تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىپ كەچۈرۈم سوراپ بۇ مەست كاللىنى سۆرەپ ئېلىپ كەتتى. ھازىر مەسىلە كۆتۈش. ئۇنىڭ زېھنىنى باشقا نەرسە بۆلەلمەيتتى. قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. بىر تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۆتمەسلىكى مۇشۇلارنىڭ كاساپىتى دەپ ئويلىدى. ئۇ خەلقلەر مۇشۇنداق كوچىدىن قانداقمۇ ئۆتەر؟

كېيىن كوچا دوقمۇشلىرىنى ئالماشتۇرۇپ باقتى. بولماي ھەر كۈنى كەچتە جىسەكچىلەردەك ئايلىنىپ يۈردى. دوقمۇشلاردا كۈتتى. بىر قېتىم سىدە ئەڭ كۆپ بىر كوچىدا ئۈچ سائەت كۈتۈپ ئۇلارنى ئۇچرىتالماي قارا تەر باسقان ھالدا قايتىپ كەلدى. بۇ بىر جۈمە كۈنى كەچ ئىدى....

رەشت ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆيگە قايتتى. باشقىلار ئۇخلاپ قالغاندى. سىلاپ- سىيپلاپ گۈلقىزنىڭ كارىۋىتىنى تاپتى. ئىچى سېرىلگەن ھالدا قولىنى ئۇزۇتۇپ ئۇنىڭ باشلىرىنى، مۈرىلىرىنى سىلىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپ ئىچ- ئىچىدىن بىر خىل ھارغىنلىق، پىغان ئۆرلەۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى تەستە بېسىۋالدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن پاچاقلىرىنى سىلىدى. ئۇ ئۆتكەندە چاپچىپ تۇرغان ئاغرىق بايتالنىڭ يوتىلىرىنى سىلىغانىدى. شۇ ئېسىگە كېلىپ قالدى. بۇ پۇتلار بۇرۇن بەك ساغلام ئىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى مۇزلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ پۇتلار قىش بويى ئىسسىپ باقمىدى. ئۇ قىزى بىلەن گۈلقىزنىڭ سۇپىدا ئويناۋاتقان ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ قىزىنىڭ كىچىك پۇتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ پۇتىنى بىر يەرگە ئەپكېلىپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى. رەرشت شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ سۆزۈك، ساغلام يېتىلىۋاتقان پاچاقلىرىغا دىققەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا خۇددى شۇ تاپتا ئېيتىۋاتقاندەك ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئەتتىر- مەتتىر

تۇرسۇن سەتتىر

ساقلىم چۈشتى خەپ توختا

غىڭ- غىڭ بادەمبەگ

بادەمبەگنىڭ زامانىدا

**تەرەكتۇر سىم!**

**ئاخىرى قايسى پۈتتا توختىسا شۇ پۈتىنىڭ تاپىنى قىچىقلىناتتى. قىزى تىلىقىپ كۈلەتتى. ئۇنىڭ پۈتىدا توختاۋەرسە «ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىپسەن» دەپ دومسىيىۋالاتتى. قاچاتتى. گۈلقىز تۇتۇپ كېلىپ يەنە ئويناتتى.**

**ئۇ شۇنچە كەچ ياتسىمۇ تەستە ئۇخلىدى. چۈشىدە گۈلقىز چىرايلىق بايتالغا ئايلىنىپ قالغانمىش. بىر پۈتى دەسسىيەلمەسمىش، ئۇ بايتالنىڭ يايلىنى سىلاپ دوقمۇشتا تۇرغۇدەك. ئۆزى ئۇنىڭغا پىچىرلاپ تەسەللى بەرگۈدەك: «ئۈمىدسىزلەنمىگىن، ئۇ خەلقلەر مۇشۇ يەردىن چوقۇم ئۆتىدۇ. بۇنى ماڭا بىر خىزىر ئېيتقان. سەن ساقىيىسەن. دالىدا يۈگۈرۈپ، ھەممىنى ئارقىدا قالدۇرىسەن. ئۇ چاغدا ماڭا تۇتۇق بەرمەيسەن. شۇنداقتىمۇ ئالدىمدىن مەيدەڭنى كېرىپ تاپاسلاپ ئۆتسەڭ مەن خۇش بولىمەن» دېگۈدەك. بىردەمدىن كېيىن ئۇ بىر قېرى ئاتنىڭ ھاملدار بولغان- بولمىغانلىقىنى تەكشۈرىمەن دەپ قولىغا ئۆزۈن پەلەي كىيگۈدەك، كىيگەنسېرى قولى پەلەينىڭ ئۇچىغا چىقمىغۇدەك. بىر تۇرۇپ ئۆزىنى ئاتنىڭ ئىچىدە دەپ ئويلىغۇدەك، بۇرنىغا تىزەك، ژىن پۇرىقى پۇرىغۇدەك.... رەشت چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئويغانسا ئۆزى يوتقانغا مەھكەم پۈركىنىۋاپتۇ. قانداق بولغان، بېشى ئايىغى تەرەپكە كېلىپ قاپتۇ. ئۇنى سۇر بېسىپ ساراسىمگە چۈشۈپ قالدى. قىزى ئانىسىغا چاپلىشىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ بولۇپ ئۇنىڭ يوتقانغا سىيىپ قويغانلىقىنى بايقىدى. كۆڭلى شۇنداق غەش بولۇپ كەتتى. قىزى كۈندە ئىككى ۋاخ سۈيۈقئاش ئىچىپ سوغۇقى ئېشىپ يېقىندىن بىرى شۇنداق بولۇپ قالغاندى. ئايالىنىڭ ھازىر قىزىغىمۇ تۈزۈك چولىسى تەگمەيدۇ. ئۇنىڭ بەدىنىدىن خام گۆش، يۇمغاقسۇت پۇرىقى پۇراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خورىكى ئېشىپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ چۈشنى ئويلىدى. قايتا ئۇخلىيالماي ئوڭدا ياتتى. ئۇ مەن بۇ ئىشتا بەك ئارتۇقچە غەم يەپ كەتتىممۇ نىمە دەپ ئويلىدى.**

**4**

**يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى باشلاندى. مۇشۇ مەزگىلدە بىر خىل ۋابا تارقىلىپ يېزىلارنى قاپلاپ كەتتى. ۋابا كۆچۈپ يۈرۈپ ئېشەكلەرگىلا يېپىشاتتى. رەشت ئۆزى بىر داۋالاش ئەترىتىگە باش بولۇپ سەھراغا باردى. يېزىلاردا كىشىلەر بۇ ۋابا سەۋەبلىك ئەنسىزلىككە چۈشكەندى. دېھقانلارنىڭ موھىم مال- مۈلكى، تىرىكچىلىك ۋە قاتناش قورالى بولغان ئېشەك بىر بىرلەپ ئۆلۈۋاتاتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن يۇقۇملانغانلىرىنى داۋالىسا، بىر تەرەپتىن يۇقۇملانمىغانلىرىغا ۋاكسىنا ئۇرۇپ يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئۆلگەنلىرىنى يىغىپ چوڭقۇر ئازگال قازدۇرۇپ كۆمدۈردى. ئۇ يېزىمۇ- يېزا، ئۆيمۇ- ئۆي قاتراپ، ئۆزىمۇ ھېرىپ- چارچاپ ۋابا تەگكەن ئېشەكتەك بولۇپ قالدى. ئۇ قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئېشەكلەرنى كۆردى. ئۇلار باشقا ھايۋانلاردەك غالجىرلاشمايتتى. ئادەملەردەك ئىڭرىمايتتى ياكى ھاڭرىمايتتى. ئىگىلىرىگە خۇددى قېرىنداشلاردەك تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى. ئۇلار باشلىرىنى ساڭگىلاتقان ھالدا تىترەپ، ئېغىزىنى سەل كېرىپ جايىدىلا جىم- جىملا يىقىلىپ ئۆلەتتى. ھايالشىماي كۆك چىۋىنلەر كۆزلىرىگە ئولىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئىپادىسىز مۆڭلۈق كۆزلىرى ئوچۇق كېتەتتى. رەشت ئۆزۈن مەزگىل چارۋىلار بىلەن ھەپىلىشىپ پەقەت مۇشۇ چاغدىلا ئېشەكلەرگە قايىل بولدى. ئۇلار بىر ئۆمۈر تاياق- توقماق ئاستىدا ئىشلەپ يەنە باتۇرلۇق بىلەن ئۆلىدىكەن. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق كەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز گۈلقىزنىڭ مۆڭلۈق كۆزلىرىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىمۇ ئۆزىگە مەدەت تىلەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ كۆزىدىكى ئىپادە ئوخشاشتەك تۇيۇلاتتى .**

**شۇنداق قىلىپ ئۇ يېزىلاردا ئۆزۈن تۇرۇپ قالدى. ئۆيىدىكىلەرنى، بولۇپمۇ گۈلقىزنى كۆرگۈسى كەلدى. بەزىدە چۈشىگە كىرىپمۇ قالاتتى. پەقەت ئۇنىڭ بۇرۇنقى كىچىك ۋاقىتلىرىنىلا كۆرەتتى. ئۇ ئاخىرى بىر پۇرسەتتە شەھەرگە كىردى. ئۆيگە چۈشكەندە كەچ كىرگەندى. ئۆيدە باشقا ئادەم يوق ئىدى. ئىتتىك گۈلقىز ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئۆيدىن بەدبۇي پۇراق بۇرنىغا ئۇرۇلدى. ئۇ ئېسىلىپ، بىر ئاز بوشاپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۆيدە تېلۋۈزۇر قويۇقلۇق، ئۇ دەرھال ئىشىك- دېرىزىلەرنى ئېچىۋەتتى. تۇرىدىن سۇ قويىۋەتتى. يورەكلىرى ئېچىشقان ھالدا ئۇنىڭ بېشىغا ئېڭىشتى. ئۇنىڭغا گۈلقىزنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق ئىپادىسى جىلۋىلەنگەندەك بىلىندى. ئۇنىڭ پىشانىسىنى، يۈزلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ كەتتى. ئالقانلىرىنى مۇجۇپ ئىسسىتىشقا تىرىشتى.**

**ئاشخانىغا بارسا ئادەم خېلى كۆپ ئىكەن. ئەتىگەندە ئادەم كۆپ بولاتتى. بۇلۇڭدا ياغلىشىپ كەتكەن تېلۋۈزۇر ئۇنلۇك ئاۋازدا قويۇقلۇق ئىدى. قىزى شۇنچە ۋاراڭ- چۇرۇڭدا مەينەت ئۈستەلگە ئېڭىكىنى تىرەپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتى. ئايالى ئۇنى**

ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. خۇددى بىرەر دائىمىي خېرىدارنى كۈتكەندەك ھەددىدىن زىيادە تەكەللۇپ قىلىشۋەتتى. رەشىت ئەكسىچە ئۇنىڭدىن يىراقلاپ قالغاندەك ھېسقا كېلىپ قالدى. ئەسلى بىر ئۇگرە ئىچكۈسى بار ئىدى. رايى يېنىپ قىزنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

كەچتە ئايالى دۇكاننى يىغىشتۇرۇپ كىردى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھارغىنلىق ئالامەتلىرى يوق، مەڭزىلىرى قىزىل، كاسسى چاسلاشقان، ياتقاندىن كېيىن تاغدىن- باغدىن سۆزلەشكە باشلىدى .

- ماڭا قاراڭ، ئاۋۇ قوشنىمىز ماڭا ئېرىڭىز سەھرادا قاتراپ يۈرگىچە تېرە يىغىپ كېلىپ ساتسا بولمامدۇ، ئېرىڭىزدەك چوڭ تېخنىككە ھەر قانداق ئادەم سويۇپ بېرىدۇ، دەيدۇ. يا بۇنى قىلمىسىڭىز، سىزنىڭ نېمە ئىش قىلىشۋاتقانلىقىڭىزنى كىم بىلىدۇ....- دىدى ئايالى ئېغىزى بېسىقماي .

رەشىتنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. ئۇنىڭ دېگىنى ئەلۋەتتە ئېشەك تېرىسى ئىدى. ئۇ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ھەرگىز مۇنداق گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرمايتتى. كېيىن ئۇنىڭغا ئۆزىنى سۈركەپ بىردەم يېقىنچىلىق قىلىپ قويۇپ ئۇخلاپ قالدى.

رەشىتنىڭ ئۇزۇنغىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. بولمىسا سەپەر ھاردۇقىمۇ دەرمانىنى قويمىغانىدى. كۆڭلى بەكمۇ غەش بولدى. نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق كۆپ ئويلاندى. قىزىنىڭ ئاشخانىدا تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان ھالىتىمۇ؟ ياكى خام گۆش پۇرىقىمۇ؟ ئۇ ئاستا يوتقاندىن چىقىپ گۈلقىز ياتقان ئۆيگە كىردى ۋە كارىۋات بېشىدا ئولتۇردى. ئۇ ئەتە سەھراغا يەنە مېڭىپ كېتەتتى. ۋابا كونتىرول قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرى تېخى تۈگىمىگەنىدى. بۇ قېتىم كېتىپ يەنە قاچان كېلەلىشىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ بۇ يەردە كۆپرەك تۇرغۇسى كەلدى. دېرىزىدىن كىرگەن ئاي نۇرىدا ئۇنىڭ ئەدىيال يېپىقلىق تۇرقىنى، ھەممە ئەزالىرىنى ئېنىق پەرەز قىلغىلى بولاتتى. شۇ تۇرقىدا گۈلقىز ئۇنىڭدىن ئېگىز كۆرىنەتتى. ئۇ يېنىچە يېتىپ گۈلقىزنىڭ يېقىندىن بۇيان قانچىلىك ئۆسكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا تىرىشتى. بويى ئۆزىنىڭكى بىلەن تەڭ ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىگە بىر خىل خۇشلۇق كىرىۋالدى. لېكىن «ماڭغان بولسا چوقۇم ئېگىز كۆرىنىدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرىنى تۈپتۈز تارتىپ مەغرۇر مېڭىشلىرىنى ئويلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى قانداق چىقىدىغان بولغىيتتى؟ بىر قېتىم قىزى بىلەن بىرگە ئويناۋاتقاندا ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى.

ئەنى مەنى

ئەركىن دانى

كەتسە بۇلبۇل دانى

ئەس مەس

كاكۇلدىكى ۋاس!

لېكىن ئاۋازىنىڭ زادى قانداق چىقىدىغانلىقىنى ئەسلىيەلمەي بىئارام بولۇپ كەتتى. ئۇ ھارغىنلىق ھېس قىلىپ، كارىۋات لىۋىدە بىردەم يانپاشلىۋالغۇسى كەلدى. ئويلا- ئويلا ئاخىرى قوللىرى تېلىپ ھەم بىر ئاز توڭلىغاندەك بولۇپ ئەدىيالغا كىرىۋالدى. جىزنىڭ بەدىنى بىر ئاز سوغۇق ئىدى. ئۇنىڭ بىلەكلىرى، يوتىلىرى ئۇنىڭغا تېگىپ تۇراتتى. گۈلقىزنىڭ چاچلىرى ئۇنىڭ يۈزىنى غىدىقلاپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىۋەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى گۈلقىزنىڭ ھېلىمۇ ھاياتلىقىنى بىلدۈرۈۋاتقاندەك تۇراتتى. ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەي بىر خىل مەستخۇشلۇق ئىچىدە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىر چاغدا «قوپ» دېگەندەك بولدى. قارىسا تاڭ ئاتاي دەپ قاپتۇ. ئۇ شۇ يەردىلا ئۇخلاپ قاپتۇ. قانداقسىگە بۇنداق بولغانلىقىنى ئويلاپ ئۇلگۈرمەي ياتاق ئۆيگە كىردى. ئەمدى كارىۋاتقا چىقىشىغا ئايالى چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

- ھەي، تاڭ ئېتىپتىغۇ؟ ھېلىقى تاز بالا ھازىر ھورۇن بولۇۋالدى. ئۆزۈم چىقمىسام ئوتمۇ يېقىلمايدۇ.- دەپ غۇدۇراپ بىر كۆكسى ئېگىزدە، بىرى قورسىقىدا ساڭگىلىغان ھالدا ئالچاڭلاپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

رەشىت يېزىغا ئايالى بىلەن خوشلاشمايلا كېتىپ قالدى. نەچچە سائەت ئەبجەق ماشىنا بىلەن يول يۈرۈپ، توپا- توزانغا مىلىنىپ مەنزىلىگە باردى. بۇ يەرلەرگىمۇ كۆنۈپ قالغانىدى. مېۋە- چېۋىلەر مولچىلىق، كېچىلىرىنىڭ ھاۋاسى پاشىسىنى دېمىگەندە

شۇنداق ئىللىق، شاۋقۇن- سۈرەن يوق. كەلگەن ئادەمنىڭ كاللىسى بىردىنلا تىنجىپ ئارام تېپىپ قالغاندەك بولاتتى، كۈندۈزى توپا كېچىپ ئۆيمۇ- ئۆي يۈرەتتى. كېچىسى شاتۇپ دەرىخىنىڭ تېگىدە ئۆزىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشىغاچ قالايمىقان خىياللارنى قىلىپ ياتاتتى.

بىر خىزمەتدىشى ئايالىنىڭ سىڭلىسىنىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقىنى كىلىپلا ئۇقتۇردى. خەۋەر بىلەن تەڭ ئۇ ماڭغان- تۇرغىنىنى بىلەلمەي قالدى. چىرايى ئۆزگىرىپ كەتسە كېرەك. خىزمەتدىشى:

- نېمە بولدۇڭ؟- دەپ قالدى .

ئۇ ھېچكىمگە ئەھۋالنى دېمەي مېڭىپ ئاپتوبۇس خېرىدار كۈتىدىغان دوقمۇشقا كەلدى. ئاپتوبۇسلار ئاللابۇرۇنلا كېتىپ قالغانىدى. ئۇ نېمە قىلارنى بىلەلمەي تىپىرلاپ، تىت- تىت بولۇپ تۇرۇپ كەتتى. بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپ قالدى. ئۇ شەھەرگە جىددىي قايتمىسا بولمايدىغانلىقىنى كېكەچلەپ تۇرۇپ دېدى. ئۇ ئادەم ئاسمانغا بىر قاراپ بۇرتىنى سىيلاپ تۇرۇپ كېتىپ:

- جىندەك تۇتۇپ تۇرۇڭ،- دەپ كېتىپ قالدى. بىردەمدە ئات ھارۋىسىدىن بىرنى قېتىپ چىقىپ كەلدى. ئۇ نېرى- بىرى سۈرۈشتۈرمەيلا ھارۋىغا چىقتى. ئۇ ئادەم ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ گەپ قىلدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى. ئۇنىڭ گېپىدىن قارىغاندا ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ياخشىلىقى ئۆتكەنىكەن. شۇڭا كەچ بولىشىغا قارىماي ھاجىتىدىن چىقسا كېرەك. ئۇ رەھمەت دېدىمۇ، دېمىدىمۇ ئۆزىمۇ بىلەلمىدى. ئۇ ئادەممۇ ئۇنىڭدىن كېيىن گەپ قىلمىدى. ھارۋىنىڭ سۈرئىتى بەك ئاستا بولۇپ ئاتقا قانچە ۋارقىراپ ھەيۋە قىلسىمۇ مېڭىشى يەنە شۇ ئىدى. قارىغاندا كۈندۈزدە ئىشلەتكەن ئات بولسا كېرەك.

ھاۋا سالقىن، ئاسمان لىققىدە يۇلتۇزلارغا تولۇپ كەتكەن. تومۇزغىلارنىڭ ئاۋازى ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرىۋەتكەنىدى. يىراقتىن بىر ئىتنىڭ ئۇزۇندىن- ئۇزۇن ھۇۋۇلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇب ئۇن قاتتىق ساراسىمگە چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ ئۆزى بىلمەيلا ياقىسىنى چىشلىدى .

شەھەرگە سەھەرگە يېقىن ئۇلاشتى. ئۇلار ئۇدۇل دوختۇرخانىغا ماڭدى. سۈرۈشتۈرۈپ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدىن تاپتى. ئايالى ئۇنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك كارىۋات بېشىغا باردى. گۈلقىز، ئۇ چەكچىيىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ مېڭىسى بىردىنلا يېرىلىپ كەتكۈدەك ۋاڭشىپ ئاغرىپ كەتتى. ئايالى:

- دوختۇرلار ھەممە چارىنى ئىشلەتتى، بولمىدى. مانا بىر كۈندۈز بىر كېچە بولدى. بىچارە سىڭلىم رازىلىق بەرمەي ياتىدۇ، ئەسلى نەچچە كۈن بولدى قىينىلىپ.... دەپ يىغلاپ سۆزلىدى. بىر تەرەپتە قىيناتىسى ۋە باشقىلار باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپتۇ، قىزى بوش بىر كارىۋاتتا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

رەشت باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، پۇتلىرىنى سۆرەپ كارىۋاتقا يېقىن كەلدى. گۈلقىزنىڭ كۆزى لەپپىدە ئۆزى تەرەپكە ئاغدۇرۇلدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن بىر خىل مىننەتدارلىق نۇرى ۋىلىلدە قىلىپ قالدى. ئۇ مىڭ تەستە :

- رازى بولغىن،... رازى بولغىن- دېيەلىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئاستا يۇمۇلدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ئاخىرقى مۇزدەك ئىككى تامچە يېشىنى سۈرتۈپ قويدى،

ئۇ، رەشت ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئۇقالمىدى. ھەممە ئىشتا كىشىلەر ئۇنى يېتەكلەپ ماڭدى. ئۇ يىغلىمىدى، چۈشتىن كېيىن جىنازا شەھەر سىرتىدىكى مازارلىققا ئېلىپ مېڭىلدى. تار يولغا كەلگەندە، ئىككى تەرەپتىكى شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان سېرىقتال بولغان جىگدىلەر- نان جىگدىلەر، قاپاق جىگدىلەر، قاغا جىگدىلەر جىنازىغا ئۇرۇلاتتى. يەرگە تۆكۈلەتتى. كىشىلەر ئۇنى ماچىلدىتىپ دەسسەپ كېتىپ باراتتى. شاختا قالغانلىرى ئېغىر باشلىرىنى ئۇزۇنغىچە ئىغاڭشىتىپ تۇراتتى.

**5**

قىرىقى توشماي ئاشخانىمۇ ئېچىلدى. رەشت بۇرۇنقىدىن بەكرەك بىكارچى بولۇپ كەتتى. شۇغىنىسى بەك ئورۇقلاپ كەتتى. ھەممىدىن ئۇيقۇسىزلىق ئۇنى بەك قىينىدى. ئايالى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارغانچە سۇسلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ھازىدار بولۇشتىكى ياسالمىلىقلىرى ھەممىدىن ئېشىپ كەتتى .

ھەممە ئۆيقۇغا كەتكەندە- ئايالى خام گۆش، يۇمغاقسۈت، تەر پۇرىقى ئېچىدە خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقاندا، رەشىت ئورنىدىن تۇرۇپ، گۈلقىز ياتقان ئۆيگە كىرىپ، كارىۋات بېشىدا ئۆزىگە پىچىرلاپ تۇردۇ. پات- پات تېرىق كۆرپىنى ئالماشتۇرۇپ تۇردۇ. بۇ چاغدا ئۇ ھايات بولسا قايسى تەرەپكە قارىتىپ ياتقۇزۇپ قويىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۆزى بىلەن بەس- مۇنازىرە قىلىدۇ. بەزىدە شۇ يەردىلا ئۇخلاپ قالىدۇ. بىرىپ جۈمەكنى ئېچىپ سۇ قويۇپ بېرىدۇ. بۇنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. بۇرۇنمۇ بىلمىگەن.

قىش كىردى. چارۋىلار يەنە ئاپەتكە ئۇچرىدى. بۇ قېتىم رەشىت سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچ بارالمىدى.

رەشىت ئوت كولىغۇچنى يەرگە توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ ئولتۇراتتى. مەشكە شۇنچە يېقىن ئولتۇرسىمۇ دۈمبە تەرەپتىن سوغۇق ئۆتۈپ مۈرىسىنى قورۇيتتى. ئۇ قىزىپ كەتكەن تىزنى سىلاپ قويىدى. ئۇدۇل كارىۋات قۇرۇق تۇراتتى. ئۇنىڭ خىيالىغا بىر ئىش كېلىپ ئوت كولىغۇچنى ئىرغىتىپ تاشلىۋەتتى- دە، ئىتتىك تالاغا قاراپ ماڭدى. ئىشىكتىن چىقىشىغا يۈزىگە مۇزدەك سوغۇق ئۇرۇلۇپ ئۇنى ئەندىكتۈرىۋەتتى. ئۇ ئىچىدە پىچىرلاپ: «ئۇ خەلقلەر بۈگۈن چوقۇم كېلىدۇ. خىزىر بوۋاي شۇنداق دېگەن. ئاپئاق قار زېمىننى پاكلىۋەتتى. ئۇلار چوقۇم كېلىدۇ. مەن ئالدىنى توسۇپ: ‹مېنىڭ شۇ بايتىلىم نېمىشقا يوگۇرەلمەيدۇ؟ كىم سەۋەبچى؟ ئۇنى كىم ئېلىپ كەتتى؟› دەپ سورايمەن، مەن چوقۇم ھېساب ئالىمەن؟ بۈگۈن كەلمىسە ئەتە كېلىدۇ. ئەتە كەلمىسە، ئۆگۈن كېلىدۇ. ئىشقىلىپ بىر كۈنى كېلىدۇ«.

تالادا شۇىرغان ئارىلاش قار يېغىۋاتاتتى. قاتتىق سوغۇق سۆڭەك- سۆڭەكتىن ئۆتەتتى. رەشىت كوچا دوقمۇشىدا ئۇ خەلقلەرنىڭ ئۆتۈشىنى كۈتۈپ ئۈن- تىنسىز قېتىپ تۇراتتى....

**1993- يىلى 8- ئاي، ئاتۇش**

# قاغدام

ئورما ئورىلىپ بولغاندىن كېيىن، كەڭ ئاقۇش دالىدا قوناقلىق ۋە قوغۇنلۇق يېشىل پېتى ئىدى. ئېگىزلىق يەرلەردە قاغدام يىغقىلى قويغاچ، قەمبەرنىسا قويلار كىرىپ يەپ بولغۇچە ئالدىراش قاغدام يىغىۋاتاتتى. ئەتراپ جىمجىت ھەم ئىسسىق ئىدى. ئۇ شۇ تاپ بەك ئۇسساپ كەتتى. كۈن قايرىلغان بولسىمۇ، كۈننىڭ ئىسسىقى بوشىمىغانىدى. يۇقىرى تەرەپتىكى قوناقلىقتىن ئۆتسىلا ئىسمايىل پاسىڭنىڭ قوغۇنلۇقىغا چىققىلى بولاتتى. شۇ تاپ پاسىڭنىڭ تاز ئوغلى تازا ئۇخلاۋاتىدۇ. ئۇ ھارماي نەي چېلىپ چىقاتتى. ھازىر نەي ئاۋازى يوق. قوغۇنلۇق چۆرىسىگە يانتاق قاشالاپ قويغان بولسىمۇ تاياق بىلەن ئىتتىرىۋەتسە كىرگىلى بولاتتى. ياكى قوناقلىق تەرەپكە ياماشقان پىلەكتىن بىرنى تارتسا بىرەر سويما، ھەي، راسا بىر بېشەكشىن چىقىپ قالسا... ئۇنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلدى. كۆز ئالدىغا راسا تور چاچقان يۇپ- يۇملاق بېشەكشىن كەلدى. «تازا تاشتەك ئېغىر بولسا...»، ئۇ قاغدام تېرىشتىن توختاپ ئەتراپقا قارىدى. ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ سۇ ئېچىپ كەلگۈچە كىشلەر ئېتىزلىقتا قويلىرىنى قويۇۋېتىدۇ. ھېلىمۇ قاپچاق تۇتۇشقا ئازلا قالدى. تەر تامچىلىرى ئۇنىڭ سۆپسۈزۈك بويۇنلىرىدا- يۆگىمەچ چاچلىق بويىندا يالتىرايتتى. ئۇ ئانىسىنى ئويلىدى. ئۇ ئۆتكەندە «ۋاي بالام مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە نېمىشقا مۇنداق ئۆز تۇغۇلۇپ قالغان بولغىيتتىڭ...» دەپ ئۇھ تارتقانىدى. دېمىسىمۇ كۈن ھەقىقەتەن تەس ئۆتىۋاتاتتى. يا بولمىسا ئۇ تازدىن بىر سويما سورايمۇ يا؟ ياق ئۇنداق قىلسام: «ۋاھ قەمبەرنىسا مەندىن سويما سورىۋىدى، مەن ئۇنى بىر سۆيىۋېلىپ بەردىم» دەپ داۋراڭ سالىدۇ. ئۇ قايتىدىن ئىشقا تۇتۇندى.

* * *

تاز ئۇخلاپ قوپۇپ قوناقلىقتا چوڭ تەرەت قىلغىلى كىردى. قۇلىقىغا غىڭشىپ ئېيتقان ناخشا ئاڭلاندى. قوناقلارنى لىڭشىتماي ئاۋايلاپ مېڭىپ قىر يېنىغا كەلدى. بولۇق ئۆسكەن پىچان كەينىگە چۆكتى. قەمبەرنىسانى كۆرۈپ يۈرەكلىرى پۇلاڭلاپ كەتتى. ئۇ ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز قاغدام تېرىۋاتاتتى: «ئۆرسمۇ، تىللىسىمۇ ئارقىسىدىن بېرىپ بوغۇپلا بىر سۆيۈۋالسام...»، تاز دائىم ئۆنىڭ كەينىدىن تويماي قاراپ كېتەتتى. كېچىلىرى ئۇنىلا ئويلاپ نەي چالاتتى. «چاچلىرىغا يۈزۈمنى سۈۋاپ باقسام نېمە بولۇپ كېتەرمەن...»، ئۇنىڭغا بېشەكشىن ئېلىپ چىقىپ بەرگىسى كەلدى. «قانچە ئۆسسىغاندۇ»، لېكىن شۇجى ئاكىسىنى ئويلاپ قالدى. «ئۇ قولى قاتتىق تېتىقسىز ئادەم، ئۇرسىمۇ مەيلىتى»، ئۇ تۇرۇپ قالدى. قەمبەرنىسا ئالغىلى ئۇنىمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئاززۇسىنى «قىلدىم» دەپ سالىدىغان خۇيىنى بىلىدۇ. قوناقلىق دىمىق، ئۇ تەرلەپ كەتتى. قوناق غازاڭلىرى غاجىۋەتكەن قول ـ بىلەكلىرى تەرلىگەندىن كېيىن زەھەردەك ئېچىشىپ كەتتى.

* * *

ـ قەمبەرنىسا سويمىدىن بىرنى يېرىپ بېرەي يەمسىز؟

ـ ياق.

ـ نېمشقا ئەمدى، بىللا قەسەم ئىچىپ بېرەي، خەققە دەپ يۈرمەيمەن. ئۇسساپ كەتكەنسىز؟

ـ ...

ـ بىلمەن، تاغام شۇجى بولغاندىن كېيىن ماڭا گەپ قىلمايدىغان بولدىڭىز...

ـ شۇ چوشقا..

* * *

تاز بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ ئىچىدە تاغىسىنى مىڭنى تىللىدى. « ئۇ پومىشچىك ئەۋلادى، جاھىل كېلىدۇ» دېگەن، «ئۇسساپ قۇرۇپ كەتسىمۇ يېگىلى ئۇنىمايدۇ «.

قەمبەرنىسا بىرىنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدى، ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى. تىخچە ئېتىزلىقتا قوي چىقمايۋاتاتتى. ئۇ كالتە ئىشتىنىنى نازۇك ھالەتتە ئېگىزلەپ قويۇپ، تېلىپ كەتكەن بېلىنى تۈزلىۋېلىش ئۈچۈن مەيدىسىنى كەردى. ئولتۇرۇپ يەنە ئىشقا تۇتۇندى.

تازنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ يۈرەكلىرى پۇچىلىنىپ كەتتى. «ئانام بولسىمۇ ئېلىپ بېرەرمىدىكىن؟» ئۇ مەيدىسىنى نەم يەرگە يېقىپ يېتىۋالدى.

* * *

قەمبەرنىسانىڭ ئالدىغا بىر تۆرغاي ئۇۋىسى ئۇچرىدى. ئىچىدە تېخى يېڭىلا چىققان ئۆلەمجان بولۇپ قالغان تۆرغاي بالىسىدىن ئىككىسى تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى شۇرردە ئېرىپ كەتتى. ئىچى ئاغرىپ يىغلاپ سالدى. بوغداي ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئانىسى تاشلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ. قۇش ئاغزىنى يوغانراق ئېچىشقىمۇ ماغدۇرى يەتمەيۋاتاتتى. ئەتلىمە گۆش بەدىنى، تۈكى يوق قاناتلىرى دىرىلدەپ تۇراتتى..

ئۇ دادىسىنى ئويلىدى. ئۇ ھاشارغا كەتكىلى خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالدى. ئاغرىقچان بولۇپ قالسىمۇ قايتقىلى قويمايۋاتاتتى. ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. كۆڭلى بەك پەرىشان بولدى. ئۇ يەنە ئەتراپقا قارىدى. يىراقتىن ئاچ قويلارنىڭ مەرەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئەمدى قورسىقىنىڭمۇ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ ئالدىراپ قاپچاقنى يۈدۈپ قايتىشقا ماڭدى. خامانلىق يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئاسمان پەلەك دۆۋىلەنگەن بۇغدايلارنى كۆردى. كۆڭلى دەرھال ئېچىلىپ قالدى. ئەتە ـ ئۆگۈن ھەممە ئۆينىڭ ئېشەكلىرى يىغىلىپ خامانغا قېتىلىدۇ. ئېغىزلىرىغا تۈۋرۈلغا تۇتۇلىدۇ. تۇتۇلغان تۈۋرۈلغا ئورنىدا كونا شەپكە، ئەسكى تۇماقلار، باللار «خامان لاي لاي»غا تۈۋلاپ قايسى ئېشەك قۇيرۇقنى كۆتەرسە قاچىسىنى كۆتۈرۈپ شۇنىڭ كەينىگە چاپىدۇ.

خامان ئايرىشقا خېلى بار.

ئۇ، خاماندا تېخى پىشىپ كەتمىگەن بىر باغلام كۆكۈش بۇغداينى كۆردى. ئۇ بۇغدايغا قاراپ: «قوقاسقا تۇتىۋېتىپ يېسە...» دەپ ئويلىدى. بۇرنىغا خام بۇغداينىڭ مىزىلىك پۇرىقى پۇرىدى. ئۇ ئەتراپقا قارىدى. ھېچ كىشى يوق. قاپنى يەرگە قويۇپ بىر تۇتام ئالدى. كۆتەك تەرىپىنى تولغاپ ئۈزۈشتۈرۈۋەتتى. ئېتىكىگە سېلىۋىدى. ئىككى تەرەپتىن كۆرۈنۈپ قالمىدى. ھازىر ئېتىزلىق بويىدىكى جىگدىلىك بىلەن ماڭسا بىرەر ئادەممۇ كۆرۈپ قالمايدۇ. ئۇ ئاش پىششىتىن بۇرۇن يېگۈدەك بىر نەرسە تېپىلغىنىغا خۇش بولدى. ئۇكىسىغا قانچىلىك بېرىشنى ئويلىدى. بەرمىسە ئۇ چوقۇم غەلۋە قىلىدۇ. «ئانام خاپا بولسا قانداق قىلارمەن» دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ قاپنى ئۈشنىسىگە ئارتىپ ماڭاي دەپ تۇراتتى. تازنىڭ شۇجى تاغىسى كېلىپ قالدى. ئۇ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ «كاپ» قىلىپ قولىدىن تۇتتى .

ـ زومىگەرنىڭ بالىسى تۇتتۇمما!ـ  دېدى .

قەمبەرنىسا تورغاي باچكىسىدەك تىترەپ كەتتى.

*          *          *

تاز ئۆزىنىڭ يۈرەكسىزلىكىگە كۆپ كايىدى. ئۇ ئېڭىزلىقتا يالىڭاچ پۇتى بىلەن ئاۋايلاپ مېڭىپ قەمبەرنىسانىڭ ئارقىسىغا كەلدى ۋە كۆزىنى ئېتىۋالدى .

ـ پاختىمۇ؟ تاشمۇ؟

قەمبەرنىسا:

ـ ۋاي ئانا!ـ  دەپ ۋارقىراپ تازنى كەينىگە ئىتتىرىۋەتتى. ئۇ ئېڭىزلىقتا ئولتۇرۇپ قېلىپ ۋاي ۋايلاپ كەتتى. يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. قەمبەرنىسا قاقاقلاپ كۈلۈپ قاپنى سۆرەپ قاچتى.

ـ ھەي، قەمبەرنىسا قوغۇن بېرىمەن، توختاپ تۇرغىن، ئاناڭغا ئالغاچ كەت!

*          *          *

تاز ساتما ئۆگزىسىدە ئاچچىق پىچاندىن بىرنى چايناپ ئوڭدا ياتاتتى. ئۇنىڭ نەي چالغۇسى كەلمىدى. شۇجى تاغىسىنىڭ بىر قېتىم قەمبەرنىسانىڭ ئارقىسىدىن بىر خىل قاراپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. «مەن ئۇنى ئالىمەن دېسەم ئۇ مېنى چوقۇم ھاشارغا ئەۋەتىدۇ» دەپ ئويلاپ كۆڭلى غەش بولدى.

قەمبەرنىسانىڭ مېڭىپ نەگە بارغانلىقىنى ئويلىدى. كۆز ئالدىغا ئۇنىڭ قاپ يۈدىگەن تۇرقى، يانتاقلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈشلىرى كەلدى. «قەمبەرنىسا خاماندىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ خاماندا ئولتۇرۇپ ئارام ئالغۇسى كەلسە، ئاندىن بىردەم يېتىۋالغۇسى كېلىپ ئۇخلاپ قالسا...» ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. «ئاستا بېرىپ بىرنى سۆيىۋالسام، تۇيماي قالسا»، ئۇ ساتمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ خامانلىق تەرەپكە چاپتى. لېكىن بىردەمدە تۇرۇپ قالدى.

ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ شۇجى تاغىسىنى ئويلىدى. يۈرىكى «قارت»» قىلىپ ئېچىشىپ كەتتى. «شۇجى تاغىسى ئۇنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قالسىچۇ؟ كۆرەش قىلارمۇ؟ بوينىغا بۇغداي ئۇچلىرىنى ئارتىپ، قىلتىرىقلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتسە، چىرايلىق بويىنىنى غىجىۋەتسە، دىمىق، بۇغداي ئۇنچىلىرى تەرلىتىپ چايان چاققاندەك ئېچىشتۇرسا»... ئۇنىڭ يۈرىكى پىچاق تىلىغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئەزەلدىن مۇنداق ئېچىشىپ باقمىغانىدى. ئۆزىمۇ ئۇقماي ئىڭراپ تاشلىدى. قاتتىق تىت-تىت بولدى. قېنى قىزىپ يۈزى ئوت ئېلىپ كەتتى. ئويلىسا ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ مۇنداق ئازابلانمىغانلىقى ئېسىگە كەلدى. ئاكىسىنى يار بېسىۋېلىپ ھاشارچىلار زەمبىلدە كۆتۈرۈپ كىرسىمۇ يۈرىكىنىڭ مۇنداق ئېچىشمىغانلىقىنى ئويلىدى.

ئۇ ساتمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ خامانلىق تەرەپكە چاپتى. ئالدىرىغانىسىرى يول ئاۋۇمايتتى. ئېڭىزنىڭ پۇتىغا كىرگەنلىكىنى تۇيمىدى. يانتاقنىڭ پۇتىغا سانچىلغانلىقىنىمۇ تۇيمىدى. خامانلىق قېشىغا بارسا قاپچاق يەردە يېتىپتۇ. قاغدىلار چېچىلىپتۇ. ئۇ يۈگرەپ خامانى بىر چۆرگىلىدى. قاراڭغۇ چۈشكەن تەرىپىدە بىر مۇنچە يەرنىڭ بۇغدايلىرى چېچىلىپ كېتىپتۇ.

پىتىقلانغان، دەپسەندە قىلىنغان. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن يەرگە قاراپ دىرىلداپ تىترەپ تۇرۇپ كەتتى. «ئاھ خۇدا» دەپ بېشىنى ئاسمانغا كۆتۈردى. كۆزىگە، ئاسمان پەلەك دۆۋىلەنگەن بۇغداي ئۇنچىلىرى ئۈستىدىن چىقىپ تۇرغان موما كۆرۈندى. ئۇنىڭغا بىر ئورغاق سانچىپ قويۇلغان بولۇپ، كەچكى شەپەق نۇرىدا خۇددى ھىلال ئايدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ غەزەپ بىلەن خامان ئۈستىگە ياماشتى. ئۈستىگە چىققاندا غەرپ تەرەپ ئۇپۇقى خۇددى قاندەك ئۇيۇپ، چەت چۆرىلىرى زەرداپتەك ئاقىرىپ تۇراتتى. ئەمدى ئورغاققا قولىنى ئۇزىتىشىغاا پەسكە سىرىلىپ دومىلاپ كەتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە خامانغا ياماشتى...

1997- يىلى

# يەڭگىلتەك ئادەم

ئۇ ئاخىر بىر پۇرسەتتە يەنە قېچىشقا ئۇرۇندى. «ئۆزىچە بۇ قېتىم چوقۇم قېچىپ كېتىمەن» دەپ ئويلىدى. ھويلىغا چىققاندا ئېسەنكىرەپ قالغان بولىسمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىرادىسىدىن گۇمانلانمىدى. ئەتراپ قىشنىڭ سوغۇق ھەم ئېغىر ئاي نۇرى ئاستىدا جىمجىت ياتاتتى. ھويلىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېرىقتا سۇ ئېغىر ھالسىراپ ئېقىۋاتاتتى. ئېرىق بويىدىكى دوك جىگدىلەر كېرىلەلمەي بىئارام بولۇۋاتقاندەك مۆكچىيىپ تۇراتتى. چوڭ قېيىنى ئانىسى- پىرىخون موماي كولىۋالالمىغان جىگدە يىلتىزلىرى ئاي نۇرىدا كۆز يېشىدەك پارقىراپ تۇراتتى. ئالدىدا- كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە شالىلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن چوڭ دەرۋازا، ئۇنىڭ قېشىدا ئەبجەق تراكتور قېرى مويسىپىت كىشىدەك تۇراتتى. پەقەت مۈشۈ قورۇق ئىشىكتىن چىقىپ كەتسىلا بولاتتى. ئارىلىق بەك قىسقا، پەقەت ئىشىكتىن چىقىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كەتسىلا بولغىنى، پەقەت شۇنچىلىك ئىش. ئۇ نەچچە قېتىم چىقىپ كېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىشەنچىسىنى يوقاتقانىدى.

ئۇ ئارقىسىغا بىر قاراپ قويدى. بۇ ئۇلارنىڭ قەدىم جايى ئىدى. ئۇ شۇ تاپ بىر ئۇھ تارتىۋېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. قورۇقنىڭ ئەگرى- بۈگرى ئەنجان تېمى سوزۇلۇپ ياتاتتى. تەكشى يەرلىرى ئاي نۇرىدا ئاقىرىپ غايەت زور ئېكراندەك كۆرۈنەتتى. بۇ قورۇق تۈنجى قېتىم ھاسراپ قېرىپ قالغاندەك كۆرۈندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى بىر ئاز يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. مېڭىپ كۆۋرۈككە قەدەم باستى. بىردىنلا شامال چىقىپ ئېرىق بويىدىكى جىگدىلەر شاراقشىغان ئاۋاز چىقىرىۋەتتى. ئۆي ئىچىدىن چۇقان- سۈرەن ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. ئۇ بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى. ئايالى ئىچ كىيىمى بىلەنلا بالىنى سۆرەپ چىقتى. ئارقىدىن قېينانىسى قىزىنى باشلاپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ قېينانىسى ھاسىمۇ ئىشلەتمەي ئالچاڭلاپ چىقتى. ئايالى ۋارقىراپ تىللاپ كەتتى:

ـ ھەي جۇۋاينىمەك، لامزەﷲ، بىچارە باللىرىڭغا قارىماسەن! ساڭا بۇ يەردە نېمە كەم؟ ھۇ، تېگى پەس، شۇ يېشىڭدىمۇ قېچىشقا ئۇرۇنامسەن؟ بۇ يەر سېنىڭ، ئاتا- بوۋاڭ سەنچىلىك كۆن كۆرەلمىگەن. ئەمدى ساڭا نېمە زىيان قىلدى؟ ھۇ تۇز كور.

ئۇ بالىسىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. بالا ھازىر تاياقتا پىسەنت قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. قانچە ئۇرسىمۇ يەنە مۇگدەپ تۇراتتى. بىر قولى چاتىرىقىدا ئىدى. ئۇنى قانچە ئۇرسۇن غىڭ قىلىپ قويمايتتى.

ـ ھەي دىلپارەم، ئۇنداق قىلمىغىن، ساڭا بۇ يەردە نېمە كەم، بالاڭنى، قىزىڭنى ئويلىغىن.

ئەمدى ئالداش باشلىنىپ كەتتى. بۇ ئىشلار بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغان، قانداق قىلمىسۇن ئۇرۇنۇشلىرى بىكار كەتتى. كونا ئەنجان تامدىن غەلىتە سۇرەتلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. سوپىلار نالە- پەرياد كۆتۈرەتتى. ئېسىل كىيىنگەن خوتۇنلار ناز- كەرەشمە بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەن. ئايالى، گومۇش بالىسى ۋە باشقىلار شاھانە تونلارغا ئورۇنۇپ ئولتۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن قورۇقنىڭ ئىچىنى شاۋقۇن- سۈرەن قاپلاپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى بەڭنى كۆپ چېكىپ قويغاندەك ھېس قىلدى. سېدىلەردىن ئالملار تۆكۈلۈپ چۈشەتتى. قوي- كاللار بىر- بىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشاتاتتى. مەجنۇن تاللاردا ئۈزۈم پىشىپ مەي بولۇپ كەتكەن، ھەرىلەر ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئېرىقتا سۇ پورۇقلاپ قايناپ، بېلىقلارنىڭ ئازابلىق نالىسى ئاڭلاندى. چوڭ قېينانىسى چېكىدىغان چىلىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بالىسى ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدى. ئۇ ئانىسىنىڭ قولىنى بىرلا چىشلىۋېدى، ئايالى چىرقىراپ، ئۇنىڭ ئۆسكىلەك چېچىدىن قولىنى بوشاتتى. بالا يۈگۈرۈپ ئۆزىنى ئۆستەڭگە ئاتتى. ئۇ يا پىشىپ قالدى ياكى قېچىپ قۇتۇلدى. ئۇ ئەمدى بالىسىنىڭ پۈتۈنلەي گومۇش بولۇپ قالمىغانلىقىنى بىلدى. ئۇنى ھېچ كىشى قوغلاپ قويمىدى. ھويلا بىراقلا جىمىپ كەتتى. ئىشىك تۈۋىدە كونا تراكتور مەغرۇر تۇراتتى. ئۇ تراكتورنى ئۆزىدىن نورمال ھېس قىلاتتى. پەقەت ئۇنىڭ قۇلىقىنى يارغۇدەك چىقىدىغان ئاۋازىلا ئۇنى بۇ غەۋغا، ئوي- پىكىرلەردىن خالاس قىلالايتتى.

ئۇ بۇ تراكتور بىلەن بىللە ئۆتكىلى ئۇزۇن يىل بولدى، ئۇ چاغدا تراكتور يېڭى، ئۆزىمۇ ياش ئىدى، يەر ھەيدەيتتى. ئاۋازى بۇلبۇلنىڭكىدىن چىرايلىق ئاڭلىناتتى. كىشىلەر ھەۋەس بىلەن قاراپ كېتەتتى. ئەمدى ئۇ قېرىدى، ئۇمۇ قېرىدى. بۇ نەس باسقان قورۇدا ئۆلگۈچە بىللە ئۆتۈۋاتىدۇ. ئايالى ئۇنىڭغا تەگكەندىن كېيىن قېينانىسى كەلدى. ئارقىدىن چوڭ قېينانىسى كەلدى، ئىككى بالىلىق بولدى. ئەمدى ئۇ بۇ ئۆيدە پەقەت مالاي بولۇپ قالدى. ئايالى ئۇنى ياخشى كۆرگەندەك قىلاتتى. چوڭ قېينانىسى كېلىپ بۇ ئۆينى جىن ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. كېچە- كۈندۈز كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى .

ئۇ كونا ئۆيدە بىر توپ چاشقان بىلەن بىللە ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئۆيدىلا تۇراتتى. كۆرگەن ئادەمنىڭ تېنىگە تىترەك ئولىشىپ كېتەتتى. ئۇ كونا تراكتورنىڭ تۆرقى شۇنچە ئەبجەق بولغانلىقىغا قارىماي مېڭىشلىرى شۇنداق سالاپەتلىك. بۇ يۇرتتا ئۇ ئاغدۇرمىغان يەر قالمىدى. نەچچە يۈز يىللىق بىر قەبرىستانلىقنى بىر قىزىل لاتا ئېسىپ قويسا ھەيدەپ سالالاشقان ئېتىز قىلىۋەتتى. ئېگىز دۆڭ، پەس ئويمانلاردا بەخۇدۇك يۈرىۋېرىدۇ. باشقا تراكتورلار ئاللىقاچان ۋەيران بولدى. پەقەت ئۆزىنىڭ شۇ تراكتورى يەنىلا مەھەﷲ ئىچىنى پاتىپاراق قىلىپ كىشىلەرنىڭ قارغاشلىرىغا پىسەنت قىلماي، ئايالى ئاچقان بوز يەرگە قاراپ ماڭىدۇ.

گومۇش بالىسى يوق بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن قىزى مومىسىنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن چاشقانلار ئارىسىدا تۇرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ قېچىپ كەتكۈسى بار ئىدى. لېكىن قاچالمىدى. ئۆزىنىڭ ئىرادىسىدىن گۇمانلاندى. ئويلاپ ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولىنىمۇ ھېچ تاپالمىدى. شۇنداقتىمۇ قېچىش دېگەن ئۇقۇم ئۇنىڭ كاللىسىغا مەھكەم ئورنىشىۋالدى. ئۇ تراكتورغا چىقسىلا بولدى، ئۇنىڭ قاتتىق ئاۋازى ئۇنى باشقىچە ئادەم قىلىپ قوياتتى. ھېچ نەرسە ئويلىمايتتى. نېمىگە بۇيرۇسا شۇنى قىلاتتى. كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۆيىگە قايتسا ئايالى ئالدىغا چىقاتتى. تاماقنى تويغۇدەك يەپ قېينانىسى بىلەن بەڭنى ئوبدان چېكىشىۋالاتتى. ئۇ بارلىق ئوي- پىكىرلەردىن خالاس بولۇپ بەخت ئىچىدە ئۇيقۇغا كېتەتتى. پەقەت شۇنداق بىر كۈنلىرى قوپۇپ كېتىپ قېچىشقا ئۇرۇناتتى. موماي بەزىدە بىر خىل تىلدا گەپ قىلىپ كېتەتتى. ئۇ رادىئونى تولا ئاختۇرۇپمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بىرەر تىل تاپالمىدى. ھۇزۇرلىنىپ شۇنداق راۋان بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ كېتەتتى. بۇ چاغدا بۇ قەدىمي قورۇقنىڭ بىكار يېرى قالمايتتى. قىن- قىنىغا پاتمىغان دىۋە- پەرىلەر، ئەڭ ئېسىل مۇقام ناۋاسىدا شوخ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەن، ھاياسىز قىلىقلارنى قىلىشاتقان قاينام- تاشقىنلىق قاپلاپ كېتەتتى. مۇشۇنداق بىر كېچىسى ئۇ قېينى

ئانىسىنىڭ يوتقىنىدىن قوپۇپ قاتتىق سارىسىمىگە چۈشتى. بەزىدە چوڭ قېينانىسى كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتىپ قوياتتى. ئۇ ئىچىگە يانتاق ئۈنۈپ قالغاندەك بىئارام بولۇپ كېتەتتى.

ئۇ پەقەت بۇ ئۆيدىكى بىر ئويۇنچۇق. ئۇ كونا تراكتورنى پاقىلدىتىپ ھەيدەپ چىققاندىلا ئاندىن ئارام تاپاتتى. لېكىن قېچىپ كېتەلمەيتتى. ئەسلى قېچىپ كەتسە بولاتتى، لېكىن قېچىپ كېتەلمىدى. ئۆزىمۇ جاۋابىنى تاپالمىدى. پەقەت شۇنداق بىر كېچىلىرى ئويغىنىپ قوپۇپ ئۇرۇنۇپ باقاتتى. ئوغلى مۇۋەپپەق بولدى. ئۇ ھازىر يوق. ئۇ ئەسلى گومۇش ئەمەسكەن. ئۇ ئالدىدا ئۆزۈن يىل گومۇش بولۇۋالدى. ئايالىنىڭ ئۆزىنى قويۇپ بېرىشىنى كۆپ ئىلتىماس قىلدى. دۇمبالىدى، يالۋۇردى، قاچتى. مەيلى قانداق قىلسۇن مۇشۇ يوغان قورۇق ئىچىدە، ئۇ يەر- بۇ يەردىكى نەچچە يۇرۇش كونا ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدا قاتراپ يۈردى. ئۇنىڭ باشقا يەرگە بارغۇسى، بالىسىنى ئىزدەپ باققۇسى كېلەتتى. ئۆزىنى بۇ يەردە ئەرمۇ، قۇلمۇ، ئۆي ئىگىسىمۇ زادى نېمە؟ ئۇقالماي قالدى.

- تۈزكور، قارا! بۇ دېگەن جەننەت. سېنىڭ نېمەڭ كەم. ئاتا- بوۋاڭ سەنچىلىك كۈن كۆرەلمىگەن. شۇنچە مال دۇنيا، شۇنچە چوڭ قورۇ، قارا، دۆت ئېشەك، سېنىڭ نېمىشقا كۆيۈمىڭ يوق. باشقىلار سەنچىلىك كۈن كۆرەلمەيدۇ. شۇ يەرلەرگە بېرىپ نېمە كۆرەرسەن. كۆكلەپ كەتكىنىڭنى مەن بىر كۆرەي.

ئۇ ئىچىدە «بۇ يەردىن كەتسەم بارار جايىم دوزاخ بولسىمۇ مەيلى ئىدى» دەپ ئويلايتتى. «باشقا يەردە نېمە كۆرسەم كۆرەي، بۇ لەنتى يەردىن ئايرىلسام بولدى» دەپ ئارزۇ قىلاتتى. بەزىدە ئايالىنىڭ گەپلىرىگە قايىل بولۇپ ئىشىنىپ قالاتتى. مەيلى نېمە بولسۇن مۇشۇ ياشقىچە ياشىدى.

بۇ كۈنى ئۇ ئىشتىن ھېرىپ كېلىپ بالدۇرلا ئۇخلاپ قالدى. يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كەتتى. بۇ ئەتىياز كىرەي دېگەن ۋاقىت بولسىمۇ، تالادا يەنە خېلى سوغۇق بولۇۋاتاتتى. ئەتراپ ئۇنىڭغا ئادەتتىكىدىنمۇ يوغان ھەم بىپاياۋان كۆرۈندى. ئۆستەڭ دەريادەك كەڭ ھەم ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتاتتى. كۆۋرۈك قوناق غازىڭى قويۇپ قويغاندەك تىترەپ تۇراتتى. قېرى جىگدىلەر پەقەت قومۇش پۆپۈكىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشى تەستەك تۇراتتى. ئۇمىدسىزلىك ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تارام- تارام ياش چېقىرىۋەتتى. قىيا- چىيا ئاۋاز، ئايالىنىڭ چالۋاقاشلىرى يوق. لېكىن يەنىلا قاچالمايدىغاندەك تۇراتتى.

ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئوي كىرىپ قالدى. بۇنى بۇرۇن نېمىشقا ئويلاپ باقمىغاندۇ؟ نېمىشقا قېچىشى كېرەك. ياق قاچماسلىقى كېرەك. ئالدى بىلەن بۇ جىن- شەيتانلارنى قوغلاش كېرەك. ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ قېرى موماي تۇرىدىغان كەپىنىڭ قېشىغا كېلىپ چەﷲ باراڭغا ئوت يېقىۋەتتى. قۇرۇپ كەتكەن چەﷲ قاراسلاپ كۆيۈپ بىردەمدە پۈتۈن قورۇقنى يورۇتۇۋەتتى. چاشقانلار چىرقىراپ قاچاتتى. پوك- پوك يېرىلاتتى. ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتتى. دىۋە- پەرىلەرنىڭ داد- پەريادىمۇ ئاڭلانمىدى. ئۇنىڭ ئەمدى ھاردۇقى چىقتى. ئەمدى ئۇ نەگە بارىمەن دېسە بارالايدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئەمدى بەربىر. ئۇ جايىدىلا ئۇخلاپ قالدى. تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ قارىسا، كونا كەپىنىڭ ساپساقلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق سارىسىمىگە چۈشتى. ئۈمىدسىزلەندى. ئۇنىڭ مېڭىسىگە قان قۇيۇلۇپ دۈملا چۈشتى.

1996- يىلى

# سەن يەنە كېلىسەن

بۇ سوۋغىنى ئېلىپ قويغىنىمغا خېلى ئۇزۇن بولدى. بىراق ئۇ يەرگە بېرىش- بارماسلىق توغرىسىدا كۆپ ئويلىنىپ ئاخىر بارىدىغان بولدۇم. سوۋغىمۇ ئاددىي- بىرى چوڭ، بىرى كىچىك خالتىدا گۈلە- قاق. مۇنداق دېلىغۇل بولۇپ بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆتكەنكى خېتىدە خۇددى مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئاجرىشىپ كەتكەندەك بىر مەنا باردەك تۇراتتى. ئىشقىلىپ ئۆزۈمچە بىر يوقلاپ قويۇش مەجبۇرىيىتىم بار دەپ ئويلايتتىم. بۇرۇن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قوشۇلمىغاچقا توي قىلالمىغان ئىدۇق. كېيىن تاسادىپى ئۇچرىشىپ قالغاندا مەن ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن داتلىغىنىنى ئاڭلاپ، «ئاجرىشىپ كەتسەڭ مەن ئالىمەن» دېگەن. بىراق ئۇ توي قىلغاندىن كېيىن بالىلىق بولۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ نىيىتىمدىن ياندىم. هازىر ئۇنى ئېلىش نىيىتىم يوق. مۇنداق قىلسام بەك چوڭ بەدەل تۆلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتىم.

ئاپتوبۇستا بىر ئۇخلاپ ئويغانسام كېلىپمۇ قاپتۇق. مەن هامان ئۆزۈمنى ئۇيقۇغا زورلايتتىم. ماشىنىدىن چۈشۈپ يول بويىدىكى بىر ئىدارىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئولتۇرغان ئىكەن. ئەدەپ بىلەن :

- تېلېفون ئۇرۇۋالسام بولامدۇ؟- دەپ سورىدىم .

ـ بولىدۇ ـ  دەپ قالدى .

تېلېفون دەپتىرىنى ۋاراقلاپ نومۇرنى تاپتىم. ئۆزۈمچە بۇ قىسقا سەپەر خېلى ئوڭۇشلۇق بولغاندەك تۇراتتى. ماشىنىغا چىقىشتىن تارتىپ، ئورۇندۇق ئىگىلەش، ماشىنىنىڭ بۇزۇلماي كېلىشى... تېلېفوننى ئېلىپ ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك يۈرىكىم ئىختىيارسىز ئېغىر سوقۇپ كەتتى.

ـ  مەن، مەن تۇرەم، ياخشىمۇسەن؟ـ  دېدىم.

ئۇ ماڭا بۇرۇن شۇنداق ئىسسىق قويۇۋالغانىدى. قارشى تەرەپتىن خېلىغىچە ئاۋاز چىقمىدى. مەن يۈرەك سوققاندەك ئاۋازنى ئاڭلىدىم. تۇرۇپكىنى مەيدىسىگە يېقىۋالغان ئوخشايدۇ. قارىغاندا ئۇنىڭمۇ يۈرىكى سوقۇۋاتسا كېرەك.

ـ تۇرەم، قاچان كەلدىڭ، ياخشىمۇسەن؟

ـ ياخشى، تېخى هازىر كېلىشىم.

ـ مەندە بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟

ـ ...

ـ ۋەي، نېمانداق گەپ قىلمايسەن. بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭ؟

ـ سېنى كۆرگىلى كەلگەنىدىم.

ـ هېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

ـ شۇنداقمۇ؟ قانداقراق كېتىۋاتىسەن؟

ـ يامان ئەمەس.

ـ بالاڭ قانداقراق، چوڭ بولۇۋاتامدۇ؟

ـ ياخشى، ئانام قاراۋاتىدۇ. مېنى ئاچا دەيدۇ.

ـ ئۇ چىرايلىقمۇ؟

ـ ئۇ بەك چىرايلىق، كۆرسەڭ ئامراق بولۇپ قالىسەن.

ـ ساڭا ئوخشامدۇ؟

ـ ياق، ئۇ ساڭا ئوخشايدىغاندەك.

ـ نېمە؟!

ـ ساڭا ئوخشايدىغاندەك، بۇرۇنلىرى، كۆزلىرى، ئىشقىلىپ ساڭىلا ئوخشايدۇ.

ـ دېمەكچى بولغىنىڭ...

ـ مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن، بىراق كىمنىڭ بالىسى مەنمۇ تازا ئۇقالمايمەن .

«غۇژژىدە» بولۇپ پۇتۇن بەدىنىمدىن ئاچچىق تەر چىقىپ كەتتى. بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ـ بۇ قانداقىسىگە مۇمكىن بولسۇن؟

ـ ئۆزۈڭ ئويلاپ باقمامسەن.

ـ باشقا گەپنى كېيىن دېيىشەيلى، ۋاقتىڭ بارمۇ؟

ـ بار. سەن ھازىر نەدە؟

ـ قۇمكۆل ماگزىنى قېشىدىكى ئىدارىدە.

ـ ئەمىسە، ماگزىن ئالدىدا تۇرۇپ تۇرغىن بولامدۇ؟

ـ بولىدۇ .

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ ئالدىمغا كەلدى. قارىماققا سەمرىپىمۇ قاپتۇ، ئاقىرىپتۇ. بەك چىرايلىق كىيىنىۋالغانىدى. پۈتۈم توڭغاچ توختىماي پۈتۈمنى يەرگە ئۇراتتىم. ئۇ يېقىن كەلگەندە گىرىمنى زىيادە ئىشلىتىدىغانلىقىنى سەزدىم.

ـ ياخشىمۇسەن؟

ـ ياخشىمۇسەن؟ ئۇزاق بولدى كۆرۈشمىگىلى.

ـ شۇنداق، سەنمۇ بۇ تەرەپلەرگە كەلمەي قويدۇڭ.

بۇ چاغدا بىر ئايال تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى چېچىدىن تارتىپلا ئوڭدىسىغا يىقىتىۋەتتى ۋە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقا باشلىدى. مەن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم ۋە دەرھال ئاخشام كۆرگەن چۈشلىرىمنى ئەسلىدىم. بۇ ئىشتىن ھېچقانداق بېشارەت تاپالمىدىم. نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەيلا قالدىم. ئۇمۇ بوش ئەمەس ئىكەن، ئىرغىپ قوپۇپ ئۇ ئايالغا ئىككى ـ ئۈچ مۇشت سېلىۋەتتى. ئۇلار پومىلاقلىشىپ كەتتى .

كەلگەن ئايال :

ـ ئېرىمنى بۇزدۇڭ جالاپ ـ دېدى .

ئۇ :

ـ چىدا، نوچى بولساڭ سەنمۇ قىل ـ دىدى .

ئاندىن سەت تىللىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ يامان ئېغىزى قاچانلاردا مۇنداق سەت تىللارنى ئۆگەنگەن بولغىيتتى؟ دەپ ھەيران قالدىم. بىردەمدە ئادەم ئولىشىپ كەتتى. بىر ئايال مېنىڭ تۇرقۇمغا قاراپ:

ـ ئۇ ئايالىڭىزمۇ؟ ـ دەپ سورىدى .

مەن بويۇنلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم. «ئۇنى مەن ئالغان بولسام، ئۇ خەقنىڭ ئۆيىنى بۇزىمەن دەپ يۈرسە، باشقىلار بىلەن ئاشنا بولۇۋالسا ـ ھە«...

مەن جاۋاب بەرمەي باشقا ياققا قارىۋالدىم. ئۇلارنى باشقىلار ئاجرىتىۋەتكەندىن كېيىن، قارىسام ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇق، باياملقى گۈزەل تۇرقى، گىرىملىرى يوقاپ كېتىپتۇ. كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ كەتتى. ئىچىمنى بىر خىل خورلۇق تۇيغۇسى قاپلىۋالدى. «ئۇ باشقا ئادەم بولۇپ كېتىپتۇ .«

ئۇلارنىڭ ئاغزى بېسىلماي تىللىشىۋاتاتتى. مۇنداق سەت تىلنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، ئۇنىڭ كۆزىدىن ياشمۇ چىقمىدى. مەن تىكىۋېتىش خىيالىدا بولدۇم. لېكىن مىدىرلىيالمىدىم. ئېغىر كەلگەن خالتىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. باشقىلار ئۇلارنىڭ كىيىمىدىكى توپىلارنى قېقىشتۇرۇپ، كىيىملىرىنى تۈزەپ قويدى ۋە تارقاپ كەتتى. كېيىن قارىسام يالغۇز قاپتۇق. ئۇ ھېچ نەرسە دېمىدى. مەن گاراڭلىقتا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەلمىدىم، ھەم بايا پومىلاقلىشىپ كەتكەن ۋاقتتا ئاجرىتىپمۇ قويمىدىم.

**ئۇ ئۆزىنى تۇزەشتۈرگەچ ماڭاتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئۈن- تىنسىز ماڭدىم. ئۇي- پىكرىم بەك چىگىش ئىدى. خىيالىمغا پەقەت ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھالىتى كېلەتتى. ئەپسۇسلىناتتىم. نېمە دېيىشىمنى پەقەت بىلەلمەيتتىم. شۇ تۇرقىدا، ئالاھەزەل بىر سائەت يول مېڭىپتۇق ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ماڭغاندۇق، ئىشقىلىپ كۆرگەن ئادەملەر، ماڭغان يوللارنىڭ كاللامدا ھېچقانداق تەسىرى قالمىغانىدى.**

**- راستىڭنى دېگىنە، ئۇ زادى كىم؟ نېمىشقا مۇنداق قىلىدۇ؟**

**- ...**

**- گەپ قىلساڭچۇ!**

**- مۇنداق گەپ، ئۇ ئايالنىڭ ئېرى مېنىڭ ئوقۇتقۇچۇم ئىدى. خېلى ياخشى ئۆتەتتۇق. خوتۇنى ئۆزىچىلا كۈنلەپ.... بۇنىڭ بىلەن نەچچە قېتىم بولدى، يولدا توسۇپ تىللىغىلى، ئىدارىگىمۇ تېلېفون بېرىپتۇ. بەك ئەسكى خوتۇن. ئۆزىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرى يادىدا يوق، مىنى ئېرىدىن كۈنلەپ يۈرىدۇ.**

**- بىرەر ئاساسى بولمىسا ئۇنداق قىلىشى ناتايىن، سەن شۇ دەرىجىگە يەتتىڭمۇ؟ راست گەپ قىل، ئىشقىلىپ ماڭا بەرىبىر. دەۋەرگىن.**

**- ئەمدى سەنمۇ ماڭا ئىشەنمەمسەن؟**

**- مەن قانداق ئىشىنەي، يەنە بۇنىڭ نېمە ھاجىتى، راستىنى دەۋەرسەڭ بولمىدىمۇ؟ ئىشقىلىپ سېنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا ھېچقانداق مەسئۇلىيىتىڭ يوق. زادى يوق، نېمە قىلساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى!**

**- تۆرەم، گېپىمنى تولۇق ئاڭلىمىدىڭ. ھېچقانداق يەردە ئۇنداق ئىش يوق. كاللام ئېلىشىپ قالاي دەۋاتسا نېمانداق گېپىمگە ئىشەنمەيسەن، يوق دېگەندىكىن يوق.**

**مەن باشقا گەپ قىلمىدىم. كاللام ئىشلىمەي قويغاندەك قېتىپ تۇراتتى، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنى كۆرۈۋالدىم. ھازىر ئۆزۈمنىڭ ئۇنى شۇنداق ئارمان قىلىپ كەتكەنلىكىمدىن ھەيران بولدۇم. ئۇنى ئەسلىسەم بەزىدە ئۇ شۇنداق چىرايلىق، ۋاپادار، مېھرىبان كۆرۈنەتتى. ئەمدى كوچىغا چىقىپ كەتكەن ئاياللاردىن پەرقى قالمىغاندەك تۇيۇلدى. بۇرۇن ئۇنى «تېگى پەس» دېسە ئىرەڭ قىلماپتىكەنمەن. ھازىر مەن تونۇيدىغان «ئۇ» ئىككىگە ئايرىلىپ كەتتى. بىرسى ھازىرقىسى، ئەمەلىيەتتە مەن ئۇچۇن ھەر ئىككىسى بەرىبىردەك ئىدى.**

**- كاللام بەك ئېلىشىپ كەتتى. مەن بىلەن بىردەم بىرگە بولساڭ باشقا ئالدىراش ئىشىڭ يوقتۇ؟**

**- ھە، باشقا ئىشىم يوق.**

**- ئەمىسە، باغچا تەرەپلەرگە بارايلى، كەينى ئىشىكتىن چىقىپ كەتسەك بولىدۇ.**

**- مەيلى ئىختىيارىڭ، ماڭا بەرىبىر.**

**- سەنمۇ ئۆزگىرىپسەن، گەپلىرىڭ بەك سوغۇق.**

**- سوغۇق بولسا نېمە بوپتۇ، ئىشقىلىپ مەينەت ئەمەس.**

**- بۇ نېمە دېگىنىڭ؟!**

**- ھېچنېمە...**

**- ئۆزگىرىپسەن دېسەم، يەنە بىر تەرەپتىن تېخى پەقەت ئۆزگەرمەپسەن، تۇرمۇشنى... دېمەكچى تۇرمۇشتىكى ئىسسىق-سوغۇقنى كۆرمىدىڭ. بۇرۇنقى ساددا پېتىڭ قاپسەن، ئۆزۈمنى ئېيتسام، ھەي ي ي، جىق ئىشلارنى كۆرۈپ كەتتىم. بەزىدە ئۆزۈمنىڭمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.**

ئۇ ئەمدى ئېغىر- بېسىق، تەمكىن بولۇپ قالدى. قارىماققا ھازىر ئۇ مەندىن چوڭ كۆرۈنەتتى. ئەمدى ئۆزۈمنى ئۇنىڭ يېنىدا بىرئاز قىسىلىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. كەيپىياتىممۇ تېز ئەسلىگە كەلدى. مەن ھەيران بولاتتىم.

- ئۆتمۈش قايتىلانمايدۇ، شۇنداقمۇ؟- دەپ سوراپ قالدى ئۇ.

- ئەلۋەتتە، قايتىلانمايدۇ. ئۆتمۈش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىغىنىڭ تۈزۈك. شۇ ئاغزىڭدىن ئۇ گەپلەرنىڭ چىققىشىنى خالىمايمەن.

- تۆرەم، سەن نېمانداق سوغۇق گەپ قىلىسەن، بۇرۇن شۇنداق چىرايلىق گەپ قىلاتتىڭ. سەن كەتكەندە بولسا سېنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزۈڭنى سېنى دوراپ يادلايتتىم. سۆرە يادلىغاندەك دائىم ئۆيقۇم قاچقاندا پىچىرلاپ چىقاتتىم. قىزىق، سەن خىيالىمدا پەرىشتىگە ئايلىنىپ كېتەتتىڭ. نەچچە قېتىم ئۆيقۇلۇق ئىسمىڭنى دەپ سىلىپ تاياققا قالغاندىم. بىر قېتىم، بۇ ئىشقا خېلى بولدى، سېنىڭ خېتىڭنى ئوقۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئويغانسام ئۇ ئېلىۋاپتۇ. ئۆزى ئۆيغۇرچە كۆرەلمەيتتى، ئاچىسىغا كۆرستىپتۇ. بىلىپ مېنى كۆپ ئۇردى. ئاچىسى خەتنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى. مەن خىجىل بولدۇم، ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ ئاچىسى «سىڭلىم، مۇنداق ئىش مېنىڭ بېشىمغىمۇ كەلگەن، ئىشقىلىپ كۆرسەتمىگىن» دېدى. ئىككىمىز كۆپ يىغلىدۇق. ھازىر ئويلىسام شۇ ئىشلىرىمغا كۈلگۈم كېلىدۇ.

- ئادەمنى بىئارام قىلىپ ئۇ گەپلەرنى دېمىسەڭچۇ.

- ئۇ چاغدا، راست بىر قېتىم، ئاپتوبۇستا ئاتا- ئانام قېشىمدا، سەن ئۇچراپ قالدىڭ. سەن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئارقاڭدىن چۈشەي دېسەم، ئۇلار بار. چۈشمەي دېسەم خېلى ئۇزۇن بوپتىكەن سېنى كۆرمىگىلى. شۇ چاغدا جىلە بولۇپ يىغلاپ تاشلىغاندىم. كېيىن سەن كەتتىڭ، ئۇلارنى ئاپتوبۇستا ئازدۇرۇپ قېچىپ كەلدىم. سېنى كۆرگۈچە ئۆلۈپ قالدىغاندەك يول بويى سېنى بىر كۆرۈۋېلىشقا خۇدادىن مەدەت تىلەپ كەلگەنتىم...

- ئۇ چاغدا سەن كېلىپ ئەينەككە قاراپ، ئاندىن يول بويى يىغلاپ كەلگەنلىكىڭنى بىلگەنىدىڭ. ئۇ چاغدا سەن قانداق سۆيۈملۈك ئىدىڭ. يۈزلىرىڭ قىزىرىپ كەتكەن. چاققان، جۇشقۇن. ئىشقىلىپ بىز ھارغىچە قۇچاقلاشقانىدۇق. ئۆي بەك ئىسسىق ئىدى. تەرلىرىمنى سۈرتۈپ قوياتتىڭ، بۇرۇتۇمنى دائىم سەن ياساپ قوياتتىڭ، چېچىمنى تاراپ قوياتتىڭ. ئىشقىلىپ بەك مېھرىبان ئىدىڭ. ئويلىسام، مېنىڭ ھازىرغىچە توي قىلماسلىقىم شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. كېيىن تونۇشقانلارنىڭ ھېچقايىسىسى سەندەك ئەتراپلىق ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ مېنى ياقتۇرۇشىدىن گۇمانلىناتتىم. ھامان ئىشەنمەيتتىم. ئاخىر ئايرىلىپ كىتەتتىم. سەن ھەتتا مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭ. مەن يېڭى كىيىم كىيسەم سەن شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتەتتىڭ. ئېسىمدە قېلىشچە، ھازىرغىچە مېنىڭ كىيگەن كىيىمىمنى سەندەك ماختاپ باققان ئادەم يوق، ھېچكىم يوق. سەن تۈزەشتۈرۈپ كېتەتتىڭ.

مەن ئۆزۈممۇ ئۇقماي ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. ئەسلى مۇنداق بولمىسا بولاتتى. بىللە ياشاپ، بېشىمىزدىن كەچۈرگەن ئۇ ئىشلار بىر خىيالدەك ياكى چۈشتەك تۇيۇلدى. يەنە بىر تۇرۇپ خۇددى بىز ئەزەلدىن ئايرىلىپ باقمىغاندەك تۇيۇلدى پەرقى ئۇ بەك تەمكىن تۇراتتى. بۇرۇنقىدەك ئالدىمدا، يېنىمدا چىشىمنى قېرىشتۇرۇپ قىيغىتىپ، سەكرەپ يۈرمەيتتى.

باغچىنى گۈڭگىلىق باستى. ئۆزۈممۇ ئۇقماي تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىنى ئىسسىتتىم. ئورۇندۇقتىن مۇز چىقاتتى. مەن ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئورۇندۇقنى ئىسسىتىپ ئاندىن ئۇنى ئىسسىغان يەردە ئولتۇرغۇزدۇم. بىر ئازدىن كېيىن ئۇمۇ شوخلىشىپ كەتتى. بىراق ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئەمەس. ئادەم شالاڭلاپ كەتكەندە مەن ئۇنى سۆيۈۋالدىم. ئۇمۇ مېنى چىڭ قۇچاقلاپ قويدى. بىراق ئۇنىڭ ئېغىزىدىن بۇرۇنقى تەمنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. بىراق بۇرۇنقى تەمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى تازا ئېسىمگە ئالالمىدىم، ئېھتىمال، ئۇمۇ شۇنداق ئويلىسا كېرەك. بىز ئارقا ئىشىككە بارغاندا بىرئاز توختاپ قالدۇق. مەن ئۇنىڭغا ئۇزاق قارىدىم. دەرۋازا سىرتىدا ئادەملەر مىغىلدىشاتتى. شۇندىلا بايا چىرايلىق بىر چۈش كۆرگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئۇ مېنى ئۆز جىسمىمدىن پۈتۈنلەي ئايرىۋەتكەنىدى.

- تۆرەم، مۇنداق ئىش. سېنىڭ قولۇڭ خېلى ئەپلىك، ماڭا بىر ئەرز يېزىپ بەرگىن. چوقۇم بۇگۈن كەچتە.

- نېمە قىلىسەن؟

- ئەرز قىلىمەن. ئۇ مېنى چوڭ كوچىدىلا ھاقارەت قىلدى. ئۇردى. بۆھتان چاپلىدى. مەن ئەرز قىلمىسام بولمايدۇ.

ـ ئۆتكەنكى خېتىڭدىن بىر خىل مەنە چىقىپ تۇرغاندى. ئىشقىلىپ مېنىڭ هازىر سەن بىلەن توي قىلىش نىيىتىم يوق. چۈنكى بۇرۇنقىدىن بەك يىراقلاپ كېتىپسەن. مەن ئۇقالمىدىم. ماقۇل، يېزىپ بېرەي. بىراق سەن مېنىڭ خاتىرەمنى قايتۇرۇپ بەرگىن، بولامدۇ؟

ـ بولىدۇ. كەچ بولۇپ كەتتى. ئەتە ئەتىگەندە ئىشقا چىقىشقا ئۇن مىنۇت قالغاندا مېنى يول ئېغىزىدا ساقلاپ تۇرغىن، خاپا بولمىغىن، كۆڭلۈڭنى ئاللىمىدىم...

ـ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ هاجىتى يوق، بوپتۇ. كەچتە يېزىپ قوياي، تەپسىلىيرەك دەپ بەرگىن.

ئۇ كەتتى، مەن سوۋغامنى ئۇنىڭغا بەردىم. رەهمەتمۇ دەپ قويمىدى. ئەمدى كاللام ئېلىشىپلا كەتتى. بۇ ئىشلار شۇنداق ئېغىر بىسىم بولۇپ، تۈيۈقسىز ئېغىر چارچاش هىس قىلدىم. ئويلىناتتىم، ئىشەنگىم كەلمەيتتى. ئىشقىلىپ ئۇ مېنى بەك قايمۇقتۇرۇۋەتتى. ئۇ توغرۇلۇق قىلغان خىياللىرىم، ئارزۇلىرىمنىڭ هەممىسى يوققا چىقتى. ئەمدى ئۇنىڭغا ئەرز يېزىپ بېرىمەن. قارىغاندا ئۇ ھەقىقەتەن ئۈۋالغا ئۇچراۋاتسا كېرەك. ئالدىرىماي مېڭىپ بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. پاراڭلىشىپ ئۇزاق ئولتۇردۇق، ئۇ كەيپىمنىڭ بەك چاغ تۇرغانلىقىنى سېزىپ سوراپ قالدى. مەن هېچ ئىش بولمىغانلىقىنى دەپ تۇرىۋالدىم. ئاندىن كوچا ئايلىنىپ تاماق يېدۇق، بىر قاۋاقخانىغا كىرىپ بىر بوتۇلكا هاراقنى پاراك بىلەن ئىچىپ بولدۇق. بىز باللىق ۋاقتىمىزدىكى ئەسلىمىلەرنى سۆزلەپ كۆپ هۇزۇرلاندۇق. چالما سوقۇشى ئويىنغانلىرىمىزنى سۆزلەپ قالدۇق. ئاندىن ئۆز قوشۇنلىرىمىزنى ماختاپ سەل قىزىرىشىپ قالدۇق. كېيىن «كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇق» دەپ بىر-بىرىمىزگە تەسەللى بېرىپ قايتىپ كەلدۇق. ئۇ كىرىپلا ئۇخلاپ قالدى. مەن قەلەمنى قولۇمغا ئېلىپ «مەنكى XX ئىدارىسىدە ئىشلەپ تۇرغۇچىXX ، شۇ توغرۇلۇق مەهكىمەڭلارگە ئەرز سۇنىمەنكى...» دەپ باشلىدىم. يېزىپ بولغۇچە كۆزلىرىم تىقىلىپ ئاغرىپ بەك قىينىلىپ كەتتىم. ئاندىن بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ بەك تەستە ئۇخلاپ قاپتىمەن. چۈشۈمدە ئۇ شۇ بۇرۇنقى ياتاقتا تۇرارمىش. ياتاق بىر قەۋەت توپا ئاستىدا قاپتىمىش. ئۇ تۇرۇپا ئالدىدا ئولتۇرۇپ مەينەت قاچا- قۇچىلارنى يۇيۇۋاتقۇدەك. مەن :

ـ يۇيۇپ بولالمايسەن، تازىلاپ بولالمايسەن- دېگۇدەكمەن .

ئۇ :

ـ يۇيۇپ بولالايمەن، تازىلاپ بولالايمەن- دېگۇدەك.

قالغانلىرىنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئىشقىلىپ چالما سوقۇشتا ئاغىنەمنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چۇۋۇۋېتىپ چۈشەپ قاپتىمەن، قىزىق .

ئەتىگەن سەھەردە قوپتۇم. كاللام بەك ئېغىر، هاراق تۇتۇۋالغان ئوخشايدۇ. ئۇمۇ ئىشقا چىقىشقا تەرەددۇت قىلدى. مەن دوستۇم بىلەن خوشلۇشۇپ دېيىشىپ قويغان يەرگە باردىم. يېرىم سائەت بالدۇر بېرىۋاپتىمەن. كىشىلەر هەر تەرەپكە ئالدىراش كېتىشىپ باراتتى. مەن، پەقەت مەنلا ئۇ يەردە سۈكۈتتە كۈتۈپ تۇراتتىم. ئۆزۈمنى شۇنداق يالغۇز، غېرىب هېس قىلاتتىم. ئادەملەر شۇنداق يات كۆرۈنەتتى. يىگىرمە مىنۇت شۇنداق تەستە ئۆتتى. پەلتۇيىمغا چىڭ ئورۇنۇۋالدىم. پۇتۇمنى يەرگە ئۇرۇپ تۇراتتىم. پۇتۇمنىڭ بارماقلىرى سېزىمنى يوقاتقاندەك تۇراتتى. سوغۇقمۇ خېلى بولۇۋاتاتتى. بەزىلەر مېنىڭ بۇنداق سوغۇق ئەتىگەندە يول بويىدا تۇرغانلىقىمغا هەيران بولغاندەك قاراپ قوياتتى.

ئۇ ئاخىر كەلدى. ماسكا ئۇنىڭ كۆزىدىن باشقا يەرلىرىنى هىم يېپىپ تۇراتتى. شارپىنى مەهكەم ئۇرىۋالغاندى. قارىغاندا كېيىملىرى تۇنۇگۈنكى ئەمەس تۇراتتى. ئۇ ماسكىنىڭ بىر تەرىپىنى ئېلىۋەتتى. رەڭگى بىرئاز تاتىراڭغۇ ئىدى. ئۇمۇ تازا ياخشى ئۇخلىيالمىغان بولسا كېرەك. مەن ئۇنىڭغا يازغان ئەرزنى بەردىم. ئۇ قولىغا ئېلىپ ئىنتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

ـ مەن هازىر بېرىپ بۇنى قايتا كۆچۈرۈپ چىقىمەن.

ـ مەن خېلى تولۇق يازغاندىمغۇ؟

ـ ئۆزۈمنى ئاقلىمىسام بولمايدۇ. ئاندىن «بىر هالقام، بىر ئۆزۈكۈم يوقاپ كەتتى» دەپ تولۇقلايمەن.

- نېمشقا ئەمدى. يۈتمىگەن نەرسىنى يۈتتى دەپ يېزىپ نىمە قىلىسەن.

- ئۇنىڭ تازا بىر ئەدىپىنى بېرىپ قويمىسام، ئېرى بولىسا خېلى ياخشى، بۇ قېتىم قويۇۋېتىشى مۇمكىن.

- مەقسىتىڭ خەقنىڭ ئۆيىنى بۇزۇۋېتىشمۇ؟

- ياقەي، ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، ئالدى بىلەن ئۇ مېنى ھاقارەتلىدى- دە.

ئۇ سومكىسىدىن خاتىرىنى ئېلىپ بەردى. مەن ئۇنى مەقسەتسىزلا ۋاراقلاپ قويدۇم. بىر ئۇن- تىنسىزلا ماڭدۇق. خاتىرە ئارىسىدا بىر پارچە خەت تۇراتتى. يولدا ئۇنىڭ بىر تونۇشى ئۇچراپ قېلىپ پاراڭلىشىپ قالدى. مەن ئاستا ماڭغاچ بۇ خەتنى ئېچىپ ئوقۇدۇم. بۇرۇن ماڭا يازغان خەتنىڭ ئەندىزىسى ئىدى. بىر ۋاراق ئوقۇغاندىن كېيىن خەتتە شۇ خەت تەگمەكچى بولغان ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى ئارتىدىغاندەك مەنە تۇراتتى. شۈبھىسىزكى، بۇ تونۇگۇن ئۇرۇشقان ھېلىقى ئايالنىڭ ئېرىگە يازغان خەت ئىدى. بىراق نېمە سەۋەبتىندۇر ئەۋەتەلمەپتۇ. خەت ھەم چۈشكۈن، ھەم ئۈمىدۋار. ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى شۇ كىشىگە ئارتماي، تەقدىرگە ئارتىپ رېئالىزمچىلارنىڭ بەختسىزلىككە بەرگەن تەبىرىنى بېرىپتۇ. ئېسىمدە، مەندىمۇ ئۇنىڭ شۇنداق بىر خېتى بولىدىغان، بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇنداق خەتنى مېنىڭ خاتىرەم ئىچىگە سېلىپ قويسا- ھە....!

ئۇ بىردەمدىن كېيىن ماڭا يېتىشۋالدى. مەن بىرئاز ھاياجانلىنىپ ئاخىر يەنىلا ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. خەتنى ئۇنىڭ قولىغا بېرىش- بەرمەسلىك توغرۇلۇق كۆپ ئويلاندىم. سېلىپ قويۇپ، ئۇنتۇپ قالغاندەك تۇراتتى. مەن ئاخىر خەتنى ئۇنىڭ قولىغا بەردىم. ئۇ ئېچىپ بىر قاراپ، پۇرلاپلا يانچۇقىغا سالدى ۋە بېشىنى باشقا تەرەپكە بۇرۇۋالدى. گەپ قىلماي مېڭىۋەردۇق. يولدا ئادەملەر ئاۋۋالقىدىن شالاڭلاپ قالغانىدى.

- مەن ئەمدى كەلمەيمەن.

- ...

- بۇ ئاخىرقى قېتىم، ئېھتىمال، يىراق يەرگە يۆتكىلىپ كېتىشىم مۇمكىن.

- ...

- خەير خوش.

- سەن چوقۇم كېلىسەن، مېنىڭ تۆرەم. چۈنكى سەن مېنى ياخشى كۆرىسەن، مەنمۇ شۇنداق. بىز بۇنداقلا ئايرىلىپ كەتمەيمىز، شۇنداقمۇ ....

**1990- يىلى 12- ئاينىڭ 22- كۈنى.**

## مىراس

بوۋاي سەكراتقا چۈشۈپ قالدى، ئۇ ھازىرلا جان ئۈزىدىغاندەك ياتاتتى. پەرزەنتلىرى ئۇنى ئەمدى ياشيالمايدىغان بولدى دەپ ياشلىرىنى ئايىماي تۆكتى. بوۋاي بىلەن قانچە- قانچە قېتىم قىيالمىغان ھالدا ۋىدالاشتى .

بوۋاي يەنىلا شۇ پېتى يېتىۋەردى. پەرزەنتلىرىنىڭ ياشلىرىمۇ ئېقىپ تۈگىدى. بوۋاي بىلەن خوشلىشىشتىنمۇ زېرىكتى. ئەمدى ئۇلار بوۋايغا يان تەرەپتىن ئوغرىلىقچە قاراپ، ئۇنىڭ يەنە قانچىلىك ياشيالايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىدىغان، ھەتتا ئۇ قاچان ئۆلۈپ كېتەركىن دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. كۈتە- كۈتە ئۇلار ئاخىر بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەكراتنىڭ قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايلا قالدى .

ئۇنىڭ ئىككى كۆزى پارقىراپ تۇراتتى. چىرايى ئاللىقاچان مۇردا تۈسىنى ئالغانىدى. ئەگەر ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان ئىككى كۆزى بولمىغىنىدا، ئۇلار بوۋاينى ئاللىقاچان دەپنە قىلىۋەتكەنمۇ بولاتتى. بوۋاينىڭ بارلىق ھاياتىي كۈچى ئاشۇ بىر جۈپ كۆزىگىلا مەركەزلەشكەندەك بۇ كۆزلەر ئاللىقاچان سوۋۇپ كەتكەن مۇزدەك بەدەنگە سىرلىق پارقىراپ كىشىنى ۋەھىمىگە سالاتتى. بوۋاي سەكراتقا چۈشۈپ قانچە يىللار ئۆتۈپ كەتكەن چاغدىمۇ بۇ كۆزلەر ئەنە شۇنداق سىرلىق چاقناپ تۇرىۋەردى .

كېيىنچە بوۋاي يېمەك - ئىچمەكتىنمۇ قالدى. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى شۇ چاغدىلا ھاردۇقى چىققاندەك چوڭقۇر نەپەس ئالدى ۋە دەپنە ئىشلىرىنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. ئەپسۇسكى، بۇ تەييارلىقمۇ بىھۇدە كەتتى. ئۇلار كۈندىلا ئۇ كۆزلەرنىڭ يەنىلا چاقناپ تۇرغىنىنى كۆردى .

بوۋاي پەرزەنتلىرىنى ھەپتىدە بىرلا قېتىم قوبۇل قىلاتتى. قوبۇل قىلىش ۋاقتى بەكمۇ قىسقا ئىدى. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى، كۈيئوغۇل، كېلىن، نەۋرىلىرى چوڭ- كىچىكلىك تەرتىپى بويىچە ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن كارىۋاتنىڭ يېنىدىن تىزىلىپ ئۆتۈشەتتى. بۇمۇ ئۇلارغا ئالۋاڭ بولۇپ قالغانىدى. قوبۇل قىلىش كۈنى يېقىنلىشىۋاتاتتى. پەرزەنتلىرى ئۇنىڭ سىرلىق

كۆزلىرىنى ۋەھىمە بىلەن ئەسلەپ، ئۇزۇق ـ تۈلۈكسىزمۇ ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ بوۋايغا قوزغىلىۋاتقان ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ۋاقىتسىرى ھېس قىلىشقا باشلىدى .

»ئۇ قانداقتۇر بىزلەردەك ئەرزىمەس ئادەملەردىن بولمىسا كېرەك .«

قوبۇل قىلىش كۈنى ئۇلار تور باغلاپ كەتكەن قىيسىق ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. قىسقىغىنا ۋاقىت بەكمۇ ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى. ئۇلار ئىشىك ئالدىدا چىن ئېتىقاد بىلەن قول باغلاپ، باشلىرىنى تۆۋەن سىلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى بوۋاي ئۇلارنىڭ قەلبىدە تېخىمۇ يۈكسەك ئورۇنغا كۆتۈرۈشكە باشلىدى .

ئىشىك ئېچىلمىدى. يەنە بىر قېتىملىق قوبۇل قىلىش كۈنى ئىشىك ئالدىدا كۈتىدىغانلار تېخىمۇ ئاۋۇپ كەتتى. ئىشىك ئۇدا بىر قانچە ھەپتە ئەنە شۇنداق ھەم يېپىقلىق تۇرۇۋەردى. كۈتىدىغانلار بولسا ھەسسىلەپ ئىشىۋاتاتتى. لېكىن كۈتىدىغانلارنىڭ قانچىلىك كۆپىيىشىدىن قەتئىينەزەر ئىشىك مىدىرلاپمۇ قويمىدى. ئۇلارغا ئىشىك مەڭگۇ ئېچىلمايدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى .

ـ ئۇ ئۆلۈپ قالغان بولسا ئىشكنى قانداق ئاچالايدۇ.

بوۋاينىڭ ئەقىلسىز كىچىك نەۋرىسى بۇ گەپنى بىھۇدە ئېيتىپ قويدى. ئەسلىدىغۇ بۇ گەپتىن ھېچبىر يامانلىق ئىپادىلەنمەيتتى. ئەمما بۇ گەپ سەۋرچان كۈتكۈچىلەرنى بىراقلا غەزەپكە كەلتۈردى. ئۇلار بالىنى بىرەر شاپىلاق سىلىۋىلىش ياكى بىقىنىغا كىلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ قىلمىسا بولمايدىغان ئىشىدەك، بۇ ئىشنى قىلغاندىلا بوۋايغا يۈز كېلەلەيدىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇلار بىر- بىرىنى قىستىشىپ، قوللىرىنى سوزۇپ بالىغا ئېتىلاتتى. بالىغا قول تەگكۈزۈۋالغاندىن كېيىن ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك يېنىكلەپ قالاتتى. ئۇرالمىغانلار تىت- تىت بولاتتى. بالا دەسلەپتە يىگەن تاياقلىرى ئۈچۈن چىرقىراپ ئالەمنى مالەم قىلدى. كېيىن ئەسەبىيلەرچە كۈلدى. كىشىلەر شۇندىن بۇيان ئۇنى گومۇش ھالدا ئۈچرىتىپ يۈردى، كېيىن تۇيۇقسىز يوقىلىپ كەتتى- دە، كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتتى .

سەۋر تاقەتكە تولغان كۈتۈش يەنە داۋاملىشىشقا باشلىدى. شۇنداق «خەيرلىك» كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلدى. ئۇلار رەتلىك تىزىلىپ ئۆيگە كىرىشكە باشلىدى. ئۆيگە كىرگەنلەر بوۋايغا ئۆزلىرىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يەرلىرىنى تارتىپ سۆيەتتى. ئەسلى قائىدىدە ئىشىكتىن كىرگەنلەر كارىۋاتنى بىر ئايلىنىۋېتىپ، سەپ بويىچە ئىشىكنىڭ بىر تەرىپىدىن چىقىپ كېتىشەتتى. ئىشىكنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن ئادەملەر ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇراتتى. بۇ قېتىم ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە بولدى. كىرگەنلەرنىڭ بىرىنچىمۇ چىقىپ كەتكۈسى يوق ئىدى. ئۆينىڭ ئىچى بىردەمدىلا قالايمىقان بولۇپ كەتتى. ئۆيگە ئادەملەر مىدىر ـ سىدىر قىلمىغىدەك دەرىجىدە چىڭدالدى. سىرتتىكىلەر بوۋاينىڭ پېشىنى سۆيۈشكە ئالدىراپ تاقەتسىزلىنەتتى. ئۆيگە كىرىشكە ئۇرۇناتتى. بوۋاينىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ھازىرلا چاچراپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ كىرلىشىپ چىرىپ كەتكەن يوتقان- كۆرپىلىرى پارە ـ پارە بولۇپ ئادەملەرنىڭ باشلىرىدا يۈرەتتى. ئۇلار ھەر تەرەپتىن قوللىرىنى سوزۇپ ئالىقىنىغا چىققانلىكى نەرسىنى سۆيەتتى .

بىر چاغدا بوۋاينىڭ بىر تېرە، بىر ئۇستىخىنى پۈتۈنلەي يالىڭاچلىنىپ قالدى. ئۇلارنى ۋەھىمە باستى. قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆكۈنۈشتى. ھۆرمەت قانداق قىلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۆزگىرىپ كەتتى؟. بۇنى ھېچكىم چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. ئۇلاردا قانداقمۇ بوۋاينى بۇلاش نىيىتى بولسۇن؟

ئۇلار پارچىلىنىپ كەتكەن لاتىلارنى يىغىپ بوۋاينىڭ ئۇستىنى ياپتى. ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئەپۇ سوراشلارنىڭ ھېچ ئايىغى چىقمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بوۋاينىڭ مۇردا تۈسىگە كىرگەن چىرايى خۇنۇك نۇر چېچىپ، كۆلۈمسىرەش پەيدا بولدى. كۆزلىرى تېخىمۇ چاقناپ كەتتى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە مەمنۇن بولغان ھالدا قاراپ:

ـ مەن سىلەرنى نا ئۈمىد تاشلاپ كەتمەيمەن، مىنىڭ سىلەرنى تاشلاپ كەتكۈم يوق.... سىلەرنى تەبرىكلەيمەن.... سىلەرنى ئاجايىپ بىر مىراس كۈتۈۋاتىدۇ.... سىلەرنىڭ ھوش- كاللاڭلارغا تەشەككۈر.... ئاپىرىن... ئاپىرىن....

كارىۋات ئۇستىكى ئەسكى- تۈسكى لاتىلار ئارىسىدىن چىققان بۇ تەنتەنىلىك سادا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى. ئۇلار بوۋاينىڭ كارىۋىتى ۋە ئۆينىڭ ئەتراپىلىرىدا پۈكلىنىپ ئولتۇرۇپ بوۋايغا ئۇزۇندىن- ئۇزۇن مەدھىيە ئوقۇدى .

ئەتىسى ئۇلار بوۋايغا گۈل تەقدىم قىلىش ئۈسسۇلى تەييارلاشقا كىرىشتى. بۇ مۇنداق ئۇسسۇل ئىدى: بوۋاينىڭ ئوغۇل، كۈيئوغۇللىرى ساغرىلىرىنى يۇقىرىغا قىلىپ ئۆمىلەيتتى. نەۋرىلەر ئۇلارنىڭ ساغرىسىنى قوللىرى بىلەن چاۋاكلاپ تەڭكەش ئاۋاز چىقىراتتى. قىز ـ كېلىنلەر بۇ ئاۋازغا ماس ھالدا ئۇسسۇل ئويناپ، بىر موللاق ئېتىۋەتكەندىن كېيىن بوۋايغا گۈلنى بېرەتتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ئۇسسۇل مۇشۇ يوسۇندا بولسا ھەقىقىي ھېسسىياتنى ئەينەن ئىپادىلەپ بېرەرمىش .

ئۇلار ئىشكىنىڭ ئېچىلىشىنى يەنە كۈتۈشكە باشلىدى. بۇ ئىشىك يىل ئاتلىغىچە ئېچىلمىدى. كىشىلەر تاقەتتى تاق بولۇپ كۈتۈشتىن تويۇپ كەتتى. لېكىن، بوۋاينىڭ مىراسىغا بولغان قىزىقىش ئۇلارنى ھامان ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ كېلەتتى. ئۇلار ھەر كۈنى ئۆزلىرى كۈتۈپ ئولتۇرغان شۇ مىنۇتنىڭ ئاخىرقى مىنۇت بولۇپ قېلىشىنى تىلەيتتى. ئۇلار ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرغان چاغلىرىدا ئۇلارنى بۇ ئىشىككە باغلاپ تۇرغان ئارغامچىنىڭ ۋاقىتسىرى ئىنچىكىلەپ كېتىۋاتقىنىنى، ئىنچىكىلەپ ھەتتا بىر تال قىلغا ئايلىنىپ قالغىنىنى ھېس قىلاتتى. لەرزان چىقىۋاتقان شامال ئىشكنى سەللا مىدىرلىتىپ قويسا ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى ئېغىپ كېتەتتى .

»سىلەرنى ئاجايىپ بىر مىراس كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ». كىچىككىنە قىل ئۇلارغا شۇلارنى ئەسكەرتىپ، ئاخىرقى چىدامچانلىقى بىلەن ئۇلارنى ئىشىككە مەھكەم باغلاپ تۇراتتى. قىل يەنە «تاقەت قىل، سەن كېتىپ قالغان پەيت ـ ئىشكىنىڭ ئېچىلغان پەيتى بولۇپ قالسا قانداق قىلىسەن» دېگەندەك قىلاتتى. ۋاقىت ئۆتىۋەردى. ئىشكىنىڭ ئېچىلماي تۇرغىنى تۇرغاندى. بوۋاينىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ چاچلىرىغا ئاق ئارىلاشقا، نەۋرىلەرنىڭ بۇرۇتلىرى خەت تارتىشقا باشلىدى. يەنە بىر ئەۋلاد ۋۇجۇدقا كېلىشكە باشلىدى. ئىشىك ئالدىدا كۈتىدىغانلار تېخىمۇ كۆپەيدى. ئەمما،بوۋاي بارسا كەلمەس يەرگە كېتىپ قالغاندەك ئىشىك مىدىرلاپمۇ قويمىدى .

بوۋاينىڭ ئورنى ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھەسسىلەپ ئۆرلىدى. ئۇلارمۇ ئالدىراپ ئىشەنچىنى يۇقىتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، تەڭرى ئۇلارغا جەننەتنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ بەرمەكچى ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ بوۋاي ئۇلارنىڭ تىمتاس ھاياتىغا ئالاھىدە مەنا ئاتا قىلغانىدى .

»بوۋاي بەلكىم ئۆلۈپ قالغاندۇ، ئۆيدە تىرىك جان بولمىسا ئىشكىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈش بىھۇدە ئەمەسمۇ؟«

بۇ خىيال يەنىلا ئاۋۋال كىچىكلەرنىڭ مېڭىسىدە پەيدا بولدى. ئۇلار بۇنى ئېغىزدىن چىقىرىپ سالسا نېمە ئاقىۋەت بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەچكە، ئىچلىرىگە يۇتۇپ يۈرۈۋەردى. ئەمما بۇ ئوي ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەلدەك ئاستا ـ ئاستا چوڭلارنىڭ مېڭىسىدىمۇ پەيدا بولدى. گەرچە ئۇلار ئىشىك ھازىرلا ئېچىلىدىغاندەك ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئولتۇرسىمۇ، بۇ پىكىر خىيالدىن ئۆتمىگەن بىرمۇ كىشى قالمىدى. بۇ پىكىر ئۇلارنى ئىشىككە باغلاپ تۇرغان، ئەسلىدىلا چىرىپ كەتكەن ئەڭ ئاخىرقى بىر تال قىلنى يەپ تۈگەتتى. ئۇلار ئەمدى ئىشىك ئالدىدا تەلمۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ئىشتىن زېرىكىشكە باشلىدى. ئىشكنى بىر ئامال قىلىپ ئېچىپ بېقىش ئۇلارنىڭ ئېسىگە كەلگەن بولسىمۇ، بۇنىڭغا ھەقىقىي جۈرئەت قىلالايدىغان ئادەم چىقمىدى .

قىلنىڭ ئۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ كىشىلەر سەپتىن چۈشۈپ قېلىۋەردى. باشقىلارنىڭمۇ سەپتىن چۈشۈپ قىلىش نىيىتى بولغاچ، ئۇلارنى ھېچكىم سۈرۈشتۈرمىدى. ئىشىك ئالدىغا كېلىدىغانلار كۈنسېرى شالاڭلاپ ئاخىرى بىرمۇ ئادەم قالمىدى .

ئۇلار ئىشىك ئالدىدىكى ئاخىرى چىقمىغان كۈتۈشتىن ۋاز كەچكەن بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر بىر نەرسىسى كەمدەك كۆڭلى يېرىم بولۇشتىن خالىي بولالمىدى. بەلكىم ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ داۋاملىق كۈتۈشكە چىدىماي قالغىنى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى بوۋايغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ھېس قىلغاندۇ، ياكى مىراسقا ئېرىشەلمىگىنى ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتقاندۇ .

كىشىلەر كۈتۈشتىن تامامەن ۋاز كەچتى. بىر ـ بىرى بىلەنمۇ ئۇ توغرىداسوزلەشمىدى. ئۇ ئىش ھەتتا ئۇلارنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى .

بىر كۈنى كېچىچە بوران چىقتى. ئەتىسى «بوۋاينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ قاپتۇ» دېگەن سۆز تارقالدى. ئۇلار قاتتىق ئازابلاندى. ئەمدى بوۋايغا قانداقمۇ يۈز كېلىش مۇمكىن. «كۈتمەي كېتىپ قالغىنىمىزنى بىلگەنمىدۇ؟». ئۇلار ھەر خىل خىياللار بىلەن ۋەھىمىگە چۈشكەندى. ئەمدى ۋاقىتنى سوزۇۋېرىشكە بولمايتتى .

كىشلەر بوۋاينىڭ ئىشكى ئالدىغا يىغىلىپ سەپ تۈزۈپ تۇردى. بوۋايغا گۈل تەقدىم قىلىش ئۈسسۈلىنى ئۇلار ئۆتتۈپ كېتىشكەندى. نېرۋىسى ئەڭ ساز بىر ئادەم بۇ ئۇسسۇلنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەردى. مەشىق قىلىشقىمۇ ۋاقىت يوق ئىدى. ياش ئايالالار ساغرىلىرىنى يۇقىرىغا قىلىپ ئۆملىدى، ئەرلەر ئۇلارنىڭ ساغرىلىرىنى ناغرا ئاھاڭىدا تەڭكەش قىلىپ شاپىلاقلاپ چالدى. ياش بوغۇن- قىز، ئوغۇل، نەۋرە- چەۋرىلەر ئوڭ- تەتۈر سەكرەپ موللاق ئېتىپ گۈل تۇتقىنىچە بوۋاينىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۆينىڭ ئىچى ئەنسىز چۇقان- سۈرەنگە تولدى. ئۇلارنىڭ چىقىشى كىرىشىدىنمۇ تىز بولدى. ئۇلار قايتىپ چىقىپ ئۇدۇل كەلگەن ئادەمگە ئۆزلىرىنى ئاتتى .

ئۇلار ھەر قانچە قىلىپمۇ بالىلارنى سۆزلىتەلمىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچىيىپ كەتكەن بولۇپ، زۇۋانى گەپكە كەلمەيتتى. سەپنى سۇرلۇك جىمجىتلىق قاپلىدى. شۇنچە ئۇزۇن كۇتۇشتىن ھېچ نەتىجە چىقمىغاندەك بۇنداق تۇرىۋېرىشمۇ بىھۇدە ئۆز- ئۆزىنى قىيناش ئىدى. ئەرلەرنىڭ يۈرەكلىكرەكلىرى ئۆزلىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جۈرئەتلەندۇرۇپ ئېھتىيات بىلەن ئۆيگە كىردى. ئۇلار كارىۋاتتىكى يوتقاننىڭ ئۈستىدە ياتقان بوۋاينىڭ كامار بولۇپ قالغان كۆز چانىقىدىكى پارقىراپ تۇرغان نۇرلۇق ئىككى كۆزىگە، چاڭگىلىشىپ كەتكەن ساقال- بۇرۇت ۋە چاچلىرىغا، تىرىلىرى قۇرۇپ تۈگەپ تامامەن يالىڭاچلىنىپ قالغان ئۇستىخانلىرىغا قورقۇنچ بىلەن نەزەر تاشلىدى. ئۇ قۇپ- قۇرۇق ئىسكىلىت ھالەتتە ياتسىمۇ، كۆزلىرىدىن ھازىرلا تۇرۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلار تۇيۇقسىز ئۇنىڭ سىرلىق كۆزلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قاراۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇلار كۆزلىرى چەكچەيگەن، چىرايلىرى كۆكەرگەن ھالدا ئارقىسىغا داجىشقا باشلىدى. ئۇستىخانلار مىدىرلاپ، ئاستا - ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇلارغا ئىنچىكە قوللىرىنى سۇزدى.

- مەرھابا ......

- ئۇلار ئالاقزادىلىك بىلەن ئۆزلىرىنى سىرتقا ئاتتى. ئۇلار ئىشىكتىن چىقىپلا بەدەر قاچتى. باشقىلارمۇ ئۇلارغا ئەگەشتى. بوۋاينىڭ ئۆيىدىن «مەرھابا، مەرھابا» دېگەن ئاۋاز تىنماي ئاڭلىناتتى. پۈتۈن يۇرت پاتىپاراقچىلىققا تولدى. كىشلەر ئىشىكلىرىنى مەھكەم تاقاپ، كۆزلىرى چەڭچەيگەن ھالدا نامەلۇم بىر ئاقىۋەتنى كۈتۈشكە باشلىدى. كىشلەرنىڭ قورقۇنچلۇق چۈشتەك كۈنلىرى ئاشۇ ھالدا ئۇزۇن داۋام قىلدى. ئۇلارغا بۇ كۈتۈشنىڭمۇ ھېچ ئاخىرى يوقتەك تۇيۇلاتتى. كىشلەر تۈن بويى ئىشىكلىرىنىڭ رىتىملىق چېكىلگەن ئاۋازىنى، ئاندىن مىزگاننىڭ ئاۋازىدەك زىل بىر ئاۋازنى ئاڭلايتتى .

- مەن سىلەرنى نائۈمىد تاشلاپ كېتەلمەيمەن، سىلەرنى تاشلاپ كەتكۈم يوق.... ئامىتىڭلارغا ئاپىرىن.... ھۇش - كاللاڭلارغا ئاپىرىن.... ئىشكنى ئېچىڭلار.... مەرھابا.... مىراسنى ئۆيگە كىرگۈزۈڭلار.... سىلەرنى ئاجايىپ مىراس كۈتىۋاتىدۇ....... سىلەرنى قۇتلۇقلايمەن .

ئۇلار بۇلۇڭ- بۇلۇڭدا لاغىلداپ تىترىگىنىچە ئۇنىڭ كېتىشىنى كۈتەتتى. ئۇلار كۈندۈزلىرىمۇ يۈرەكلىك ھالدا سىرتقا چىقالمايتتى. سىرتقا زۆرۈر ئىش بىلەن چىقىسىمۇ ئۆيگە كىرىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. ئۇلار كۈسۈرلىشىپ، ئۇنىڭ كېچىسى كىملەرنىڭ ئىشىكىنى چەككەنلىكىنى، كىمنىڭ دىرىزىسىدىن كېچىچە ماراپ چىققانلىقىنى، كىمنى قوغلىغانلىقىنى ۋەھىمە بىلەن سۆزلىشەتتى .

- يۇرتتىن ئۇنى كۆمۈۋېتىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان بىر ئەرنىڭ چىقمايۋاتقىنى ھەممىدىن يامان بولدى.- دېيىشەتتى ئۇلار .

بوۋاي تۈن قاراڭغۇدا ياكى ئاي دالىدا بەھۇزۇر لاغايلاپ يۈرەتتى. خۇشى تۇتسا ئىشىكلەرنى چېكەتتى. خۇشى تۇتسا ئازادىلىك بىلەن ئۇزۇندىن ئۇزۇن قاقاقلاپ كۈلەتتى.

1989 - يىل 10- ئاي

# ھۇقۇش

كەچ كۈز بولۇپ قالغان بولسىمۇ ھاۋا ئانچە سوغۇق ئەمەس ئىدى. مۇھەممەت يېرىم كېچىدە تەرلەپ- تەپچىرەپ ئويغىنىپ كەتتى. قانچە قىلىپمۇ قايتا ئۇخلىيالمىدى. ئىچى سىقىلىپ تۇراتتى. بەلكىم ئۇنى كۈندە ئاڭلىنىدىغان ئاۋاز ئويغىتىۋەتكەندۇ. ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلغاندەك قىلىۋىدى، قاراڭغۇدا ئۇ ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى. قوش قاناتلىق ئىشىك بارماق پاتقۇدەك ئوچۇق تۇراتتى. يوچۇقتىن سۇس سوغۇق نۇر چۈشۈپ، ئۆينىڭ باشقا يەرلىرىنى قاراڭغۇ كۆرستىپ قويغانىدى. ئەتراپ تىمتاس، چاشقاننىڭ تىرىقشتىقان ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى. باشقىلار ياندىكى ئۆيدە ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ ئوڭدا يېتىپ تورۇسقا قاراپ كەتتى. شۇ تاپتا لىمدىكى قارلىغاچ ئۇۋىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ قايتا دۈم يېتىپ، ئىشىك يوچۇقىدىن سىرتقا قارىدى. ئۇ تېخى بايىلا يوتقانغا چىڭ پۈركۈنىۋالغانىدى. شۇ چاغدا قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى سىرتقا تارتقاندەك قىلغانىدى. بىراق قەيېرىدىن تۇتۇپ تارتقانلىقىنى ئىلغا قىلالمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ تارتىلغانلىقىغا ياكى جەلپ قىلىنغانلىقىغا بەك ئىشىنەتتى. ئالدىدا چاقىردى. لېكىن نېمىدەپ چاقىردى؟ ئاۋاز قانداق؟ ئۇ ھېچ نەرسىنى دەپ بېرەلمەيتتى. ئاۋاز ئەرنىڭمۇ ياكى ئايالنىڭمۇ ئۇنىمۇ بىلەلمىدى. ئىشقىلىپ مۇھەممەت دېگەن ئىسمىنىڭ بىر بوغۇمى ياكى باش ھەرپى رىتىملىق ھەم ئۈزۈلۈپ- ئۈزۈلۈپ ئاڭلانغاندەك قىلغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چاقىرىلغىنى چوقۇم مېنىڭ ئىسمىم دەپ ئويلىدى. ئۇ بىرەرسىنىڭ مۇنداق تاۋۇش چىقىرالىشىغا ئىشەنمەيتتى. ئاۋازدا ئادەمنى ئۆزىگە تارتىدىغان بىر خىل كۈچ بار ئىدى. بۇ زادى نېمە ئىشتۇ؟ ئۇ ئاۋاز ئىشىك قىسىلچىدا يېرىم قىسىلىپ قالغاندەك چىققانىدى. ئۇنىڭغا بىرى ئىشىك ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرغاندەك، ئۆزىنىڭ بىئارام بولۇپ، رىتىمسىز سوقۇۋاتقان يۈرەك تاۋۇشىنى تىڭشاۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. مۇھەممەت دۈم ياتقان پېتى ئۇزاق تىڭشىدى. ئەتراپ يەنىلا جىمجىت، ھېچقانداق ئاۋاز يوق. ئۇنىڭ نېرىپىلىرى چارچاپ مۇنداق دىققەتتە تۇرۇشتىن زېرىكتى. ئۇ ياستۇق تېگىدىكى پىچاقنى سىلاپ قويدى.

كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنغۇدى، ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. ‹كۆزۈمنى ئاچماسلىقىم كېرەك، بولمىسا يەنە يىتتۈرۈپ قويىمەن› دەپ ئويلىدى ئۇ. بىراق شۇ تۇيغۇغا كەلگەن ھامان ئاۋاز قۇلاق تۈۋىدىن غايىپ بولدى. ئۇ چۆشمۇ كۆرمىدى، ئۇنى قارىمۇ باسمىدى. يەنە شۇ كۈچ سىرتقا ئاستا سۆرەيتتى. سىرتتا شامال بولمىسىمۇ ئىشىك قانتى بىلىنەر- بىلىنمەس لىڭشىپ تۇراتتى. بۇنى ئىشىك يوچۇقىدىن كىرگەن نۇرنىڭ بىردەم يوغىناپ، بىردەم تارىيىشۋاتقانلىقىغا قاراپ بىلدى. بۇ كىم؟ ئاۋازچۇ؟ كۆرۈنمەس بىر مەخلۇقمۇ ياكى تۇيغۇمۇ؟ ھەممىسى ئەمەس. بىراق شۇنداق بىر نەرسە چوقۇم بار. ئۇ بۇنىڭغا بەك ئىشىنەتتى. ئىشىك ئالدىدا ئۇن- تىنسىز تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟ مۇھەممەت سىرتقا چىقىپ قاراپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. خىيالىغا ئالۋاستىلار كېلىۋېلىپ ئۇنى ساراسىمگە سېلىپ قويدى. ئۇ يەنە يوتقانغا پۈركىنىۋالدى. خىيال، تەشۋىشلەر ئۇنى قويۇپ بەرمىدى. يوتقان ئىچىدە بەدەن پۈرىقى پۇراپ تۇراتتى. راست، ئۇنىڭ پۈرىقى بارمىدۇ؟ ھەي، ئۇ بىچارە ئىشىك تۈۋىدە كېچىچە ساقلاپ مەندىن زادى نېمە كۈتىدىغاندۇ؟

*　*

ئىككىچى كۈنى ئاخشىمى ئۇ ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچالماي تۇراتتى. تېنى مۇزلاپ پۈتۈن ئەزايىغا تىترەپ ئولىشىپ كەتتى. ئۇنى يەنە بىر خىل يېقىملىق ئاۋاز چاقىردى. سىرتقا تارتقاندەك قىلدى. ئۇ يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ پەسكە چۈشتى ۋە ئارىسالدى بولۇپراق ئىشىكنى ئاچتى. سىرت سوغۇق ھەم سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ، بارلىق تەشۋىشلەر يوقالدى. ئۇ ئازادە بولۇپ قالدى. ئازراقمۇ توڭلىغاندەك قىلمىدى. كۈندۈزدىكى قالايمىقان ئىش- ھەرىكەتلەردىن چارچىغان نېرۋىسى يارقىنلىشىپ كەتتى. بىرى ئۇنى يېتىلىۋالدى. ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلالمىدى. پەقەت بۇرنىغا بىر خىل گۈلنىڭ ھىدى پۇرىدى. قايسى گۈلنىڭ ھىدى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى.

ئۇ ھويلىدىن چىقىۋاتقىنىدا تۇگۈلۈپ ياتقان ئىت بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويدى. كەڭ دالا ۋە يالىڭاچلىنىپ كەتكەن دەل- دەرەخلەر ئاي نۇرىدا ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. بىلىنەر- بىلىنمەس شامال چىقىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى قۇشتەك يېنىك ھېس قىلدى. ئۇ ئېتىز قىرلىرىدا ماڭدى. قۇرۇپ قالغان يانتاق- خوخىلاردىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمايتتى. ئەتراپ قاغجىراق ھالەتتە كۆرۈنەتتى. تورغاي ئۇۋىسى يېنىدىن ئۆتكەندە تورغايلار ئۈچۈپ كەتمىدى. ئۇ ئۇلارغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويدى. قويۇق بىر پارچە جىگدىلىكتىن ئۆتتى. شاختا قالغان جىگدىلەر ئاي نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى. يۇلغۇن، يانتاقلىق دالىغا چىقتى. مۇھەممەتنىڭ كۆڭلىنى چەكسىز ئازادىلىك قاپلىۋالدى. ئۇنى مۇنداق ھوزۇرلاندۇرغان كىمكىنە؟ سەزگۈز ئەزالىرى ئۇنى يۇمشاق بىر قولنىڭ ئۆزىنى يېتىلەپ مېڭىۋاتقانلىقىغا ئىشەندۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۇنى قۇچاقلىۋالغۇسى كەلدى. بىراق ئۇنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى. ئۇ ئۆزىنى ھازىرلا ئاي نۇرىغا سىڭىپ كېتىدىغاندەك سەزدى.

ساينىڭ بىر چېتى كەڭ توغراقلىقىقا تۇتىشىپ كەتكەنىدى. ساقاللىق بىرى ئۈچۈپ قالغان گۈلخان يېنىدا تىزىنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ ھېلىلا ئۇخلىغان بولسا كېرەك، قولىدا سۇس ئىس چىقىپ تۇرغان تاياق تۇراتتى. ھارۋا چاقىغا باغلاپ قويغان قېرى ئىتمۇ ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ قويىنىدا ئىككى كۈچۈكى تۇراتتى. ئۇلارمۇ تولا سوكۇلداپ ھېرىپ كەتكەندەك ئىدى. ئۈستى يېپىقلىق ھارۋىدا چىرايلىق بىر ئايال لەۋلىرىنى يېرىم ئېچىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ شىرىن چۈش كۆرۈۋاتسا كېرەك، لەۋلىرىدە ئىللىق كۈلۈمسىرەش جىلۋىلىنەتتى. مۇھەممەتنىڭ سۆيۈپ قويغۇسى كەلدى. بىراق، يېتىلىنىپ كېتىپ قالدى. ئۇ ساقاللىق دېۋانىنى بوۋىسىغا ئوخشاتتى. بوۋىسى دائىم ئاشۇنداق ئۇخلاپ قالاتتى. بوۋىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ھازىرغىچە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ ماڭاتتى. نەگە بېرىشنى ئويلىمايتتى. پەقەت ماڭغۇسىلا كېلەتتى. ئۇ دېڭىزغا ئوخشاش كەڭ كەتكەن سۇ بويىغا كەلدى. سۇ ئاجايىپ سۈزۈك ئىدى. ئاي نۇرى سۇ يۈزىگە كۈمۈشتەك نۇرلىرىنى سەپكەنىدى. سۇ يۈزىدە ئازراقمۇ داۋالغۇش يوق ئىدى. تېخى مۇز تۈتمىغانىدى. ئۇ قىرغاققا يېقىن كەلگەندە سۇ لېۋىگە كىلىۋالغان بېلىقلار قاچمىدى. ئۇ ئاستا مېڭىپ سۇغا كىردى. سۇ سوغۇق ئەمەس ئىدى. تىزىغىچە، بېلىگىچە كىردى. سۇ ئاخىرى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە كەلدى. ئۇ ئاستا غۇلىچىنى كېرىپ ئۈزدى. سۇ ۋىلىقلاپ كۈلگەندەك ئاۋاز چىقىراتتى. ئۇ بېلىقلارنىڭ بەدىنىنى غىدىقلاپ ئۆتكىنىنى سەزدى. ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ بىردەم تۇردى. بۇ دۇنيادا پەقەت ئاسماندىكى ئاي ۋە ئۆزى باردەك ھېس قىلدى. ئۇ ئالدىچىلاپ ئۈزۈپ سۇ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىردى. سۇ ئىچى سارغۇچ كۆرۈنەتتى. بېلىقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بېلىقلارنىڭ كۆپى ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ نەپىسى قىسىلمىدى. ئۇ قانداقلا ئۈزمىسۇن سارغۇچ يۇمىلاق شارچە ئىچىدە تۇرغاندەك بىلىنەتتى. ئۇ سۇ يۈزىگە چىقىپ قارىۋىدى، قىرغاق ناھايىتى يىراقتا قاپتۇ. ئۇنىڭ مۇشۇ يەردىلا ئۆلۈپ كەتكۈسى كەلدى. ‹مەن سۇغا چۆمۈلمىگىلى ئۈزۈن بوپتىكەن، يۇيۇلۇپ ئاي نۇرىدەك سۈپسۈزۈك بولۇپ كەتتىم› دەپ ئويلىدى.

باللىق چاغلىرىدا تولا سۈغا چۈشىدىغان لاي سۇدا بولىسمۇ مەيلىتى، بىراق ئۇ چاغلاردا مۇنداق يالغۇز، مۇنداق راھەتتە چۆمۈلۈپ باقمىغانىدى.

زادى كىمدۇ مېنى چاقىرىۋاتقان، ئۇ ئېشىك يېنىدا ئۇن- تىنسىز تۇردى. قىشنىڭ سوغۇق كېچىلىرىمۇ، يازنىڭ دىمىق كېچىلىرىمۇ تۇردى. باشتا ئۇنى خاتا تۇيغۇم ياكى چۈشەكەش دەپ ئويلىدى. ئاخىرى ئۇنى تەبىئەت قوينىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ نېمە قىلىدىغاندۇ؟ ئۇ يالغۇزلۇق ھېس قىلمايتتى. شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ سەگەك، نورمال ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى. بەدىنى ئىللىق ھارارەتنى سېزەتتى. ئۇنىڭدىكى يۇرت- ماكان، ۋاقىت- پەسىل چۈشەنچىسى تۇتۇقلىشىپ كەتتى. ھېچقانداق روھىي بېسىم، تۇرمۇش غەملىرى قالمىدى. مەڭگۈ مۇشۇنداق بولسا، ھەرگىز كۆن چىقمىسا، دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ. بىراق ئۇ چاغدا نېمە قىممىتى؟ ياشاشنىڭ ئۆزى باشقىلار كۆرگەن چاغدا ئاندىن ئىسپاتلىنامدۇ؟

مۇھەممەت بۇ سەھرانى كۆرگەندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەگرى- بۈگرى كوچىلاردا مېڭىپ يۈردى. بىرەر ئىتمۇ قاۋاپ ئالدىغا چىقمىدى. ئۆيلەر پاكار- پاكار، بىر خىل تەرتىپسىزلىكنى ئەسلىتەتتى. ئەتراپتىن چارۋىلارنىڭ قىغى پۇراپ تۇراتتى. باغلار ئاللىبۇرۇنلا يالىڭاچلىنىپ قالغان بولۇپ، غەمكىن كۆرۈنەتتى. بىرەر ئاچ قالغان قويمۇ مەرەپ قويمىدى. مەھەللە سىرتىغا چىققاندا ئۇنىڭغا كەڭ كەتكەن مازارلىق ئۇچرىدى. ھەممە يەر ئېگىز- پەس ئىدى. ئۇ توختاپ قالدى. قۇلىقىغا شۇۋىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ تويۇقسىز ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلدى. يۈرىكى مۇزلىغاندەك بولۇپ، تىترەپ كەتتى. مازارلىقتىن چىققان ئەرۋاھمىدۇ؟ ئۇ مېڭىشنى ياكى جايىدا تۇرۇشنى بىلمەي، بېشى قېتىپ تۇرۇپ كەتتى. كۆزىدىن ياش چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى. كېيىن ھالسىزلىنىپ ھاردۇق يېتىپ قالغاندەك ئولتۇرۇپ قالدى. شۇۋىرلىغان ئاۋاز توختىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بايىقى چېچىلىپ ياتقان سۆڭەكلەر كۆرۈنمەيتتى. پەقەت چوڭ گۈمبەزلەرگە سانچىپ قويۇلغان تۇغلار بۇ يەردە باشقا رەڭنىڭمۇ بارلىقىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن سانچىپ قويۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. ئاي نۇرى قەبرىستانلىقنى تېخىمۇ تاتىراڭغۇ قىلىپ قويغانىدى. بىرى توپا دۆۋىسى ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. مۇھەممەت ئۇنىڭ يېنىغا بېرىۋىدى، ئۇ مىدىرلاپمۇ قويمىدى. ئۆزىنىڭمۇ قورقمىغىنىدىن ھەيران قالدى. ئۇنىڭ نېمىدۇر بىر نەرسىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانلىقىنى ياكى دۇئا- تىلاۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدى؟

بۇ شەھەر تونۇشلا كۆرۈنەتتى. كوچىلاردا ئاي نۇرى تۇتۇقلاشتۇرۇۋەتكەن چىراقلار غۇۋا يېنىپ تۇراتتى. ئەتراپتا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. بىنالار ئارىسىدا ئېغىر تۇمانلار لەيلەپ تۇراتتى. ئۇ بۇ يەردە بۇرۇن ماڭغاندەك ھېس قىلدى. لېكىن قاچان ماڭغانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى. چوڭ بىر دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، چىغىر يولنى بويلاپ ماڭدى. ئەتراپتىكى ئورمانلىق، قارىغايلار يەنىلا قارىيىپ تۇراتتى. تېرەكلەرنىڭ يوغان غوللىرى ئاقىرىپ پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزى تۇۋىدىن ئاچا ئۆسكەن بىر تۈپ تېرەككە چۈشتى. ئۇ خۇددى پۈتىنى ئاسمانغا قىلىپ تۇرغان ئادەمگە ئوخشاش كۆرۈنۈپ كەتتى. سەل ماڭغاندىن كېيىن ھەر خىل دەرەخلەر ئۇچرىدى. ئۇ بۇلارنىڭ نېمە دەرەخ ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمىدى. راۋاقلار ئۇچرىغاندا چىغىر يوللار ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ كېتەتتى. ئېرىقلاردىكى سۇ جىمجىت ئېقىپ، خۇددى جىمجىتلىقنىڭ ئۈزۈلۈشىنى ئەسلىتەتتى. قۇرۇپ كەتكەن بىر كۆلچەكتىن ئۆتكەندە ساراي ئۇچرىدى. سارايىنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق ئىدى. قوبۇلخانىسىدا ھېچكىم يوق ھەم ئاياغ ئىزلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. خۇددى ئەزەلدىن ئادەم كىرىپ باقمىغاندەك سۈكۈت باسقانىدى. خانە ئىچىدىن ئۆزىنىڭ ئاياغ تىۋىشىمۇ ئاڭلانمىدى. تۆت ئەتراپىغا يوغان دىۋانلار قويۇلغان، تامغا ھەر خىل رەسىملەر ئېسىلغانىدى. ئۇلارنىڭ قايسى دەۋردىكى ياكى قايسى ئېقىمدىكى ئەسەرلەر ئىكەنلىكىنى ئۇققىلى بولمايتتى. بىرىدە تۆكۈلۈۋاتقان يوپۇرماقلار ۋە ئېقىۋاتقان ئېرىقلار بار ئىدى. ئۇ بۇ رەسىملەرنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. تامنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە چالغۇ ئەسۋابلار تۇراتتى. باش تەرىپىدە ساتار بار ئىدى. ئۇ ساتار ئاۋازىنى تازا ياقتۇرمايتتى. ئۇنىڭ ئىڭرىغاندەك چىقىدىغان ئاۋازىدىن زوق ئالالمايتتى. ئۇ بۇ خانىدىن ئۆتۈپ قۇپقۇرۇق، بېزەكسىز يەنە بىر خانىگە كىردى. ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇرغاچقا ئۆي يوپيورۇق كۆرۈنەتتى. ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئىشكاپتەك بىر نەرسە تۇراتتى. يېقىن بېرىپ قارىۋىدى، ئۇ بىر رويال بولۇپ چىقتى. زالدا قانداقتۇر بىر خىل مۇزىكا ئاۋازى باردەك قىلاتتى. ئاۋاز بارغانچە كۈچەيدى. مۇھەممەت ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. مۇنداق مۇزىكىنى ئۇ ئاڭلاپ باقمىغانىدى. لېكىن كۆڭلىدە شۇنداق بىر مۇزىكا باردەك ئىدى. مۇزىكىدا بىر ئاھم تەسۋىرلىنىۋاتاتتى. ئۇ ئادەمنىڭ باتۇر، ئالىيجاناپ، بارلىق قىممەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى گەۋدىلىنىۋاتاتتى. ئىشقىلىپ بۇ بىر غايىۋى ئادەمدەك ئىدى. مۇزىكا ئاۋازى پەسلەپ بارغانسىرى يىراقلاپ كەتتى ۋە چۈشىنىكسىزلا يوقاپ كەتتى. ئۇ ھودۇقۇپ كەتتى. سەلدىن كېيىن يېنىك قەدەم تىۋىشى ئاڭلاندى.

سىرتقا چىققاندا ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر خىل مەيۈسلۈك قاپلىۋالدى. ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن گۇمانلىنىپ قالدى. بىر توپ ھۇقۇش كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار زۇلمەتنىڭ كېتىپ، يورۇقلۇقنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە ئىشىنەلمەيۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغا بۇ بۇرۇقتۇرمىلىق ئېغىر كەلدى. مۇھەممەت بارغانچە ھۇقۇشنىڭ ھۇۋلىشىنى كۈتتى. بۇ قەدىمى جىمجىتلىقنىڭ بۇزۇلۇشىنى كۈتتى. ھېچقانداق ئاۋاز يوق. ئۇلار خۇددى مازارلىقتا ئەرۋاھنىڭ ھېكايىسىنى ياكى مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ئىدى. بىر چاغدا مەجبۇرلىغاندەك مېڭىپ كەتتى. ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە بىر ئادەم ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەندى. ئەتراپتا قاڭسىق پۇراق پۇراپ تۇراتتى. ئۇ يەردە ياتاتتى. ئۆلۈپ قالغان بولمىسۇن يەنە، دەپ ئويلىدى ئۇ. ئارقىدىن «ئۆلۈپ قالمايدۇ» دېگەندەك ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇنىڭ كەيپىياتى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاي يەرگە سوغۇق نۇرىنى سىڭدۈرەلمەي، ئۆزى سەل غۇۋالىشىپ قالدى. تەبىئەت شۇ پېتى قېلىۋەردى. ھېچقانداق نەرسىدە ئۆزگىرىش بولمىدى. ھوقۇشمۇ ھۇۋلىمىدى، مۇھەممەت بىر نەرسىنى سورىماقچى بولدى. تىلىنىڭ ئۇچىدا بار ئىدى. لېكىن چىقىرالمىدى. تىت- تىت بولۇپ كەتتى. نېمىنى سورايدىغان بولغىيتتى؟ ئۇ ھەممىنى ئۇنۇتتى، يەنە نېمىنى سورىماقچى؟

مۇھەممەت ئۆزىنى ھويلىدا كۆردى. ئىتى كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇگۈلۈپ ياتاتتى. تورغايلارنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. يۈرىكى قاتتىق ـقاتتىق سوقۇپ كەتتى. تەستە مېڭىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆي ئىچىدىن «كىم» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

**1990- يىلى ئەتىياز**